# بۇلاق

# BULAK

1992



www.uyghurkitap.com








ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abduleelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

13-يىل نەشرى

ئومۇمىي 38-سان

1992

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەھمەتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

قۇتلۇق

# بۇلاق

1992 - يىل 1 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«شاھنامەئى تۈركىي» دىن ........................................ (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەھمىتۇللا جارى
نىزارى مۇخەممەسلىرى ................................................ (27)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
سەيفۇل - مەلىك ۋە بەدىئۇل - جەمال........................مەجلىسى (82)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىسرائىل يۈسۈپ، سۇلايمان يۈنۈس

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئىبنى سىنا شېئىرلىرىدىن.......................................... (107)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ...... (117)
دىلبەر روزىيېۋا
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت جۈمە

### مەشھۇر كلاسسىكلار

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم نەسرىدىن ئەل - تۇسى......قۇتلۇق قادىر (129)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


شاھزادە بەھرام ۋە مەلىكە دىلرىز (داستان) .................................. (131)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھەمىت

شاھ ئادىلخان (چۆچەك)........................................................ (143)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان

سەنەۋبەرگۈلگە نىمە قىلدى، گۈل سەنەۋبەرگە نىمە قىلدى (چۆچەك)............(147)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەخەت ھاشىم

رىۋايەتلەر...........................................................................(165)

ئۇيغۇر چىلاشتۇرغۇچى: ھەسەن سىلىم

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ..............................................................(171)

تاللاپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

بېيىت ـ قوشاقلار ....................................................................(175)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەنۋەر مەتسەيدى

چاغاتايچە لۇغەت ....................................................................(178)

نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقى خاتىرلەندى ......... جۇرئەت كامىل (208)


*　　　　　*

رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.

تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىۋ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: «تاھىر ۋە زۆھرا» داستانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت — زۆھرا (رەسسام: پەن دىڭدىڭ).

ئىككىنچى بېتىدە: نىزارى مۇخەممەسلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.

ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: ئەلىشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقىنى خاتىرلەش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر (ھېسامىدىن ھاجى فوتوسى).

# «شەھنامەئى تۈركىي»دىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەھمىتۇللا جارى

مۇھەررىردىن: «شەھنامە» مەشھۇر پارس شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادى 940–941- يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، مىلادى 1025-يىلى ۋاپات بولغان.) تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۈيۈك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ۋە شان-شۆھرىتىمۇ مىڭ يىللاردىن بېرى ئۈزۈلمەي ساقلىنىپ ۋە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ بۇ ئەسەر تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى قىسسىلەر خەلقىمىز ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ، كلاسسىك ئۇيغۇر فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا يەنىمۇ كۆرۈنەرلىك ھالدا تەسىر كۆرسەتكەن.

«شەھنامە» ئەسىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا XVIII ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر ھۆكۈمدارلاردىن خوجا جاھان ئەرشى (مىلادى 1685—1756)نىڭ تەشەببۇسى بىلەن پارسچە نەزمىي مەتنىدىن تۈركىي تىلغا نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىنىش باشلانغان. بۇ ئىش تالانتلىق ئەدىب ۋە تەرجىمان شاھ مۇھەممەد ئىمىنئاخۇن (تەخەللۇسى: شاھ ھىجران) ئىبنى خوجا نىزامىددىنغا تاپشۇرۇلغان. شاھ ھىجران زور شىجائەت بىلەن بۇ ئىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. موللا خاموشئاخۇن يەركەندىنىڭ ئەسلەتمە بېرىشىچە، ئاخۇن موللاشاھ ھىجران يەركەن شەھىرىدە «شەھنامە»نىڭ كۆپ قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ بولغان ۋە بۇ «تۈركىي شەھنامە» ئەتراپىقا تونۇلۇپ، شۆھرەت قازىنىۋاتقان بىر چاغدا، بىرمۇنچە باشباشتاق كىشىلەر تاغ ئىچىگە يىغىلىپ، بىرىنى ئۆزىگە سەردار قىلىپ، پايتەخت يەركەنگە بېسىپ كىرگەن. شۇ قېتىمقى جەڭدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆلگەن. شاھ ھىجرانمۇ ئاشۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ زايا بولغان. يەنە بىر قىسمى پارچە - پارچە ھالەتتە خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن.

ھىجرىيە 1194-(مىلادى 1780-) يىلغا كەلگەندە، ئەمىر مەئىدىيار ناملىق يەنە بىر ھۆكۈمدارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن موللا خاموشئاخۇن يەركەندى شاھ ھىجراننىڭ تەرجىمىلىرىنى رەتلەش ۋە كەم قىسمىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. موللا خاموشئاخۇن

يەركەندى شاھ ھىجران ئىشلىگەن تەرجىمىنى رەتلەپ بىر كىتاب قىلغان، ئۆزىنىڭ تەرجىمىلىرىنى يەنە بىر كىتاب قىلغان. خاموشئاخۇن ئۆز تەرجىمىسىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن، شاھ ھىجرانغا ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شاھ ھىجراننىڭ ئۆلۈمىنى ناھايىتى قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى «بىجەن نەۋجۇۋان» داستانىدىن باشلاپ «ئىسكەندەرنامە»نىڭ ئاخىرىغىچە تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىدۇ. خاموشئاخۇن ئۆز تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلغان بىر شېئىردا ئىككىنچى كىتابنىڭ تەرجىمىسى ھىجرىيە 1211-يىلى (مايمۇن يىلى) مۇھەررەم ئايىنىڭ 10- كۈنى (جۈمە كۈنى) تامام بولغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ۋاقىت مىلادى 1796-1797- يىللارغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، خاموشئاخۇن بۇ ئىشنى 16، 17 يىلدا تاماملىغان. يۇقىرىقى ئىككى نەپەر تالانتلىق ئەدىبنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە «شەھنامەئى تۈركىي» ناملىق بۇ زور ھەجىملىك نەسرىي ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. «شەھنامەئى تۈركىي» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەسرچىلىك ۋە تەرجىمە ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن بىر زور نامايەندە. مۇھەممەد ئىمىنئاخۇن شاھ ھىجران بىلەن موللا خاموشئاخۇن يەركەندى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىستېداتلىق ئەدەبىي تەرجىمانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللار كەمچىل. شۇڭا بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. «شەھنامەئى تۈركىي» ھازىر نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ. تەھرىر بۆلۈمىمىز بۇ كىتاب نەشرگە بېرىلىشتىن ئىلگىرى ژۇرنىلىمىز سەھىپىسىدە ئۇنىڭدىن ئازغىنا نەمۇنە بېرىشنى لايىق تاپتى.

## زەھھاكنىڭ فەرىدۇننى چۈشىدە كۆرگەنلىكى

ھېكايە سۆزلىگۈچىلەر ۋە قىسسەلەرنى شېئىرىي سۆز بىلەن نەقىل قىلغۇچىلار ئانداق خەۋەر بېرىدۇكى، جەمشىد زەھھاكنىڭ قولىدا ھالاك بولغان چاغدا، ئىپپەت پەردىسى ئىچىدە ساقلانغان ئىككى سىڭلىسى بار ئىدى.* ھەر ئىككىلىسى ئاي يۈزلۈك نىگار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى سەرۋناز، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئەرنەۋاز ئىدى. بۇ ئىككى قىزنى زەھھاك ئوردا مەلىكىسى قىلغانىدى. زەھھاك شەيتاندىن ئۆگەنگەن بارلىق سېھىرگەرلىكنى بۇ ئاي يۈزلۈكلەرگە تەلىم بەرگەنىدى. ئالەم ئىچىدە جادۇگەرلىكنى، ئىبلىس تەلىمىنى يايغان بىردىنبىر كىشى زەھھاك ئىدى. بىر كېچە زەھھاك ئەرنەۋازنىڭ ھۇجرىسىدا ياتقانىدى. چۈشىدە ئۈچ كىشى پەيدا بولدى. بۇلار زەھھاكنىڭ تەختىگە يۈزلىنىپ، جېنىغا قەست قىلدى. بىرى چوڭ ياشلىق، بىرى ئوتتۇرا ياش، يەنە بىرى يىگىت ئىدى. ياش يىگىت قولىغا ئۆكۈز باش ئۇمۇدىنى تۇتقان ھالدا ھەيۋەت بىلەن زەھھاكنىڭ بېشىغا

* قولىمىزدىكى قوليازمىدا' جەمشىدنىڭ سىڭلىلىرى دەپ يېزىلغان. بەزى نۇسخىلاردا «جەمشىدنىڭ قىزلىرى» دەپ يېزىلغانت.

كەلدى، ئۇنى ئايىماي ئۇرۇپ، تەختىدىن يىقىتتى. قول-پۇتىغا كىشەن سېلىپ باغلاپ، دېمۇۋەند تېغى چوققىسىغا سۆرەپ ئېلىپ باردى.

بۇ چۈشنىڭ قورقۇنچىدىن زەھھاك «ۋاي» دەپ قاتتىق بىر ئاھ تارتىپ، ئويغىنىپ كەتتى.

— نېمە بولدى، نېمىشقا مۇنداق ئاھ تارتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەرنەۋاز.

زەھھاك چۈشىنىڭ كەيپىياتىنى بايان قىلدى.

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى مەلىكە، — بەزى چۈشنىڭ ئەتىۋارى يوق. ئەگەر بولسا، ئازغىنا خاپىچىلىقتىن كېيىن ھەممە ئىش تۈگەيدۇ.

زەھھاك مەلىكىنىڭ بۇ تەسەللىسىگە قايىل بولماي، تاڭ يورۇش بىلەنلا ئورنىدىن قوپۇپ، كۆڭۈلسىز ھالدا تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. جىمى دانىشمەن تەبىرچىلەرنى، چۈش ئۆرۈگۈچىلەرنى يىغىپ، كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلىپ، تېز تەبىر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تەبىرچىلەر چۈشنىڭ ماھىيىتىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇ بەتبەختتىن قورقۇپ، جاۋاب بەرمەس ئىدى. ئەمما زەھھاك دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئۈچ كۈنگىچە چۈشۈمگە تەبىر بېرىڭلار، ئەگەر تەبىر بەرمىسەڭلار، ئەھلى ئايال، بالا-چاقاڭلار بىلەن ۋىدالىشىپ كېلىڭلار، — دېدى.

تەبىرچىلەر بىر پىكىرگە كېلىشتى: راست ئېيتماقتىن بۆلەك ھېچ ئىلاج يوق.

نەزمە

دېدى بىر مۇئەببىر بەسى خۇردەدان،
دېدى تۈز دېمەك سۆزنىگەر چىقسا جان.
كىشى سۆزلىسە راست، تاپغاي نەجات،
غەلەت سۆزدە مەزكۇر قەتئىي ھەيات.

جىمى دانىشمەنلەر ئۈچىنچى كۈنى زەھھاك ھۇزۇرىدا ھازىر بولدى.

— قېنى، جاۋابىڭلار قانداق؟ — دەپ سورىدى زەھھاك.

— ئەي شاھ، راست جاۋاب بېرەيلى دېسەك، سەندىن قورقىمىز. شۇنداق بولسىمۇ راستىنى ئېيتساق، پادىشاھ قەھمۇرەس ئەۋلادىدىن فەرىدۇن ئاتلىق بىر كىشى جىمى ئالەمنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ، سېنىڭ پادىشاھلىقىڭغا زاۋاللىق يەتكۈزىدۇ.

نەزمە

بۇ دانىش ئېلى ئىچرە بىر تېز ھۇش،
تۈشۈرگەن كۆڭۈلگە سەراسەر خۇرۇش.
خىرەدمەند بىدار زىرى لەقەب،
بارى ئەقىل ئىچرە نېكۇ نەسەب.
كى ئول دېدى: ئەي خۇسرەۋى نام جۇي،
بەسى قىلماغىل ئەمدى سەن گۇفت گۇي.
ئەمەس كىمگە مىراس بۇ شاھلىق،
ھەممە مۈلكلەردىن ئاگاھلىق.
جەھان داراسىدىن بىرۇن كۆپ ئىدى،
كى تەختى شەھى ئۆزرە مەرغۇب ئىدى.
بارىبدۇر ئۇلار ھەم غەمى دەرد ئىلە،
بېرىپ جانلارىن بىردەمى سەرد ئىلە.
خۇرۇج ئەيلەگەي بىر شەھى نامدار،
سېنى ئەزل ئېتىپ ئول بولۇر پايدار.
ئاتىدۇر فەرىدۇنى فەررۇخ نەۋاد،
بەسى پاك گەۋھەر، بەسى پاك زاد.

ئەلقىسسە، زەھھاك بۇ سۆزنى ئىشىتكەچ بىخۇد بولۇپ تەختتىن يىقىلدى. يەنە ھوشىغا كېلىپ:

— بۇ ئىشنى ئەمدى نېچۈك بىر تەرەپ قىلاي؟ — دېدى. تەبىرچىلەر دېدى:

نەزمە

جەھان ئافەرىنىكى جەھاندار ئول،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەگەر كىمنى شاد ئەتسە مۇختار ئۇل،
بىرەۋگە بېرىپ لەھزەدە ئۇل زەفەر،
بېرۇركىم ئاڭا تاجۇ زەررىن كەمەر.

ئەلقىسسە، زەھھاك: نېمە ئۈچۈن فەرىدۇن بۇنداق خۇسۇمەت-ماجىرانى تۇغدۇرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟—دەپ سورىدى.

— ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلىسەك،—دەپ جاۋاب بەردى دانىشمەنلەر،— سەندىن كۆپ زۇلۇملار سادىر بولدى.

زەھھاك بۇ سۆزنى ئىشىتكەچ، ئۆتكۈزگەن يامان ئىشلىرى سەۋەبىدىن خىجىل بولۇپ تۇرغاندا، شەيتان تۇسقۇن بولۇپ، يەنە پىتنە ئىشىكىنى ئاچتى.

— بۇ ئادەم مەزكۇر ئالەم ئىچىدە بارمۇ-يوقمۇ؟—دەپ سورىدى زەھھاك ئىككىنچى قېتىم.

— تېخى ۋۇجۇدقا كەلمەپتۇ،—دېدى تەبىرچىلەر،— ئاتا پۇشتىدىن ئانا ھامىلىدارلىقىغا ئۆتمەپتۇ.

— ئۇ بالايىئاپەت قاچان پەيدا بولىدۇ؟

دانىشمەنلەر ئۈچ كۈننى مۇئەييەنلەشتۇردى. زەھھاك شۇ ئۈچ كېچە ئۆتۈپ كەتكۈچە ئەر كىشىلەر خوتۇنلىرى بىلەن يېقىنلاشمىسۇن، دەپ يارلىق قىلدى. بارچە ئەر كىشىلەرنى شەھەرنىڭ تاشقىرىسىغا چىقىرىۋەتتى. خوتۇن كىشىلەرنى شەھەر ئىچىدە ساقلاشتى. ئەمما بۇ چاغدا قەھرىمانىنىڭ نەۋرىسى ئاتىبىن زەھھاك لەشكىرىنىڭ سىپەھسالارى * بولۇپ، كېچە-كۈندۈز زەھھاكنىڭ قېشىدا قاراۋۇللۇق قىلاتتى. ۋاقىت زەھھاكنىڭ ھۆكمىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا، كېچىسى ئاتىبىننىڭ خوتۇنىدا ئېرى بىلەن يېقىنلىشىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ قالدى. ئۇ تامام زوق-شوق بىلەن دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، شاھنىڭ ئۇتاغىغا يۈزلەندى. قارىسا، جىمى دەرۋازىۋەنلەر غەپلەت ئۇيقۇسىدا مۈگدەپ تۇرۇپتۇ. مىڭبىر ھىيلە-مىكىر بىلەن ئېرىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاتىبىن فەرانەك بانۇنى كۆرۈپ، نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىدى. فەرانەك بانۇ مەقسىتىنى ئىزھار قىلدى. دەرھال كامىدىل ھاسىل قىلىشتى.

نەزمە

ئەگەر بولسا تەقدىرى پەرۋەردىگار،
ئاڭا رازى بولماقدىن ئۆزگە نە بار؟

## فەرىدۇننىڭ تۇغۇلغانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ كېچىسى بىباھا گۆھەر شاھ فەرىدۇن ئاتىسى پۇشتىدىن ئانا قارنىغا ئۆتتى. شۇ سائەت فەرانەك بانۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

نۇرلۇق قۇياش بېشىنى ئاسمان ياقىسىدىن چىقىرىپ ئالەم يورۇغاندا، زالىم زەھھاك تەخت ئۈستىگە چىقىپ، جىمى مۇنەججىملەرنى يىغدۇردى-دە، ئۈچ كۈن ئىچىدىكى ئەھۋالنى بۇلاردىن سورىدى. مۇنەججىملەر تەھقىقلەپ، بىردىنىلا قوللىرىنى بېشىغا ئۇرۇپ:

— ئەي شاھ، كۆرگەن تەبىرلىرىمىزنى تەقدىر بۇزۇپتۇ، دەرىخ، مىڭ دەرىخ!—دېيىشتى.

* سىپەھسالار—باش قوماندان، ھەربىي باشلىق مەنىسىدە.

ئەلقىسسە، بالىنىڭ تۆرەلمىسى ئاتىسىدىن ئانا قارنىدا ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زەھھاك ئۇزاق ھەيرەتتە قالدى، ئەجەبا، شەھەر ئىچىدە دەرۋازىۋەنلەردىن بۆلەك كىشى قالمىغانىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بىرەرىدىن سادىر بولغاندۇ، دەپ ئويلاپ، قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسىنى مۈرىسىدىكى يىلانغا يەم قىلدۇردى. ئاندىن سوڭ ھەربىر مەزلۇم ئوغلان تۇغسا ئۆلتۈرۈڭلار، دەپ ئەمر قىلدى.

شۇ تەرىقىدە بىر يىل ئۆتتى. فەرانەك بانۇنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاشتى، نىمە ئىلاج قىلىشىنى بىلمەي ھەيران ئىدى. چۈنكى ئەتراپىدا بىگانە كىشىلەر بار ئىدى. پەرزەنت يوقلۇق ئۆيىدىن ھاياتلىق مەنزىلىگە قەدەم قويغاندا فەرانەك بانۇ دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ، بوۋاقنى يوشۇرۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي تۇرغاندا، تۇساتتىن ئۆيىنىڭ بىر تېمى يېرىلدى. قارىسا، تامنىڭ يورۇقىدىن بىرى بېشارەت بېرىپ، بالىنى ئېلىپ غايىب بولدى. ئانىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ئولتۇرغاندا، زەھھاكنىڭ گۇماشتىلىرى ئۆيىنىڭ ئىچىنى تەكشۈرۈپ، فەرانەكنىڭ يوشۇرۇن تەۋەللۇد قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، چىقىپ كېتىشتى.

## سىيىر* بەرمايەنىڭ فەرىدۇننى ئېمىتكەنلىكى

رىۋايەتچىلەر ۋە قىسسىلەرنى شېرىن سۆخەن بىلەن نەقىل قىلغۇچىلار ئانداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھېلىقى كۆنى كەيۇمەرىس بۇ بوۋاقنى ئېلىپ چىقىپ، نەۋرەندە جاڭگىلىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بەرمايە ئىسىملىك بىر سىيىر ئىنىكئانىغا بەردى. چۈنكى كەيۇمەرىسنىڭ دەۋرىدە تامام ئادەم ۋە پەرى، ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلار، ئىنس-جىن ۋە دىۋىلەر كەيۇمەرىسنىڭ ئەمر-پەرمانىنى تۇتاتتى. بۇ سىيىر ئىنىكئانا كەيۇمەرىسنىڭ ئەمرى بىلەن بالىنى تەربىيە قىلاتتى.

ئاخىر بۇ خەۋەر ئالەمگە يېيىلدى. زەھھاك خەۋەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن بىھېساب لەشكەر بىلەن ناۋرەند توقايزارلىقىغا راۋان بولدى. فەرىدۇن توقايزارلىقتىكى ئوتلاق جايدا ئىدى. زەھھاك لەشكىرى بىرىنچى قېتىم توقايزارلىققا بارغاندا، ھېلىقى سىيىر ئەجدىھا سۈرىتىدە چىقىپ، تامام لەشكەرنى دەم تارتىپ، ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ھەممىسى باسرۇق بولۇپ ئۆلدى. زەھھاك ئۆزى مىڭبىر ھىيلە بىلەن خالاس بولدى.

ئەلقىسسە، زەھھاك يەتتە مەرتەم بەرمايە ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، زەربە يېدى.

بۇنىڭدىن كېيىن فەرىدۇننىڭ ئانىسى ھەزرىتى كەيۇمەرىسنىڭ بېشارىتى بىلەن پەرزەنتىنى ئىنىكئانىدىن ئېلىپ، ئېلبۇرز تېغىغا ئېلىپ بېرىپ، بىر ياخشى كىشىگە تاپشۇرۇپ ياندى.

لېكىن زەھھاك قورقۇنچىدىن كېچە-كۈندۈز ئارام ئالماس ئىدى. سەككىزىنچى قېتىم لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئاخىرىدا سىيىر بەرمايەنى ئۆلتۈردى. ئەمما فەرىدۇننىڭ ئىزىنى تاپالمىدى. غەمكىن ۋە پەرىشان ياندى. يېمەك-ئىچمەكنى ۋە ئۇيقۇنى ئۇنتۇدى.

* بەزى نۇسخىدا «مارال» دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## فەرىدۇننىڭ ئانىسىدىن ئۆز ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانلىقى

فەرىدۇن ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە ئاغدىكى تەربىيەچىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئانىسى قېشىغا كەلدى. ئانىسىدىن ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئانىسى ئاتىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، فەرىدۇننىڭ ئۇندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، فەرىدۇننى كەيۇمەرسنىڭ بېشارىتى بىلەن سىيىر بەرمايەنىڭ قېشىدا قويغانلىقىنى ۋە بۇ سىيىرنىڭ زەھھاك لەشكىرى قولىدا ئۆلگەنلىكىنى بىر-بىر بايان قىلدى.

فەرىدۇن بۇ سۆزنى ئىشىتىش بىلەنلا ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتىشىپ، زەھھاك ئاداۋىتى ئۇچۇن جەڭ قىلماقچى كەمەر باغلىدى. كۆپ ئۆتمەي زالىم پادىشاھ ئۈستىگە قەتئىي ئاتلىنىشقا خاھىش بىلدۈردى. ئانىسى نەسىھەت بىلەن توستى. ئەمما فەرىدۇن جەڭ قىلىش خاھىشىدىن قايتمىدى.

نەزمە

فەرىدۇن بەسى بولدى ئاشۇفتە هال،
ئاناسى سۆزىدىن تاپىپ ئۆزگە هال.
سالىب ئىككى قاشى ئاراسىغا جىن،
تۈشۈب كۆڭلىگە دەرد، باشىغە كىن.
بۇ يەڭلىغ دېدىكىم بۇ فەرخۇندە فال،
مېنى بىقارار ئەيلەمىش بۇ خەيال.
قەدەم قويمىشام تا تىرىكمەن ئەگەر،
زەھھاكدىن دەمى قويماغايمەن ئەسەر.

## تۆمۈرچى كاۋە قىسسەسى

رىۋايەتچىلەر ئانداق خەۋەر بېرىدۇكى، كاۋە ئىسىملىك بىر مەرد تۆمۈرچى بار ئىدى. ئۇنىڭ يەتمىش ئىككى* ئوغلى بار ئىدى. يەتمىش ئوغلى زەھھاكنىڭ سەۋەبىدىن مۈرىسىدىكى يىلانغا يەم بولغانىدى. تۆمۈرچى پەرزەنتلىرىنىڭ پىراقىدا كېچە-كۈندۈز تۇرمۇش-روزگارىنى يىغا-زار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بىر كېچە ھەزرىتى كەيۇمەرس ئادەم چۈشىدە بېشارەت بېرىپ: «پەرىشان بولمىغىن، ئەتە تاڭ ئاتقاندا، لەشكەر توپلاپ، فەرىدۇنغا قوشۇلغىن، بۇ بىرەھىم زالىمنىڭ جازاسىنى فەرىدۇن بەرگەي» دېدى.

ئەتىسى تۆمۈرچى كاۋە ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، خۇدايىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈردى. ئاندىن تېرە پەشتارتمىسىنى بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا چېگىپ، توغ قىلدى. شۇندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن «پادىشاھى فەرىدۇن!» دەپ توۋلاپ، داقا-دۇمباق چېلىشقا باشلىدى. بەزىلەرنىڭ ئاتىسى، بەزىلەرنىڭ ئاغىسى، بەزىلەرنىڭ ئىنىسى ياكى پەرزەنتى يىلانغا يەم بولغانىدى. زۇلۇم چەككەنلەر تەرەپ-تەرەپتىن جەم بولۇشتى. ئۇلار تۆمۈرچى كاۋە باشلىق ئەلەم كۆتۈرۈپ، شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن زەھھاك دەرگاھىغا كەلدى. زەھھاك كۆرۈنۈش پەرمەسلىككە ئىلاج تاپمىدى. خالايىق بۇ زالىمنىڭ يامان ئىشلىرى توغرۇلۇق تىل ئاچتى. دەھشەتلىك سۆزلەرنى ئايىماستىن ياغدۇردى.

* ئەسلىدە يەتمىش ئىككى ئەمەس، ئون سەككىز بولۇشى كېرەك. كاتىبنىڭ سەۋەنلىكى بولۇشى مۇمكىن.

نەزمە

قۇلاق سالغىل، ئەي شاھ، بەد ئەندىش كار،
يامانلىقنى قىلدىڭ جەھانغا نىسار.
جەھان شەھلىقى كىمگە جاۋىد ئەمەس،
كى ئاقىل بۇ فانىينى باقىي دېمەس.
زۇھۇر ئەيلەدى شەھرىيارى جەھان،
بەس ئەمدى جەھەننەم سارى بول، يامان.

بىراۋغا، شاھا، بەزمەگىن سەن ئازار،
جەھاندا تۇرالماس بۇ قىززىق بازار.
سېنىڭ ئۆلگەنىڭ ياخشىراقدۇر ئەي شاھ،
بۇ جەبىر-زۇلمۇڭدىن ئەل بارى ئاگاھ.

ئەلقىسسە، زەھھاك بۇلاردىن مۇنداق سۆزلەرنى ئىشىتىپ، رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ كەتتى. ھېچ جاۋاب بېرەلمىدى، نائىلاج مۇلايىم سۆزلەر، چارە-تەدبىر بىلەن كاۋەنى بارگاھىدىن چىقاردى.



زەھھاكنىڭ ھۇزۇرىدىكىلەر كاۋەگە يۇمشاقلىق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇلۇغلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— كاۋە ئىشىكتىن كىرىش بىلەنلا كۆڭلۈمدە قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئۇ شۇنداق بىر پالۋان سۆپەتكى، ھەر قېتىم ماڭا ئېتىلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار سالاپىتىدىن ئەيمىنىپ بىر نېمە دېيىش ئىملاجىنى تاپالمىدىم.

بۇ سۆزدىن خالايىق يامان تەسىردە بولۇپ، زەھھاكتىن يۈز ئۆرۈپ، كاۋە ئەتراپىغا يىغىلىشتى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە يەتمىش مىڭ كىشى جەم بولدى. كاۋە بۇ لەشكەر بىلەن شاھ فەرىدۇننى ئىستەپ، بەلخ ۋىلايىتىگە باردى. بۇ يەردە فەرىدۇننى تېپىپ، ئۇنى شاھانە كىيىم بىلەن ياساپ-جابدۇپ، جەمشىدنىڭ تەختۇ تاجىنى تاپشۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. كاۋە بايرىقىنى فەرىدۇن بېشىدا جىلۋىگە كىرگۈزدى.

ئاتىسى زەھھاكنىڭ قولىدا ئۆلگەن شاھزادىلەر، پالۋانزادىلەر، ئەكابىرزادىلەر ئاتىلىرىنىڭ خۇن ئىنتىقامىنى ئالماق ئۈچۈن ھەممىسى ئاتقا سۇۋارى بولدى.

شاھ فەرىدۇن ئەڭ دەسلەپ: «ئەگەر زەھھاكنى تابۇتقا تارتىپ، پادىشاھلىق تەختىدە ھۆكۈمدار بولسام، تامام ئالەمنىڭ يىللىق خىراجىنى پېقىر-پۇقرالارغا ئېھسان قىلىمەن، يەنە بىر يىللىق خىراجىنى بۇ ئالەمگە سەرپ قىلىمەن. باشقا پادىشاھلارمۇ بۇ بايراق ئاستىدا بولۇشقا مۇيەسسەر بولسا، ئۆز مەملىكىتىنىڭ بىر يىللىق خىراجىنى بۇ ئالەمگە سەرپ قىلسۇن» دەپ ۋەسىيەتنامە يازدى. ۋەسىيەت باقىي قالدى.

www.uyghurkitap.com



تۆمۈرچى كاۋە شاھ فەرىدۇنغا بىر ئۇمۇد تەييار قىلدى. ئۇمۇدنىڭ ۋەزنى مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش يەتتە پاتمان ئىدى. ئۇمۇدقا «ئۇمۇدى كاۋەرى» دەپ نام قويدى.

نەزمە

قويۇب گەردەنىگە ئۇمۇدى گەران،
بولۇپ شاھى زەھھاك سارى ئول رەۋان.
يولۇقتى بەيەكباره كوھى بەلەند،
مەقام ئەيلەدى ئول شەھى ئەرجۇمەند.

## فەرىدۇننىڭ زەھھاكقا قارشى جەڭگە ئاتلانغانلىقى

ئەلقىسسە، بەلخ ۋىلايىتىدە لەشكەرلەر چېدىر-بارگاھلار تىكىپ ئارام ئالدى. كېچىسى فەرىدۇن بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر ئاي يۈزلۈك ھۆر ئۇنىڭغا يامان ئىشنى قايتۇرىدىغان بىر ئەپسۇننى تەلىم بەردى. فەرىدۇن جىمى ئىلىملەرنىڭ تاشقا نەقىش قىلىنغاندەك كۆڭلىگە پۈتۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇيقۇدىن دەرھال ئويغىنىپ، خۇدايىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈردى.

نەزمە

كېچە ئۇيقۇ سارى مەيل ئەتتى شاھ،
خىرامان كېلىپ دېدى بىر نىكى خاھ.
لەتافەتلىك ئول چەۋرەلەر ئىچرە تاق،
بېرىب زۇلفىغە تاب باشىدىن ئاياق.
سۈرۈشى بولۇب بەردى ئول خوش خەبەر،
كى ئېيتقاي فەرىدۇنغا ئول سەر بەسەر.
كېلىب شاھ قاشىغە يەسانىب پەرى،
بېرىب تۇرفە ئەفسۇن ئەفسۇن گەرى.
يىلىب باد ئەفسۇن ماڭا دەم-بۇدەم،
تىلىسمكى بولسا بۇ قىلغاي ئەدەم.
قوپۇب ئۇيقۇدىن شاھ بىدار بەخت،
..........................................
بولۇب شادلىقدىن ئۆزى ئەر غەۋان،
كۆرۈب دۆلەتىن تازە ئول نەۋجەۋان.

شاھ فەرىدۇننىڭ ئىككى ئاكىسى بار ئىدى. ئىككىلىسى بۇ كىچىك ئىنىسىنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى كۆرۈپ، ھەسەتتىن بەدىنىدىكى ھەر بىر تال مويى تىك قوپتى. بۇلار شاھ فەرىدۇننى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىگە چۈشتى. شاھ تەخت ئۈستىدە راھەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان چاغدا بۇ ئىككى سىپاھ تويۇقسىز تاغ تۆپىسىدىن بىر چوڭ تاشنى شاھ فەرىدۇننىڭ بېشىغا يۇمىلىتىپ قويۇپ بەردى. خۇدايىتائالانىڭ ئەمرى-پەرمانى بىلەن ئول تاش سادasىدىن فەرىدۇن ئويغىنىپ، ئاسماندىن بىر تاشنىڭ ناھايىتى تېز بېشى ئۈستىگە يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھېلىقى چۈشىدە كۆرۈنگەن سامىبجامال ئۆگەتكەن ئەپسۇن يادىغا كەلدى، بۇ ئەپسۇننى دەرھال تاشقا ھۆرۈۋىدى، تاش يەتكەن يېرىدە توختاپ قالدى.

شاھ فەرىدۇن ئورنىدىن قوپۇپ، ۋەقەنى ھېچكىمگە ئىزھار قىلماي، ئۇ يەردىن كۆچۈپ، دەجلە دەرياسى لېۋىگە يېتىپ باردى.

فەرىدۇننىڭ ھېسابسىز لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىدىن باغداد ئېلى خەۋەردار بولۇپ، تامام كېمىلەرنى شەھەر تەرەپكە ئېلىپ كەتتى ۋە زەھھاكقا: «شاھ فەرىدۇن كېمىگە چۈشۈشكە تەييارلىق قىلغاندى، بىز بەرمىدۇق» دېگەن مەزمۇندا

خەت يېزىپ، چاپارمەندىن ئەۋەتتۇەتتى.
فەرىدۇن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەر-
غەزەپ بولدى ۋە «تامام لەشكەر دەرياغا
كىرسۇن!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. لەشكەر-
لەر دەريانى شاۋقۇنلۇق شامالدەك تېز
كېچىپ ئۆتتىكى، ئاتلارنىڭ تۇيىقى زەر-
رەنەم بولمىدى. ئەمما زەھهاك فەرىدۇن-
دىن قورقۇپ، بەيتۇل - مۇقەددەس ئالدى-
دا تىلسىم باغلىغانىدى. جەمشىدنىڭ
تاجۇ تەختىنى ۋە خەزىنە، دەپىنىلىرىنى شۇ
تىلسىمغا بېكىتىپ، جەمشىدنىڭ ئىككى
سىڭلىسىنى قاراۋۇللۇققا بەلگىلىگەنىدى.
بۇلارنىڭ ئۈستىگە دىۋە نەسەب كۇندەرەۋ
ئاتلىق بىر پالۋاننى سەردار قىلغا-
نىدى. فەرىدۇن زەھهاكنىڭ سېھرىدىن ۋا-
قىپ ئىدى، مەزكۇر تىلسىمنىڭ ئۈستىگە يې-
تىپ كەلگەندىن كېيىن ئاسمان گۈمبىزى-
دەك ئېغىر ئۇمۇدىنى باش ئۈستىدە ئايلان-
دۇرۇپ، بۇ تىلسىمنى بەربات قىلىشقا
كىرىشتى. شىر ياكى ئەجدىھا سۈرىتىدە
يۇزمۇ يۈز تاقابىل تۇرغان ھەربىر دىۋى-
نى شاھ فەرىدۇن ئۇمۇدى بىلەن بىر تە-
رەپ قىلاتتى. ئاندىن كېيىن زەھهاكىنىڭ
راۋىقىنى ئەپسۇن بىلەن خاراب قىلىپ،
يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى.

## فەرىدۇننىڭ جەمشىد سىڭىللىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقى

ئەلقىسسە، فەرىدۇن جەمشىدنىڭ ئىككى
سىڭلىسىنى ۋە باشقا ئاي يۈزلۈك كېنىزەك-
لىرىنى تامام خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە
ئۆزىگە بويسۇندۇردى. كۇندەرەۋ قېچىپ
بېرىپ زەھهاكقا خەۋەر يەتكۈزدى. زەھهاك
نائىلاج لەشكەر تارتىپ فەرىدۇن ئۈستىگە
ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. يەتتە قېتىم جەڭ
قىلىپ، ئاخىردا ھەممە لەشكىرى باسرۇق
بولۇپ يانىدى، بەزىسى باسرۇقتا ئۆلدى.
زەھهاك ئۆزىنى ئاتتىن تاشلاپ مىڭبىر
ھىيلە بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. قالغان لەش-
كەرلىرى تامامەن فەرىدۇنغا ئىتائەت قىلىپ،
باش قويدى. بەزى لەشكەر باشلىقلىرى
زەھهاكنى ئىستەپ تاپالمىدى. جەڭگى - جې-
دەل ۋە قىرىش - چېپىشتىن قولى بوشاپ،
ھەممە ئارامگاھلىرىدا قارار تېپىشتى.
ئەلقىسسە، زەھهاك شۇ كېچىسى ئۆ-
لۈكلەر ئارىسىغا كىرىپ ئامان تاپتى. كې-
چىدىن ئىككى ھەسسىسى ئۆتۈپ، بىر
ھەسسىسى قالغاندا، جەمشىدنىڭ تەختۇ تا-
جىغا ۋە جەمشىدنىڭ ئىككى سىڭلىسىغا چى-
دىماي، بۇ گۈلچېھرىلەرنىڭ بىرەرىنى
ئۆلتۈرۈش قەستىدە قارا پالاس يېپىنىپ،
شاھ فەرىدۇننىڭ ئوردىسىغا كەلدى، قارىسا
ھەممىسىنى غەپلەت ئۇيقۇسى غەرق قىلىپ-
تۇ، ھېچبىر جان ئىگىسى مىدىرلىمايدۇ.
پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بېلىدىن كە-
مەرنى يەشتى، ئۇنىڭ ئۇچىنى ھالقا قى-
لىپ، قەسىرنىڭ كۈنگۈرىسىگە ئاتتى، يەنە
بىر ئۇچىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، ئېگىز
تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە فەرىدۇن
ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بۇ ۋەقەنى
كۆردى - دە، دەرھال ئادەملىرىنى بۇيرۇپ،
ئۇنىڭ قەستىنى نابۇت قىلدى. ئاندىن
كېيىن تەختى ئۈستىگە چىقىپ: «زەھهاكنىڭ
ياتاق ئۆيىدىن جەمشىدنىڭ سىڭىللىرى
كەلتۈرۈلسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى.
ئەلقىسسە، بۇ ئاي يۈزلۈكلەر ئۆز-
لىرىنى پاكپاكىز قىلىپ، يېڭى لىباس
كىيىپ، زىبۇ زىننەتلەر بىلەن فەرىدۇن شاھ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





خىزمىتىگە كېلىشتى. سالام ـ تەزىم ئاداسىـ
دىن كېيىن فەرىـدۇن بۇ گۈلچېھرىـلەرگە
جادۇگەرلىك قىلماسلىققا، ئۆتكەن ئىشلىرىغا
تووۋا قىلىشـقا نەسـىھەت قىلدى. خۇدانىڭ
بىرلىكى يولىنى كۆرسەتتى، مۇسۇلمانچىلىق
ئەدەب ـ قائىدىلىرىنى تەلىم بەردى.

نەزمە

كى بۇ دادگەرى پاك كۆرسەتتى يول،
دېدى بولما بەددىن، خۇداجۇي بول.
بۇلار بارچەسى بۇت پەرەست ئېردىلەر،
سەراسىمە، ھەيرانۇ مەست ئېردىلەر.

ئەلقىسسە، جەمشىدنىڭ سىڭىلـلىرىغا
ئۆز ھۇزۇرىدا ئورۇن بەردى ۋە ياتاقخانىـ
سىغا مەھرەم قىلدى.

نەزمە

كى ئول دوختەرانى جەھاندار ھەم،
بېرىب نەرگىسدىن قىزىل گۇلغەنەم.
ئاچىب غۇنچە يەڭلىغ لەبىن ئىككى قىز،
شەھەنشاھغە تەئزىم ئۇچۇن بۆكتى تىز.
دېدى بۇ شەھەنشاھ........
«خۇدادىن ساڭا ئېردى بۇ سەرلەۋىشت.
يېتىب سىزگە بىسيار رەنج بەلا،
قىلىب كۆب جەفالارنى بۇ ئەژدىھا.
نەلەر يەتتى، بىلدۇك بۇ دەيجۇرىدىن،
ۋەفا كۆرمەدۇك سىزگە بۇ دەۋرىدىن.
جەھان ئېچرە يوقدۇر كىشى زەھرەسى،
مۇڭا دو بەرو بولغالى بەھرەسى.
چۇ بېداددىن بولسا بو نېكبەخت،
كىشى قالماغاي جاۋىدانە، نە بەخت.
توغۇلدۇم مەن ئول ئابتىن تۇخمىدىن،
ئاڭا يۇرت ئولۇب مۇلكى ئىران زەمىن.
مۇنىڭدىن كېيىن قويدۇم ئول سارى روي،
تىرىكدۇر باشىم، مەن ئاڭا كىنەجوي.
نە ئەيلەب ئىدى بېزەبان چارپاي،
نە كەلمىش قولىدىن بىل، ئەي پاك راي.
بېلىم باغلادىم، لاجەرەم مەن ئاڭا،
خۇدادىن كېلۇر ھەر نە كەلسە ماڭا...»
بۇ سۆزنى ئىشتىمەك بىلەن ئەرنەۋاز،
ئاچىب غۇنچەدەك لەبلەرىن تۆكتى راز:
«مەگەر سەن فەرىدۇنى فەررۇخ نەژاد،
نەدەرسەن موسەللەمدۇر، ئەي پاك زاد».
ئەلقىسسە، شاھ فەرىدۇن بۇ قىزلارغا:
ــ ئەھۋالىڭلارنى ماڭا بايان قىلىڭلار،
ھەممىنى ئايان قىلىڭلار، ــ دېدى.
بۇ قىزلار زەھھاكنىڭ تۇرغان يېرىـ

نىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىشتى:

— ئەي شاھ، تەبىرچىلەر سېنىڭ پادىشاھ بولۇشۇڭ ۋە بۇ زالىمنىڭ سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلۈشى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بەتنىيەت زەھھاكتا نە كۈندۈزى ئارام، نە كېچىسى كۆزىدە ئۇيقۇ بولسۇن، سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنىڭ مۇئەييەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كېچىسى بىرخىل، كۈندۈزى يەنە بۆلەك خىل ياسىنىپ يۈردى. بۇ يەردە زەھھاكنىڭ خەزىنىسىگە پاسىبانلىق قىلىدىغان بىر سەردار بار، ئېتى كۈندەرەۋ، ئۇنىڭ تەدبىرىنى زەھھاك قوبۇل قىلاتتى، ھەرنېمە دېسە ماقۇل كۆرەتتى.

## كۈندەرەۋنىڭ فەرىدۇن ھوزۇرىغا كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، كۈندەرەۋ شاھ فەرىدۇننىڭ زەھھاك سەلتەنىتىنى ئۆز ئېلىكىگە ئالغانلىقىنى، جەمشىدنىڭ تاجۇ تەختىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ۋە زەھھاكنىڭ تىلسىمىنى نابۇت قىلىپ، خەزىنە-دەپىنلەرنى قولغا كىرگۈزگەنلىكىنى ۋە تېزدىن پادىشاھ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقتى. شەھەرگە كېلىپ قارىسا، يات لەشكەرلەر تولۇپ كېتىپتۇ، ھەيران بولدى. ئۆزىنى مۇساپىر ئادەم كۆرسىتىپ، تۈمەن مىڭ قورقۇنچ بىلەن بارگاھ ئىچىگە كىردى. قارايدۇكى، سەلتەنەت يارىشىدىغان بۇ پاكىز چىراي ياش يىگىت جەمشىد تەختى ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. بىر يېنىدا ئەرنەۋاز، يەنە بىر يېنىدا شەھنەۋاز ئولتۇرغان. بۇنى كۆرگەچ كاللىسىدىن ھوشى كەتتى. يەنە ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن فەرىدۇنغا قاراپ بىر مەھەل تۇرۇپ قالدى. شاھ بۇ ئادەمنى كۆرۈپ:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى ۋە يېقىن كېلىشكە ئىشارەت قىلدى.

كۈندەرەۋ قورقۇنچتىن بويسۇنماسلىققا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ كۈنى شاھ نەغمىچىلەر بىلەن رەققاسلارنى يىغىپ، ئۆزى ئۈچۈن چوڭ توي ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇق قىلغانىدى. فەرىدۇننىڭ پادىشاھلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ بەزمىگە كۈندەرەۋمۇ قاتناشتى.

فەرىدۇن مەي ئىچىپ، خالايىقنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىپ، بۇ ئولتۇرۇشنى راسا قىزىتىۋاتقان چاغدا، كۈندەرەۋ ئاستا چىقىپ، ئېتىغا مىندى-دە، زەھھاك تەرەپكە راۋان بولدى. زەھھاكنىڭ قېشىغا كەلگەندىن كېيىن كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىر بايان قىلدى. زەھھاك ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كەلدى-دە، دېدى:

— ھېچ گەپ يوق، ئۇ مېھمان، ئاڭا زىياپەت بېرىش كېرەك.

— ئۇ مېھمان بولسا، تىلسىمىڭنى نابۇت قىلىپ ھەرەم ئۆيىڭگە كىرمەس ئىدى، — دېدى كۈندەرەۋ، — پالۋانلىرىڭنى ئۆلتۈرمەس ئىدى.

نەزمە

ئەگەر بولسا ئول شاھ مېھمان ساڭا،
نە ئىش بار شەبىستانىڭ ئىچرە ئاڭا.
جەھاندار ھەم قىزلارى بىرلە شاھ،
ئىچىپ مەي، قىلىپ ئەيش ئەنگىز ئادام.
تۇتۇپ بىر قولىدا روخى ئەرنەۋاز،
يەنە بىرى ئىبرلە كېلىب شەھنەۋاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلقىسسە، زەھھاك بۇ سۆزنى ئىشىتىپ كۆڭلى ئاستىن-ئۈستۈن بولدى، بەلكى ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. غەزەپ ئوتى مېڭىسىدىن تۈتۈن يەڭلىغ ئۆرلەپ، يەنە سىپاھ لەشكەر توپلاپ، گەردەن كەشان پالۋانلار بىلەن فەرىدۇن شاھ تەرىپىگە ئاتلاندى.

## فەرىدۇننىڭ زەھھاكنى تۇتقۇن قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، زەھھاك چۈمۈلە-چېكەتكىدەك بىھېساب لەشكەر توپلاپ، فەرىدۇن بىلەن جەڭ قىلىشقا كەلگەندە، بۇ تەرەپتىن شاھ فەرىدۇنمۇ سان-ساناقسىز لەشكەرنى جەڭگە تەييارلىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر-بىرلىرىگە يۈزمۇ يۈز سەپ تۈزۈشتى. جەڭ دۇمبىقى ئىككىلا تەرەپتىن ياڭرىدى، ئىككى دەريايى لەشكەر بىر-بىرىگە تاقابىل تۇرۇپ بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندا شامال چاڭ-توزاننى سۈپۈرۈپ كەتتى. بۇلۇت سۇ چاچتى. شۇنىڭ بىلەن جەڭ مەيدانى دوستلارنىڭ كۆڭلىدەك روشەن ۋە تاپتازا بولدى. ئىككىلا تەرەپتىن پالۋانلار مەيدانغا كىرىپ جەڭ قىلدى. فەرىدۇن گۈرزى ۋە ئۇمۇد بىلەن دۈشمەن جىسمىنى يەر بىلەن يەكسان قىلاتتى، زەھھاك يېگانىلىكتىن، بىگانىلىك ياخشىراق دەپ لەشكەرلەرگە بىر يولى مەيدانغا كىرىپ ھۇجۇم قىلىشقا يارلىق قىلدى. فەرىدۇن ئوڭ قاناتتىكىلەرنى سول قاناتقا، سول قاناتتىكىلەرنى ئوڭ قاناتقا سۈرۈپ توقاي قىلىپ، شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلدىكى، گويا قىيامەت ئاشكارا بولدى. ھەر كىمنىڭ بېشىغا تىغ ئۇرسا قەلەمدەك كېسىلىپ يەرگە چۈشەتتى. ھەر كىمنىڭ بېلىگە چاپسا، گەۋدىسى ئىككى بۆلەك بولاتتى. گويا كالا پادىسىغا شىر چۈشكەندەك، قومۇشلۇققا ئوت تۇتاشقاندەك جەڭ شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، سەھەردىن نامازدىگەرگىچە زەھھاك لەشكىرى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ، ئىككىلا لەشكەر مەيداندىن ئارامگاھلىرىغا يېنىپ كېلىشتى.

فەرىدۇن بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىپ باققان پالۋانلارنىڭ ساق قالغانلىرى بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى فەرىدۇننىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەندى، ئۇلار بىر-بىرلەپ شاھنىڭ خىزمىتىگە كېلىشتى.

زەھھاك ئىشنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال كېچىلىك لىباس كىيىپ سۈرىتىنى ئۆزگەرتتى. ئاندىن كوندەرەۋنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ھالدا فەرىدۇننىڭ ئوردىسىغا يەنە كەلدى. بېلىدىن كەمەن باغنى يېشىپ، بىر ئۇچىنى ھالقا قىلدى-دە، سېپىلنىڭ كۈنگۈرىسىگە تاشلىدى. كەمەن باغقا ئېسىلىپ يۇقىرىغا چىققاندىن كېيىن يەنە شۇ كەمەن باغ بىلەن ئاستا سىيرىلىپ سارايغا چۈشتى. ئاندىن شەھنەۋازنىڭ ھەرەم ئۆيىگە بېرىپ، شۇنداق قارىسا، بۇ گۈلچېھرە فەرىدۇن بىلەن ئەيش-ئىشرەت بىساتى ئۈستىگە چىقىپ، پاراغەت ياستۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. زەھھاك بۇنى كۆرگەچ ھاياتىدىن تويۇپ، دەرھال

ئارقىسىغا ياندى. قەسىرنىڭ بىر يېرىـدە
جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۆتكۈر خەنجەر-
نى غىلىپىدىن چىقـاردى-دە، ئىككـى
گۇاچېھرەنىڭ بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈش قەس-
تىگە چۈشتى. بۇ چاغدا ھەرەمخـانا راۋـ
قىنىڭ ئۈستىـدىن پەسكە قاراپ تـۇرغان
قاراۋۇللار تـوساتتىن بىر قارا كىيىم كىيـ
گەن ئادەمنىڭ قـولىدا خەنجـەر تۇتقـان
ھالدا سارايـنىڭ ھەرەمخانىسـى ئەتراپىدا
ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى-دە،
فەرىدۇنغـا خەۋەر قىلدى، شاھ دەرھـال
كاۋە گۈرزىسىنى سىپـەر ئۈستىگە قـويۇپ،
شۇ ئادەمگە ئۆزىنى ئاتتى. بۇ قارا كىيىمـ
لىكنىڭ چوققىسىغا گـۈرزى بىلەن بىرنـى
سالاي دەپ تۇرغاندا، ئـۇ فـەرىدۇنـنىڭ
ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇنى بـويىندىن باغـ
لاپ، پـۈت-قولىنى مـەھكەم چـىگدى.
قارىسا، زەھھـاك ئىكەن. پارقىراق خەنجـ
رىنى غىلاپتىن چىقىرىپ، بېشىنـى تېنىـ
دىن جۇدا قىلاي دېگەندە، غايىبتـىن بىر
ئاۋاز كەلدى: «بۇنى ھـازىر ئـۆلتۈرۈش
ۋاقتى ئەمـەس، تاغ ئىچىدە بىر قـۇدۇق
بار، ئۇنى شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ، بېشـ
نى تۆۋەن، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ئېسىپ
قويغىن ...». شاھ فـەرىدۇن ئاشۇ غايىبـ
تىن كەلگەن ئىدانىڭ مەزمۇنـى بـويىچە
ئىش قىلدى.

نەزمە

فەرىدۇن قۇلاقىغە مۇنداغ ئىدا،
كېلىب دېدىكىم «نەۋجەۋان گەدخۇدا.
باشىنى قەلەم قىلما زەھھاكنىڭ،
ئۆلەر چاغى ئېرمەس بۇ ناپاكنىڭ.
باشىدىن ئاياغىغىچە بەند ئېتىب،
قولىن پۇتلىرى بىرلە پەيۋەند ئېتىب.
ئىككى تاغ ئارا قىل ئانى ئۇستۇۋار،
مەقام ئەيلەسۇن ئاندا تا ۋەقتى كار».
فەرىدۇن ئىشىتتى بۇ سۆزنى دەلىر،
مۇھەييا قىلىب شۇل زەمان مىسلى شېر.
ئالىب تاسماسىنى كەمەند ئەيلەدى،
بۇ مەھكەم كەمەند بىرلە بەند ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، شاھ فەرىدۇن زەھھاكنى
تۇتقـۇن قىلىپ، ئـۇنىڭ شـۈكرانىسـىگە
خۇدايىتائالاغا سـەجدە بـەجا كەلتـۈردى.
ئانـدىن جاكارچىـلارغا فـەرمان قىلـدى:
«شۇنى جاكار قىلىڭلاركـى، كىشىلەر بىرـ
بىرى بىلەن جېدەل-ماجىرا قىلىشمىسۇن،
ھەركىم ئۆز ئارامگـاھىدا ئارام ئالسـۇن،
زالىم زەھھـاكنىڭ ئىشـى بىر تـەرەپ
بولدى...»
بـۇ خەۋەر زەھھـاكنىڭ لەشكىرىـگە
يەتـكەچ، بـۆلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تـوپ
يامانلىرى قېچىش يـولىنى تـۇتتى. فەرـ
دۇننىڭ پادىشاھلىقىدىـن بـۇرۇنـلا خەۋەر
تاپقان خېلى كۆپ دانىشمەن كىشىلەر بار
ئىدى، ئۇلار سالام، تـەزىمگە كېلىشتـى.
جاھان يۈزىنىڭ زەھھـاك ئىپلاسلىقىدىـن
پاك بولغانلىقىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن پەرـ
ۋەردىگارغا شۈكرى-سانا ئېيتىشتى.
ئەلقىسسە، شاھ فەرىدۇن تامام ئۇلۇغـ
لۇق ۋە گەپ سىغمايدىغـان ھـەشـمـەت
بىلەن تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى.
ئالەم ئەھلى فەرىدۇنىنى مۇبارەك باد قىلىشـ
تى. تۈرلۈك تىلدا سـۆزلەشكـۈچـى ئالەم
ئەھلى ھەرياق، ھەرياقتىن كېلىپ، شاھقا
ھەمـدۇسانا ئېيتىشتى. ئەتراپ مـەملىكەتـ
لەردىن ئادەملەر توپ-توپ، ئايماق-ئايـ
ماق، سانجـاق-سانجـاق، گۇرۇھ-گۇرۇھ
بولۇپ كېلىشىپ، خىزمەتكارلىق زىرىسىنى
قۇلاقلىرىغا سېلىپ، ئەقدە كەمىرىنى بەلـ

لىرىگە باغلاپ، خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. شاھ فەرىدۇن ھەرقايسىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ، لايىقىدا ئىلتىپات كۆرسەتتى. تامام خەلق فەرىدۇننىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ماختاشتى، زەھھاكقا لەنەت ياغدۇرۇشتى، فەرىدۇن شاھ خالايىقنىڭ نام-ئەمالىغا مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ھەرقايسىسىغا ئۆز ھالىغا يارىشا مەنسەپ بەردى.

ئەلقىسسە، غايىبتىن خەۋەر بەرگۈچىنىڭ ئىما-ئىشارىتى بىلەن زەھھاكنى زىنداندىن چىقىرىپ، بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە ئېلىپ بېرىشتى. بۇ يەردە غاپىلنىڭ كۆڭلىدىن قارا، بېخىلنىڭ گۆرىدىن چوڭقۇر بىر جاينى تېپىشتى. تۆمۈرچى بۇيرۇق بىلەن بىر تۆمۈر تاختا تەييارلىدى، زەھھاكنى شىرنىڭ تېرىسىدىن قىلىنغان تاسما بىلەن باغلاپ، تۆمۈر تاختىنىڭ ئۈستىگە تاڭدى. ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى تۆۋەن، ئىككى پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە ئاستى. قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، بارچىنى تاش ۋە خىش دۆۋىلەشكە بۇيرۇدى. ھەممىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇشتى. فەرىدۇن زەھھاك ناپاكنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن خۇدايىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆز بارگاھىغا ياندى. بىر رىۋايەتتە زەھھاك قۇدۇقنىڭ ئىچىدە يەنە يەتتە يۈز يىل ئازاب چەككەن، دېيىلىدۇ.

ئەلقىسسە، شاھ فەرىدۇن جەمشىد بارگاھىغا كېلىپ، تەخت ئۈستىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت ئەمەلدارلىرىنى جەم قىلىپ، بولار ئارىسىدىن مىڭ تۆت يۈز كىشىنى خان قىلىپ شەھەرلەرگە ياندۇردى، بىر مىڭ بىر يۈز ۋەزىرنى ئۆز ئورنىغا قويدى. ئىككى مىڭ ئاكابىرزادىلەرنى مەنسەپكە تەيىنلىدى. بولارنىڭ بەزىسىنى قەسرى ئايۋان ئىچىدە تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى، بەزىسىگە كۇرسىدىن ئورۇن بەردى.

## گۇرشەسىپنىڭ فەرىدۇنغا قارشى ئاتلانغانلىقى

ئەلقىسسە، گۇرشەسىپ ئوتتۇرىدىنىڭ بارگاھىدىن يېنىپ كەلدى. قارىسا، زەھھاكنى ئۆلتۈرۈپتۇ، يۇرت فەرىدۇنغا قاپتۇ. گۇرشەسىپ زەھھاكنىڭ فەرىدۇن قولىدا ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، غەزەپ ئوتى بېشىغا ئۆرلىدى. بىھېساب لەشكەر بىلەن فەرىدۇن ئۈستىگە راۋان بولدى.

شاھ فەرىدۇن گۇرشەسىپنىڭ جەڭ قىلىش خىيالى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، چېدىر-بارگاھىنى شەھەر تېشىدا تىكىشكە يارلىق قىلدى. فەرىدۇن شەھەردىن چىقىپ بارگاھىغا كىرگەندىن كېيىن جىمى دۆلەت كاتتىلىرى بىلەن چوڭ مەسلىھەت ئۆتكۈزدى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن گۇرشەسىپنىڭ ئىز-ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. دەشت يۈزىدىن چاڭ-توزان كۆتۈرۈلۈپ، بىر بېشى ئاسمانغا ئۇلاشتى.

نەزمە

چۈن يىراقدىن كۆرۈندى چەتر ئەلەم،
بولدى مەيدان مىسالى باغ ئېرەم.
تۇغ-تۇغ سىپاھ شور ئەنگىز،
كۆردىلەر كەلدى بىر بۆلۈك شور ئەنگىز.

هەر بىرى ئافەتى جەھان كۆرۈنۈپ،
مەردى خۇنزىز پەھلەۋان كۆرۈنۈپ.
هەر بىرىدۇركى مىسلى ئەژدەرھا،
مەردلىق بابىدا يەككەئى تەنها.

ئەلقىسسە، پالـۋان گـۇرشەسىپ،
چاك ـ تىزان ياقىسىنى چاك ئېتىپ، سىماب
يەڭلىغ ئىزتىراب بىلەن يېتىـپ كېلىـپ،
سەپ تارتىپ تۇردى.
بۇ تەرەپتىن شاھ فـەرىدۇن ۋەزىـر
ۋە لەشكەر باشلىقلىرىدىن مەسلىھەت سورىـ
غانـدى، هـەممىسى باشلىرىنـى تـۆۋەن
سېلىـپ ئۈنچىقىشمىـدى. شاھ ئورنىدىـن
تۇرۇپ ئۆز لەشكىرى ئىچـىدە بـۇ] پـالـ
ۋان بىلەن جەڭ قىلىـپ، هـۆددىسىدىـن
چىقالايدىغان كىشى يوقلۇقىنى چاغلىدى.
نائىلاج قازاغا رىـزا، بالاغا سـەۋر قىلىـپ
تۇرغانـدى، غايـىبتىـن ئاۋاز كېلىـپ،
جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا رۇخسـەت بەرـ
دى. شۇنداق قىلىپ، بۇ تەرەپتىنمـۇ شاھ
پەرمانى بىلەن دۆلەت ناغرىسـى ياڭراشقـا
باشلىدى. شامال چىقىـپ، يـولنى چاك ـ
تىزاندىن ئېرىغدىدى.
قۇياش ئاسـمان راۋىقىنىڭ دېرىزىـ
سىدىن باش چىقىرىپ، ئـۇيقۇدىن يېڭـى
ئويغانغان جانانـدەك مۇنەۋۋەر جامالىنـى
كۆرسىتىپ، ئالەمنى نـۇرغا تـولدۇرغاندا،
ئىككى تەرەپتىن لەشكەرلەر تـىپ ـ تـوپ،
ئايماق ـ ئايماق، سانجاق ـ سانجاق، گۇرۇهـ
گۇرۇه مەيدانغا كېلىپ، جەڭنىڭ تەرتىپـ
قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈردى. هەر ئىككى
تەرەپ، ئوق ۋە سول قاناتـتا پىستـىرما
قويدى.
ئەلقىسسە، گـۇرشەسىپ گـۇرزىسىنى
جەڭ مەيدانىدا جەۋلان قىلدۇرۇپ، پالـ
ۋانلىـق ئويۇنىنى كۆرسەتتى، بىر مۇنچە
جەڭ قائىدىلىرىنى نامايان قىلدى، گـۇلـ
دۇرامىدەك نەرە تارتىپ، مەردى مەيدان
تەلەپ قىلدى. فەرىدۇن تەرەپتىن مەيدانـ
غا كىرىپ، گۇرشەسىپ بىلەن ئېلىشقۇدەك
هېچكىم چىقمىدى. نائىلاج شاھ ئـۇچقۇر
ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا ئۆزى كىردى.
ئەمما فـەرىدۇن گـۇرشەسىپ بىلەن يـۈز
كۆرۈشكەندىن كېيىن دەرهـال ئېتىدىـن
چۈشۈپ، مەيدانغا زىلچە ـ پالاس سېلىشقا
بۇيرۇق قىلدى ۋە پـالـۋاننـى كـۆرپەـ
تۆشەك ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشقا تەكـ
لىپ قىلدى. گۇرشـەسىپ شەهـەنشاهنىڭ
دۆلىتىدىن يۈزى قىزىرىپ، بۇرۇنقى غۇرۇـ
رىدىن چۈشتى ـ دە، نائىلاج تەخت ئالدىـ
دا شاهقا قـۇللۇق قىلىـش رەسمىيىتىنـى
ئادا قىلدى.
ئەلقىسسە، فەرىدۇن جاهان پالـۋان
گۇرشەسىپكە، كۆپ ئىلتىپات كـۆرسىتىپ،
ئەسلى نەسەبىنى بايان قىلدى، زەهاكنىڭ
جەمشىدنىڭ بېشىنى هەرىدەپ ئۆلتۈرگەنـ
لىكىنـى، ئاتا ـ بـوۋىسىنـى زۇلۇم بىلەن
قەتل قىلغانلىقىنى بىرـبىر سۆزلەپ بەردى.
ـــ مەن، ـــ دېدى فـەرىدۇن شاھ، ـــ
زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ خـۇن ئىنتىقامىـ
نى ئالدىم. ئەسلى پادىشاهلىق ساڭا تېگىشـ
لىك، مېنىڭمۇ مىراسىمدۇر. ئەگەر ئىختىـ
يار قىلساڭ، تاجۇ تەختىنـى ساڭـا بېرىپ،
خىزمىتىڭدە جانبازلىق كۆرسىتەي.
بۇ سۆز گۇرشەسىپنىڭ كۆڭلىگە تو
لىمۇ ماقۇل كەلدى. ئەمما جەمشىدنىڭ ۋەـ
سىيەتنامىسىگە ئەمەل قىلىپ، شاھ فـەرـ
دۇنغا ئىتائەت قىلىشنـى بىلدۈردى، ئانـ
دىن شەهەنشاهنى ئېتىغا يـۆلەپ مىندۈـ
رۈپ، بىرلىكتە جەڭ مـەيداندىـن يېنىپ
چىقىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گۇرشەسپ فەردۇنىنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ، شەھەنشاھىنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلگۈچە پىيادە ماڭدى. شاھ گۇرشەسپكە تەختتىن ئورۇن بەردى. ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قىرىق كېچە-كۈندۈز جەمشىد بەزمىسى ئۆتكۈزدى. بۇدرۇق بىلەك ساقىيلار مەي قەدەھلىرىنى توختاتماي ئايلاندۇرۇپ تۇردى.

نەزمە

نۇش ئېتىب مەجلىس ئىچرە بادەئى ناب،
شادلىق بەھرىدە بولۇپ غەرقى ئاب.
بەزل ئېھساندىن بارى تاپتى كام،
شاھغە قۇللۇق ئەتتى سەييىدكىرام.

ئەلقىسسە، فەرىدۇن سۆزۈك مەي ئىچىپ، خۇش كەيپ بولدى. خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ھەممىگە ئىنئام قىلدى. زابۇلىستان ۋىلايىتىنى گۇرشەسپكە بېكىتىپ بەردى. جاھان پالۋان شاھىغا تەزىم بەجا كەلتۈردى.

## گۇرشەسپنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىكى

نەچچە كۈندىن كېيىن فەرىدۇن شىكارغا ئاتلاندى. شىر، يولۋاس، تۈگكۈز، بۆرە جەسەتلىرى ھەر يەر-ھەر يەردە تاغدەك دۆۋىلەندى. شاھ شاد-خۇرام ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەندە شۇ ئەتراپتىكى خەلقلەر ئەرز-داد ئېيتىپ كېلىشكە باشلىدى. سەۋەبىنى سورىغاندا:

— ئەي شاھ، بۇ يەرگە كېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، — دېيىشتى ئۇلار، — ئىنانى دېگەن تاغ جىلغىسىدا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپتۇ. ئۇزۇنلۇقى ئىككى يۈز گەز، توغرىسى يۈز گەز، ئېغىزىنى بىر دەم تارتسا، ئالەمنى يۇتۇپ كېتىدۇ، جىمى ئىشلىرىمىزنى ۋەيران قىلىدۇ. بىزلەرمۇ ئامان قالمايمىز.

شاھ بۇلارنىڭ سۆزىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرغاندا، گۇرشەسپ ئاق بوز ئېتىدىن چۈشۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى-دە، دېدى:

— ئەي شاھ، ئەگەر مىسنى ئالتۇن قىلىۋېتىدىغان نەزەرىڭ مەن تەرەپكە چۈشسە، ئىنشائاللا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزۈم چىقىمەن.

شاھ خۇش ۋاقىت بولۇپ:

— ئەي پالۋان، مەن سېنى خۇدايىتائالاغا تاپشۇردۇم، — دېدى.

پالۋان قورال ئەسلىھەلىرىنى ئېسىپ، بارچە مۇلازىملىرىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئىنانى دېگەن تاغ تەرەپكە يۈزلەندى. كەچكە يېقىن بىر مەنزىلگە چۈشۈپ، مەي-شاراب بىلەن تۈننى كۈنگە ئۇلىدى.

ئەتىسى تۇساتتىن مۇشۇ ئەتراپنىڭ بىر توپ ئادەملىرى قەترانىدەك قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى سورىدى. بۇ كىشىلەر جاۋابىدا: «ئەجدىھانىڭ دەم-نەپىسى دۇتىدىن مۇشۇنداق قارا بولۇپ كەتتۇق» دەپ، ئۇ مەخلۇقنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلدى. پالۋاننىڭ مۇلازىملىرى بۇ سۆزنى ئىشىتىش بىلەنلا چىرايى ئۆڭدى. بۇلار پالۋان بىلەن بىللە ئەجدىھا ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي توختاپ قېلىشتى، ئائىلاج گۇرشەسپ ئۆزى يالغۇز راۋان بولدى. بىر يەرگە يەتتىكى، بۇ يەر ناب-

هايىتى خۇش ھاۋالىق، ياپپېشىللىق قاپ-
لىغان چىمەنزار ئىكەن، كەۋسەردەك
تەملىك بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرۇپتۇ.
بۇ يەرنى سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىر
جىلغىغا يەتتى. ئەجدىھادىن ھېچ ئەسەر
كۆرۈنمىدى. پالۋاننىڭ شاراب ئىچىش
خۇمارى تۇتتى، ئۇ بۇلاق بېشىغا بېرىپ،
بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ راھەت
قىلىشقا كىرىشتى. پالۋان ئازراق
ئۇخلاپ، بىرەر سائەت ئۆتكەندى،
ئەجدىھا پەيدا بولدى. مۇلازىملىرى ھەر-
قانچە پەرياد، پىغان قىلغان بولسىمۇ،
پايدا بەرمىدى. ئەجدىھا يېقىن كېلىپ،
پالۋاننى دەم تارتتى. پالۋان يوتى-
سىغىچە ئەجدىھانىڭ ئىچىگە كىردى.
ئەجدىھا بۇ تۆمۈرنى پۈتۈنلەي يۇتۇشنىڭ
ئىمكانى يوقلۇقىنى بىلىپ، چىشلىرىنى
بىلەپ، يۇتقىنىنى پارە - پارە قىلىۋەتمەك-
چى بولغانىدى، پالۋان دەرغەزەپ
بولۇپ، بىر قولىدا ئەجدىھانىڭ ئۈستى
كالپۇكىنى، يەنە بىر قولىدا ئاستى كالپۇ-
كىنى تۇتۇپ ماتانى يىرتقاندەك يىرتىپ
باشتىن - ئاياغ ئىككى بۆلەك قىلىپ تاشلى-
دى. قادىر تاۋاناغا شۈكرى بەجا كەلتۈر-
گەندىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ، مۇلازىم-
لىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەمما پالۋاننىڭ
پۇتىغا ئەجدىھانىڭ زەھىرى ئۆتكە-
نىكەن، ماگالماي قالدى. جىمى تېۋىپلار
زەھەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن داۋا، چارى-
لەرنى قىلدى. ئەمما نەتىجە بەرمىدى.
بۇ دەردنى پەقەت دېڭىز ئىچىدىكى ئارال-
دا ئۆسىدىغان بىر گىياھ بىلەن داۋا-
لاش مۇمكىن ئىكەن، باشقا ئىلاج يوق
ئىكەن. ئەمما بۇ گىياھ بىر غەۋۋاس
دىۋىنىڭ مۈلكىدە ئىدى. ھېچكىم ئۇ
دىۋىگە بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. بۇ گەپنى
ئاڭلاپ پالۋان ھەيرەتتە قالدى. شۇ
چاغدا نەرىمان قوپۇپ رۇخسەت ئالدى-
دە، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ئارالغا
يېتىپ باردى. غەۋۋاس دىۋە قەددى
قامەتلىك بىر پالۋاننىڭ كەلگەنلىكىنى
كۆرۈپ، ئالدىغا كەلدى ۋە شۇئان نەرى-
مان بىلەن ئېلىشقا بەل باغلىدى. يەتتە
كېچە - كۈندۈز جەڭ تالاش قىلىپ،
ئاخىرىدا نەرىمان دىۋىنى يىقىتىپ،
ئۆزىگە بويسۇندۇردى، يەتمىش خىل گى-
ياھ دورىنى غەۋۋاسى دىۋە بىلەن گەر-
شەسىپنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈردى. جاھان
پالۋان دىۋىنى ئىنئام، ئېھسان بىلەن
جايىغا ياندۇردى. ھەكىملەر بۇ دورىلار
بىلەن پالۋاننى داۋالىدى.

## فەرىدۇننىڭ ئوغۇللىرى ھەققىدە قىسسە

پەسلى داستان ئىشىتمەك كىبرەككى،
خۇدايىتائالا ئۆز كامالى قۇدرىتى بىلەن
فەرىدۇن شاھقا ئۈچ ئوغلان ئاتا قىلدى.
بۇ ئوغۇللار بالاغەتكە يەتكەنىدى. شاھ-
نىڭ بېشىغا ئۈچ ئوغۇلنى ئۆيلەش
ھەۋىسى چۈشتى. شەرت شۇ ئىدىكى، كې-
لىن بولىدىغان ئۈچ ماھى پەيكەر
بىر ئاتا - بىر ئانىدىن بولسۇن،
ئاتا - ئانىسى نەسلى نەسەب ۋە داڭقى
شۆھرەتتە ئوخشاش بولسۇن. شۇ چاغدىلا
بۇ پاك گۆھەرلەرنى ئاشۇ بەخت يۇلتۇز-
لۇق گۈزەللەر بىلەن جۈپ قىلىشقا مۇ-
يەسسەر بولغان بولاتتى.
شاھنىڭ جەندىل ئاتلىق بىر ۋەزى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ری بار بولۇپ، دانا، ئىش بىلەرمەن
ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا پەرمان قىلىپ دې-
دىكى، ئەتراپ ئالەمنى كېزىپ، بىر ئاتا،
بىر ئانىدىن بولغان ئۈچ قىزى بار بىر
پادىشاھنى تاپساڭ، شاھزادىلەر ئۇلۇغ
دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولاتتى.

جەندىل ۋەزىر شۇنداق پادىشاھنى
ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئالەمدە نامى
چىققان ھەربىر شەھەر ۋە قەلئەلەرگ
بېرىپ، ئەھۋال ئۇقۇشتى. فەرىدۇن شاھ-
نىڭ يارلىقىدا كۆرستىلگەندەك شاھزادى-
لەرگە لايىق قىزلىرى بار پادىشاھ تېپىل-
مايتتى. بىر كۈنى يەمەن شەھىرىنىڭ
چېگرىسىغا بېرىپ قالدى. شەھەر ئىچىدىن
خەۋەر ئېلىپ يۈرگەندە، يەمەن شاھىنىڭ
ئىپپەت پەردىسى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان
ئۈچ مەسۇم قىزى بارلىقىنى ئېنىقلىدى.

نەزمە

ھەمە ناز ئەندامۇ خۇرشىد روي،
ھەمە سەرۋ قەددۇر، سۇخەندىدە گوي.
كېلىپ ھۆسن ئىلە ھەر بىرى بىر پەرى،
نە دەيكىم پەرى، خۇبلار سەرۋەرى.
يۈزىدىن خىجىل ئېردى ئاي بىرلە كۈن،
ساچىدىن داغى كەسب ئېتەر تىيرە تۈن.

ئەمما بۇ قىزلارنى ئاتا ۋە ئانىسى
مېھرىبانلىق بىلەن خاس بىر ئىسىم بىلەن
ساقلايتتى.

ئەلقىسسە، جەندىل يەمەن شاھى
بىلەن كۆرۈشۈپ، سالام، تەزىم رەسمىيە-
تىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن شاھ فەرى-
دۇننىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. يەمەن
شاھى جەندىلنى كۆپ تاۋازۇ بىلەن
كۈتۈۋېلىپ، بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ كەيپە-
ياتىنى سورىدى. جەندىل ئۆزىنىڭ ئەل-
چىلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى.
يەمەن شاھى بۇ سۆزنى ئىشىتكەچ ئۆرە-
تۆپە بولۇپ كەتتى. چۈنكى ھەرەمخانىدىن
تاشقىرىغا چىقىپ باقمىغان بۇ قىزلىرىدىن
بۆلەك پەرزەنتى يوق ئىدى. كېچە-
كۈندۈز كۆڭلىنىڭ ئارامى بۇلار بىلەن
ئىدى.

نەزمە

ئىشتكەچ بۇ سۆزلەرنى شاھى يەمەن،
قاراردى كۆزى بۇ شەبى قەدردەن.
دېدى: «بولماسا ئۈچ قىزىم قاشىمە،
نە كەلگۈسىدۇر بۇ قارا باشىمە.
ماڭا روزى رەۋشەن بولۇر تىيرە شەب،
يېمەكدىن، دېمەكدىن تىكىپ ئىككى
لەب ...»

ئەلقىسسە، يەمەن شاھى جەندىلگە
بېرىدىغان جاۋابىنى كېڭىشىپ كۆرۈشكە
قالدۇردى. جىمى ۋەزىرلەر ۋە ئاكابىر
ئەشرەبلەرنى بىر خىلۋەت جايغا يىغدى.
بۇلارنىڭ ھەربىرىدىن مەسلىھەت سورى-
دى. ۋەزىرلەر ۋە شاھنىڭ يېقىن كىشىلە-
رىمۇ شۇنداق دېيىشتى.

— ئەي پادىشاھ، نېمىنى پەرمان
قىلساڭ، بىز سېنىڭ پەرمانىڭنى تۇتىمىز.
لېكىن ئۇ فەرىدۇن شاھ يەر يۈزىنىڭ پادىشا-
ھىدۇر. گۇرشەسپ دېگەن بىر پالىۋانى
بار، ئۇنىڭ سام ئاتلىق بىر ئوغلى بار،
نە دىۋە، نە پەرىزات، نە ئادەمزات بۇلارغا
تاقابىل بولالمايدۇ.

نەزمە

ئېرۇر ئول فەرىدۇن جەھان شەھرىيار،
شاھ ئالدىدا قۇلغە نەدۇر ئېتىبار.

ئەگەر ھەرنە دەر شاھ ئەمرى رەسۇل،
چەراچۇن دېمەك بىزدىن ئېرمەس قەبۇل.

ئەلقىسسە، يەمەن شاھى فەرىدۇن بىلەن جېدەللىشىپ، ھۆددىسىدىن چىقىشنىڭ يولى يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن نائىلاج جەندىلنى چاقىرتىپ، تەييارلىغان جاۋابىنى مەلۇم قىلدى:

— فەرىدۇن شاھ ھۆكمىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدۇق، لېكىن مەن كەمىنەنىڭ بىر ئەرزى شاھ ئالىيجانابىقا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكىم، ئۆزىنىڭ كۆز نۇرى بولغان قىممەتباھا ئۈچ گۆھىرىنى ئىنايەت قىلىپ، بىز تەرەپكە ئەۋەتسە، ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن خىرە كۆزلىرىمىز روشەن ۋە بۇ ۋەيرانە مەملىكىتىمىز گۈلشەن بولاتتى. پەرزەنتلىرىمنى بۇ دۆلەت ئەزىم بىلەن بەختىيار ئەتمەكلىرىدىن كۆپتىن - كۆپ ئۈمىد تۇتىمىز.

جەندىل يەمەن شاھىنىڭ تۇتقان ئەرزىنى شاھىنشاھقا يەتكۈزدى. فەرىدۇنمۇ بۇ شاھزادىلەرنى يەمەن مەملىكىتىگە ئەۋەتىشكە ماقۇل بولدى. ئەۋەتىشتىن بۇرۇن پەرزەنتلىرىگە تەلىم بېرىپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى بولغان ئەزىز باللىرىم، سىزلەرنى سىناش ئۈچۈن قىزلار ئوتتۇرانچىلارنى تۆردە، كىچىكلارنى ئوتتۇرىدا، چوڭلارنى تۆۋەن پەگاھتا ئولتۇرغۇزىدۇ. سىزلەرمۇ ئوشبۇ تەرتىپ بىلەن ئولتۇرۇڭلار. شۇ چاغدا قىزلارنىڭ ئېتىبارى مەلۇم بولىدۇ.

شاھ پەرزەنتلىرىگە يەنە بىرمۇنچە نەسىھەت قىلىپ ۋىدالاشتى. ئۈچ ئوغۇل بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن قاتتىق يول بېسىپ، يەمەن مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى. يەمەن شاھى شاھزادىلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئالدىغا چىقتى ۋە كۆپ ئىززەت، ئىكرام بىلەن ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى. كەچ كىرىپ قالغاندى. يەمەن شاھى بىرمۇنچە ئىشلارنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندى. بۇ ئىشلارنى شاھزادىلەردە زىيادىسى بىلەن كۆردى. شۇنداق بولسىمۇ، يەنە بىر مىكىر ئىشلىتىپ شاھزادىلەر ئۈچۈن سەھرادا قونالغۇ قۇرۇپ سەھەر ۋاقتىدا غارايىب ئىش پەيدا قىلدى. جىمى ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار سوغۇقنىڭ شىددىتىدىن ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ، ھەممىسى ئۆز ئورنىدا مۇزلاپ قالدى. شاھزادىلەر بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتكەندىن كېيىن ئەپسۇن بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ ھۇزۇر بىلەن شاراب ئىچىشتى، يەمەن شاھى شاھزادىلەرنىڭ ھۆركىرەپ تۇرغان شىردەك شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلاردا ھېچبىر نۇقسان تاپالمىدى. نائىلاج قازاغا رىزا بولۇپ، شەھەرنىڭ كوچا - گۇزەرلىرىگە زىننەت بەرگۈزۈپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزدى. شاھزادىلەرنىڭ بېشىدىن خەزىنە - خەزىنە ئالتۇن - زەر، دەپىنە - دەپىنە ئېسىل رەختلەرنى چاچقۇ قىلدى. سازەندىلەر بىلەن ناخشىچىلار ھەممىنى مەمنۇن قىلىپ، تويىنى قىزىتىۋەتتى. شۇ جاينىڭ قانۇن - قائىدىسى بويىچە قىزلارنى ئەقدە - نىكاھ قىلىپ شاھزادىلەرگە بەردى. شۇ تەرىقە ياشلار كۆڭۈل ئىستەكلىرىنى تاپقاندىن كېيىن يەمەن شاھىدىن ئىجازەت ئېلىپ، شاھىنشاھ دەرگاھىغا يېنىپ كېلىشتى.

www.uyghurkitap.com



بولارنىڭ خىزمىتىدە ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەر ۋە ئالتۇن كەمەر باغلىغان غۇلاملاردىن مىڭ كىشى مەنزىل، ئۆتەڭلەرنى بېسىپ بىللە كېلىشتى. بۇنىڭدىن فەرىدۇن شاد ـ خۇرام بولدى.

ئەمما يەمەن شاھى شاھزادىلەرنى ياندۇرغان چاغدا: «قاچاندا بولمىسۇن مەن دىدار كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلسام، بۇ ئەرزى نامەم بارغان ھامان پەرزەنتلىرىم بىلەن بۇ گۈلچېھرىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىشلىرىدىن ئۈمىدۋارمىز» دەپ يازغانىدى.

ئەلقىسسە، شاھزادىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، فەرىدۇن دەرھال بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ھەمراھ بولۇپ چىققان لەشكىرىنى بىر يەردە قويۇپ، ئۆزى باشقا بىر مەنزىلگە باردى ـ دە، ئەجدىھا سۈرىتىدە بولۇۋېلىپ، يول ئۈستىدە تۇردى. ئاۋۋال چوڭ ئوغلى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، تۇساتتىن بىر سالاپەتلىك ئەجدىھانىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. شۇ ئەسنادا ئوتتۇرانچى ئوغلى يېتىپ كەلدى. ئەجدىھا قىياپىتىگە كىرىۋالغان شاھ بەش تۈرلۈك خىرىس قىلدى. ئوتتۇرانچى شاھزادە شىر سۈپەت قەيسەرلىك بىلەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، كەيانى كامانىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر ئوقيا بىلەن ئەجدىھانىڭ ئىشىنى تامام قىلماقچى بولدى. شۇ پەيتتە شاھنىڭ كىچىك ئوغلى قاتتىق ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى: «ئەي زۇۋانسىز ئەجدىھا، بىز شاھ فەرىدۇننىڭ ئوغلانلىرىدۇرمىز. سەن ئۇل ئالىي پادىشاھنىڭ ئېتىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ يولدىن يىراق تۇر، ئۇنداق بولمىغاندا، شەمشەرنىڭ زەربىسى بىلەن ھالاك بولىسەن».

فەرىدۇن ئوغلانلىرىدىن بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئەسلى سۈرىتىگە كېلىپ، لەشكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، شاھزادىلەر شاھنى كۆرۈش بىلەنلا يۈگۈرۈپ بېرىپ، شاھىنشاھنىڭ ئاياغلىرىغا كۆزلىرىنى سۈرتتى. شۇندىن كېيىن يولغا ئاتلىنىپ شاھىنشاھنىڭ بارگاھىغا كېلىشتى. بۇلار يول ھاردۇقىنى چىقىرىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئاتىلىرى خىزمىتىدە بولۇپ، ئەجدىھانىڭ قىسسىسىنى بايان قىلدى. شاھ ئوغۇللىرىغا قاراپ مۇنداق دېدى:

—سىزلەرگە ئۇچرىغان ئۇ ئەجدىھا مەن ئىدىم. سىزلەرنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلغانىدىم. چۈنكى تاكى بۇ ۋاقىتقىچە سىزلەرگە ئات قويغىنىم يوق. ئەمدى ئات قويىمەن.

شاھ چوڭ ئوغلىغا قاراپ: «سەن سالامەتلىكنى ئىختىيار قىلدىڭ، ساڭا سەلم ئات قويدۇم» دېدى. ئوتتۇرانچى ئوغلىغا قاراپ: «سەن بىرمۇنچە جۈرئەت ـ جاسارەت كۆرسەتتىڭ، سېنىڭ ئېتىڭ تۇر بولسۇن» دېدى. كىچىك ئوغلىغا قاراپ: «سەن ئەقىللىك ھەم ئالىيجاناب جەسۇرسەن، سېنىڭ ئېتىڭ ئىراج بولسۇن» دېدى.

بۇ شاھزادىلەرنىڭ ھەرەمخانىسىغا كىرىپ، كېلىنلىرىگىمۇ يېڭىدىن ئات قويدى. چوڭىنىڭ ئېتىنى ماھروي، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئېتىنى ئازادخۇي، كىچىكىنىڭ ئېتىنى ھۆرسەھى قويدى.

ئۇندىن كېيىن فەرىدۇن مۇنەججىملەرنى بىر خىلۋەتكە يىغىپ، ئوغلانلىرىنىڭ كەلگۈسى قىسمىتىنى سورىدى. مۇنەججىملەر: «سەلىم بۇئالەم پانىيدىن باقىي دۇنياغا ئېپتىداسىز ئالدىدا ئۆتىدۇ، تۇر جاھاندا سان – ساناقسىز پىتنە – ئىغۋا تۇغدۇرۇپ ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. ئىراجىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. ئىككى ئاكىسىنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ. لېكىن كەيانىي تەختى ۋە تاج تاكى ئاخىر زامانغىچە بۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ بولىدۇ» دەپ ئالدىن خەۋەر بەردى.

فەرىدۇننىڭ ئىراج توغرىسىدىكى گەپ – سۆزدىن كۆڭلى غەمكىن بولۇپ، مەملىكەتنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز قىسمىتىگە رازى بولۇپ، ئۆزئارا نىزا – ماجىرالارنى پەيدا قىلماس دەپ ئۈمىد قىلغانىدى.

فەرىدۇن ۋەزىر، دانىشمەنلەر بىلەن كېڭەش – مەسلىھەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ غەربىي قىسمىدا رۇم ۋىلايىتىنى سەلىمگە بەردى. شەرقىي قىسمى تاكى چىنغىچە تۇرغا تەگدى. بۇ زېمىن تۇران دەپ ئاتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ مەركىزى بولغان ئىران زېمىنىنى ئىراجغا بېرىپ، ئۆزى ئىراج بىلەن ئىراندا قالدى.

فەرىدۇننىڭ پادىشاھلىقىدىن بەش يۈز يىل ئۆتكەچ، پانىي دۇنيادىن كۆڭلى سوۋۇپ، ئىراجنى ۋەلىئەھد قىلىپ تەيىنلىدى. شۇندىن كېيىن تامام خەلق، سەردارلار ۋە پالۋان گەردەن كەشانلار، بارچە ئەھلى يارانلار ۋە دىلاۋەرلەر، بارگاھتىكى خىزمەتكار غۇلاملار ئىراجقا بويسۇندى. فەرىدۇن ئۆزى خىلۋەت جاينى ئىختىيار قىلىپ، ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى.

## گۇرشەسپىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى

رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، بىر كۈنى شاھنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى ئېلبۇرس تېغىنى زىيارەت قىلىش ھەۋىسى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئۇنى سەراندىب تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. بەزى يۇرت كاتتىلىرى ۋە پالۋانلارمۇ مەزكۇر جاي تەرەپكە يۈزلەندى. كىشىلەر ئۇ جايغا بېرىشنى ھەر قانچە توسقان بولسىمۇ، قوبۇل قىلمىدى. ئاخىر سەراندىب تېغىغا كېلىپ، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشتى. بۇ تاغنىڭ ئېتىكىدىن ئورۇن تۇتۇشتى.

پالۋانلار ۋە نەۋجۇۋانلار ئوۋ ئوۋلاش بىلەن بولۇپ كەتتى. كۈتۈلمىگەندە گۇرشەسپ تاغ ئىچىدە ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ ئۇسساپ كەتتى. ئىزدىتىپمۇ سەرابنى دەريا دەپ پەرەز قىلىپ، تاغدىن تاغقا ئاشاتتى. تۇيۇقسىز بىر يەرگە بېرىپ قارىسا، مۇناپىقلار كۆڭلىدەك قارا، بېخىللار گۆرىدىن چوڭقۇر بىر قۇدۇق تۇرۇپتۇ. قۇدۇقنىڭ سۈيىنى ئىمكانىنىڭ بارىچە ئىچتى. يەنە شىكار قىلماقچى بولۇپ يۈرەتتى. ئەمما ئىچى قىزىپ، كۆڭلى ئاينىشقا باشلىدى. ئاھ، بۇ پالۋاندا يۈرۈش ۋە تۇرۇشنىڭ ھېچ ئىلاجى قالمىدى. بۇ ھالدا ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈننى پەرزەنت قايغۇسىدا ئۆتكۈزدى. پالۋاندىن ئايرىلىپ قالغانلار بۇرۇنلا بارگاھقا قايتىپ كېلىشكەنىدى. ئۇلار كۈرشەسىپنى بىر-بىرلىرىدىن سوراشتى. ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

كۈننىڭ تىغ قىلىچى ئاسمان ياقىسىنى چاك قىلدى. شاھ فەرىدۇن نەرىماننىڭ ھەمراھلىقىدا تامام لەشكەر بىلەن پالۋاننى تاغ ئارىسىدا ئىزدەپ يۈرەتتى. تۇساتتىن نەرىمان پالۋاننىڭ ئېچىنىشلىق ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. رەڭگىرويى ئۆچكەن، نەرىمان قاتتىق بىر نەرە تارتىپ، شاھ ۋە تامام لەشكەرنى پالۋاننىڭ ھالىدىن خەۋەردار قىلدى. بارچە ئاكابىرلار، دانىشمەنلەر ۋە ھۆكۈمالارنىڭ ھەممىسى جەم بولۇشتى. كېسەللىك سەۋەبىنى سوراشتى.

— جاھان پالۋان زەھەر ئىچكەن بولسا كېرەك، — دېدى فەرىدۇن.

— بۇئىش كىمدىن بولغاندۇر؟ — دەپ سوراشتى ھەممە ھەيرەتتە قېلىپ.

— بۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس. پەرەز شۇكى بىرىيەردە بۇلاق ئۇچرىغان بولسا، بۇلاقتا زەھەر بولسا، ئۇنى بىلمەي ئىچكەندۇر.

ئۇلار ئالدىراشلىق بىلەن سەۋەبىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. تاغنىڭ بىر تەرىپىدە كۆل بولۇپ، بۇ كۆلنىڭ لېۋىدە بىر ئەجدىھانى كۆرۈشتى. ئېنىقلاپ بىلىشتىكى، بۇ كۆلنىڭ سۈيى ئەجدىھانىڭ قۇسقان سەپراسى ئىكەن. پالۋان ئۇنى بىلمەي ئىچىپتۇ. نەرىمان ياقىسىنى چاك قىلدى. مەست تۆگىدەك بوزلاپ، غەزەپلىك شىردەك ھۆۋلاپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھەيۋەت بىلەن ئۇنىڭغا تاشلاندى. ئەجدىھا ماڭا بىر يەم پەيدا بولۇپ قالدى، دەپ دەم تارتىشقا باشلىدى. ئەمما ئاغزىدىن چىققان دۇد پالۋانغا تەسىر قىلمىدى. نەرىمانغا گويا يۈز مىڭ كەمەن باغ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇنى ئېتى بىلەن قوشۇپ سۆرىۋاتقاندەك بىلىندى. پالۋان ئۆتكۈر قىلىچىنى دەرھال يالىڭاچلاپ، جەرراجەر نەئرە تارتىپ ئەجدىھانى شۇنداق چاپتىكى، تەڭمۇ تەڭ ئىككى بۆلەك بولدى. شۇندىن كېيىن نەرىمان ئاتىسى يېنىغا كېلىپ قارىسا، پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا سەپەر قىلىپتۇ.

نەزمە

ۋەفاسىز جەھاندىن ۋەفا ئىستەمەك،
سۇ ئۈستى كۆپۈكتىن بەقا ئىستەمەك.
بولۇپ كىمسە ئۇندىن دەمى نۇش خەند،
بېرىپ ئاقىبەت زەھرى بىرلە گەزەند.

ئەلقىسسە، شاھ فەرىدۇن نەرىمان بىلەن بىللە پالۋاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ، پايتەختكە قايتىپ كېلىشتى. كېيىن نەرىمان شاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى جەمشىد چېدىرىغا ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلدى.

مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# مۇخەممەسلەر

## ئابدۇرېھىم نىزارى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: نىزارى مول ئىجادىي مىراسلىرى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزىگە خاس شۆھرەتلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن نامايەندىلەرنىڭ بىرى. ئۇ 1776 – يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ «بۇلاق بېشى» مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، 1850 – يىلى ۋاپات بولغان.

نىزارى ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى گۈلشىنىدە ئاجايىپ رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇردى. ئۇ نەۋائىنىڭ «خەمسە»چىلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «لەيلى – مەجنۇن»، «مەھزۇن – گۈلنىسا» ۋە (زىيائى بىلەن بىرلىكتە) «چاھار دەرۋىش»... قاتارلىق بىر قانچە يىرىك داستانلارنى ياراتتى. بۇ داستانلار نورۇزاخۇن كاتىب زىيائى ۋە تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى قاتارلىق ھەمنەپەس شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىللە «غېرىبلار ھېكايىتى» ناملىق توپلامغا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن.

نىزارى كۈللىياتىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان بىرقانچە قول يازما نۇسخىسى بار. ئۇنىڭدىن بىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ موزېيدا ساقلىنىۋاتقان №009 ئىنۋېنتار نومۇرلۇق قول يازما. يەنە بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى لېنىنگراد بۆلۈمى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نىزارى كۈللىياتى بولۇپ، ئۇنىڭ فورماتى 32 × 24 س. م. بۇ قول يازمىنىڭ باش – ئاخىرى تولۇق ۋە ياخشى ساقلانغان.

مەزكۇر قول يازما تەركىبىدىكى نىزارىنىڭ دىداكتىك ئەسىرى «زادۇن – نەجات»نىڭ ھاشىيىسىگە شائىرنىڭ 35 پارچە مۇخەممىسى كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 49 بەتنىڭ ھاشىيىسىگە كۆچۈرۈلگەن بۇ مۇخەممەسلەر 290 كوبلېت، 1450 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نىزارىنىڭ بۇ مۇخەممەسلىرى ئەلىشىر نەۋائى غەزەللىرىگە يېزىلغان تەخمىسلەردىن ئىبارەت بولۇپ، غەزەللەر «چاھار دىۋان» دىن مۇۋاپىق نىسبەتتە تاللاپ ئېلىنغان. مەسىلەن:

1 – دىۋان — «غەرايىبۇس - سىغەر» دىن 4 غەزەل؛
2 – دىۋان — «نەۋادىرۇش - شەباب» دىن 13 غەزەل؛
3 – دىۋان — «بەدايىئۇل - ۋەسەت» تىن 5 غەزەل؛
4 – دىۋان — «فەۋايىدۇل - كىبەر» دىن 12 غەزەل.①

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نىزارى يۇقىرىقى غەزەللەرنى «چاھار دىۋان» نىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىدىكى-

---

① «ع» قاپىيەلىك بىر غەزەلنىڭ قايسى دىۋانغا تەئەللۇقلىقى ھازىرچە ئېنىق بولمىغانلىقىدىن يۇقىرىقى سانغا كىرگۈزۈلمىدى.

26 ھەرپىنىڭ ھەر بىرى بىلەن قاپىيەلىنىدىغان غەزەللەرنى بىر ـ بىرلەپ تاللاپ ئالغان. آ، ب، ط، ھ ھەرپلىرى بىلەن قاپىيەلىنىدىغان غەزەللەردىن بولسا تەكرار تاللىغان ۋە ھەر بىر ھەرپ بىلەن قاپىيەلىنىدىغان غەزەلگە «ھۇرۇفىل آ»، «ھۇرۇفىل بە» دېگەنگە ئوخشاش مەۋزۇ قويۇپ چىققان.

تالانتلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەلىشىر نەۋائى غەزەللىرىگە تەخمىس يازغانلىقى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئەلىشىر نەۋائى بىلەن بولغان ئەدەبىي ئالاقىسىنىڭ نەقەدەر قويۇقلىقى، ئۇستاز نەۋائىغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، نىزارىنىڭ ئېپىك شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، بەلكى لىرىك شېئىرىيەتتىمۇ يۇقىرى ئىستېدات ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە غەزەلىياتتىنمۇ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

نىزارى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نىزارى ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق مۇكەممەل نۇسخىسىنى تۈرغۇزۇپ چىقىش خىزمىتىگە ياردىمى بولار، دېگەن مەقسەتتە بۇ مۇخەممەسلەر نەشرگە تەييارلاندى.

آ (ئا) ھەرپى

ساغەرۇ ۋەھدەت بىلە ئەيلەپ تەھارەت، ئىبىدا،
قىل مۇھەببەت دەيرىدە پىرى مۇغانغە ئىقتىدا،
ئەيلەگىل باشىڭغە ئولدەم بادەپالادىن رەۋا،
ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل ـ كەئىسى ئەنۋارول ـ ھۇدا،*
يار ئەكسىن مەيدە كۆر، دەپ، جامدىن چىقتى سەدا.

سىپقارىپ ۋەھدەت مەيىن قىل ماسەۋەللاھنى ئەدەم،
دەپ نىدا چەككەي ھىدايەت پىرى چۈن ھەر سۇبھىدەم،
زەۋق بىرلە تىز قويغىل، ئەي كۆڭۈل، ئول يان قەدەم،
غەيرى نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدە بولسە زەڭگى غەم،
يوقتۇر، ئەي ساقى، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزەدا.

مەي گەدالىق ئەيلەبان بولمە كۆڭۈل سەرگەشتە ھال،
تۇتقۇسى ساقى ئەزەل ھەر سۇبھىدەم جامى ۋىسال،
ئۆزلۈكۈڭنى ئەيلەگىل ۋەھدەت مەيىگە پايىمال،
ئەي، خۇش ئول مەيكىم، ئاڭا زەرف ئولسە بىر سىنغان سەفال،
جام ئولۇر گىتىنىەما جەمشىد، ئانى ئىچكەن گەدا.①

* 1 ـ دىۋان — «غەرايىبۇس ـ سىغەر»دىن. آ (ئا) تەركىبىدىكى 1 ـ غەزەل
① ئەسلى قول يازمىدا مۇشۇ مىسرا بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مىسرا ئالمىشىپ قالغان. تۈزىتىپ ئېلىندى.

گەر مۇيەسسەر بولسە ئول مەي، ئەمدىن ئايرىلماق بولۇر،
نۇش ئىتىپ ئەھلى فەنا سىلكىگە قاتىلماق بولۇر،
ماسەۋەللاھ بارىنىڭ ئەشغالىدىن تىيماق بولۇر،
جام مەي گەر بۇيلەدۇر، ئول جام ئۈچۈن قىلماق بولۇر،
يۈز جەھان ھەر دەم نىسار، ئول مەي ئۈچۈن مىڭ جان فىدا.

كىم تەئەققۇل ئەھلى شەيدا بولغالى، ئەي مۇغبەچە،
تالىبى دىلخەستە ئەھيا بولغالى، ئەي مۇغبەچە،
چۈن نەۋا ئەھلىگە ئەفشا بولغالى، ئەي مۇغبەچە،
دەير ئارا ھۇش ئەھلى رەسۋا بولغالى، ئەي مۇغبەچە،
جامى مەي تۇتساڭ مەنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا.

مەي ئىنايەت بولسە كىمگە دەيرى پىردىن ئەگەر،
ئۆزلۈكىن نابۇد ئىتىپ ھەم كۆڭلىدىن تاپماس خەبەر،
قالماغاي جانۇ دىلىدا غەيرى نەقشىدىن ئەسەر،
تاكى ئول مەيدىن كۆڭۈل جامىدا بولغاچ جىلۋەگەر،
چەھرەئى مەقسۇدى مەھۋ ئولغاي ھەم ئولدەم مائىدا.

قالسە بۇ ئالەم ئارا نەفسى ـ ھەۋا دام ئىچرەكىم،
تاپماسە قۇربەت ھەرىمىن سۇبھ ئىلە شام ئىچرەكىم،
چەھرەئى مەقسۇدنى تاپقاي جامى گۇلفام ئىچرەكىم،
ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرەكىم،
جامۇ مەي لەفزىن دىگەن بىر ئىسىم ئىلە قىلغاي ئەدا.

ساغەرۇ ۋەھدەتنى ئىچكەن ئۆزلۈكى نابۇد ئېرۇر،
ھۇش زايىل ئەيلەبان ئول دەيردە بىخۇد ئېرۇر،
ساغەرۇ سەھبا ھەمە ئىشق ئەھلىگە مەقسۇد ئېرۇر،
سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇد ئېرۇر،
بىلمەيمن نەفى ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن، زاھىدا.

سۇبھىدەم كەلگەي ئىدا ھەر تۈن فەلەك تاقىسىدىن،
يوق دەۋا غەمگە بۆلەك چۈن بادە تەرياقىسىدىن،
مەي گەدالىق قىل، نىزارى، دەير ئۇششاقىسىدىن،

ئەشنە لەب ئۇلمە نەۋائى، چۈن ئەزەل ساقىسىدىن،
ئىشرەبۇ يا ئەيىۋھەل ـ ئەتشان كىلۇر ھەر دەم نىدا.

* *

دوستلار، يوقتۇر ۋەفا ئىمكانى بۇ دەۋران ئارا،
رەختىنى تارتاركى «كۇللى مەن ئەلەيھا فان»① ئارا،
چەككۇسى بادى ئەجەل جان نەقدىنى پىنھان ئارا،
يا رەب، ئۇل سائەتكى تۈشكەي ھەجر جىسمۇ جان ئارا،
سالغۇلۇق ئايىنى فىراق ئۇل گەنج بۇ ۋەيران ئارا.*

مۇۋەسىنى ئارزۇ ئەيلە ھىدايەت باغىنىڭ،
دەردىنى دەفئ ئەت كۆڭۈلدىن يارى ئۇلفەت داغىنىڭ،
كوھكەن يەڭلىغ قىل ئۆزنى كىم مۇھەببەت تاغىنىڭ،
سەرسەر ئاھى بىر قۇيۇن قىلغاي بەدەن تۇپراغىنىڭ،
جۇزۋى ـ جۇزۋىن بىر ـ بىر ئۇشبۇ گۇنبەزى گەردان ئارا.

چىھرەئى مەقسۇدغە غەفلەت پەردەسىنى ياپماغاي،
تەرك ئىتىپ بارى جەھاننى ئاندا خۇررەم ئويناغاي،
دەھرى بىپايان ئارا ئاقىل ئىقامەت قىلماغاي،
ئۇيلە ساۋرۇلغاي ئەناسىر بىر تەرەفكىم، تاپماغاي
بىر ـ بىرىسىدىن نىشان بۇ ۋادىئى ھىرمان ئارا.

ئاقىبەت قىلغاي سىنى دەۋران فەنا كۇنجىدا ئەزل،
ئۆمرنى تۇتغىل غەنىمەت، ئەيلەگىل نەفسىڭگە ئەدل،
جان قۇشى پەرۋاز ئىتەر خاكى تىنىڭ تۇفراقغە ۋەسل،
جىسم تەركىبى پەرىشان ئولغاي ئۇل يەڭلىغكى ئەقل،
سوڭرە جەمئ ئولماقغە رۇخسەت بەرمەگەي ئىمكان ئارا.

كەئبەئى مەقسەدكە ۋەھكىم، ئەزم ئىتەرگە يول يىراق،
كىم فەنا ۋادىيسىغە ھىممەت بىلەقويغىل ئاياق،
ئاخىرى بادى فەنادىن يۇمرۇلۇر تاقو رەۋاق
جىسم ئىلە مجان ئىچرە گەرچە تۈشكەي ئاشۇبى فىراق،
سالمە فۇرقەت ئىبتىلاسى جان بىلە ئىمان ئارا.

---

* 2 ـ دىۋان — «ئەۋادىرۇس ـ شەباب» دىن. آ (ئا) ھەرپى تەركىبىدىكى 5 ـ غەزەل،
① «زىمىن ئۇستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ» — «قۇرئان كەرىم» 27 ـ پارە، سۈرە
«رەھمان» 25 ـ ئايەتنىڭ تەرجىمىسى.

ۋايكىم، ھالىمغە بۇ يول ئۆزرە رەھبەر بولماساڭ،
بۇ مۇسافىر ھالىغە مۇشكۇلكى شەفقەت قىلماساڭ،
بىر تەرەھھۇم ئەيلەبان جانىمغە فۇرقەت سالماساڭ،
جۇزۋى - جۇز ئايرىلسە بىر - بىردىن نې غەم گەل تۇتماساڭ،
لۇتف ئەتىپ يالغۇز مېنى ئول ۋادىئى ھىجران ئارا.

دەھردە تەۋل ئەملىلكدىن [كىم] فەسادىم تۇتتى ئەۋج،
كىم ئەدۇۋۋى جان ماڭا، ئەي ۋايكىم، فەرزەند زەۋج،
قورشادى دىل شاھىنى جۇرمۇم سىپاھى فەۋج - فەۋج،
ھەر نەچە تۇفانى ئىسيانىم چىبكەر گەردۇنغە ئەۋج،
كىمسەگە نۇھ ئولسە كىشتىبان نې غەم تۇفان ئارا.

غەرق ئولۇپ گىردابى غەفلەتدە كۆڭۈل، جان بىرلە تەن،
بولدى گۇم بۇ بەھرىدە گۇل پىرەھەن نازۇك بەدەن،
مىننەتىن جانىمغە قوي دوستۇڭنى، يارەب زۇلىنەن،
ئول ھەبىبىڭنى شەفىئىم قىلكى بولغاي يۈز تۈمەن،
نۇھ مۇھتاجى ئانىڭ بۇ بەھرى بىپايان ئارا.

ئىختىلات ئەتمەس ئىۆزدىن ئەھلى خىرەد ئەسر ئەھلىغە،
داغلار قويدى ئەجەل قەۋمى غىنا قەسر ئەھلىغە،
باد بەرگەي كىسرى تاقىدىن نىشان چەتر ئەھلىغە،
ئەي نەۋائى، جاننى تۇفراق ئەيلەگىل فەقر ئەھلىغە،
ئىستەسەڭ مەھشۇرلۇق ئول خەيلى ئالى شان ئارا.

* *

نې خۇشدۇر بولسە ئالتۇن جام ئىچىدە قىرمىزى سەھبا،
ئەگەركىم تۇتسە ئول گۇل رەڭگى مەينى ساقىئى بەرنا،
مۇيەسسەر بولمادى بۇ ئارزۇدىن مىڭ ئەلەم پەيدا،
بىھى رەڭگىدەك ئولمىش دەرد ھىجرىڭدىن ماڭا سىيما،
دىماغىم ئىچرە ھەر بىر تۇخمى يەڭلىغ دانەئى سەۋدا.

كۇھۇلەت گەردىدە پىنھان بولۇپدۇر جىسىم پەرۋەردىم،
خەزان فەسلىدەكى ئەشجارلاردەك فاش ئولۇپ زەئفىم،

* 3 - دىۋان — «بەدايىئۇل — ۋەسەت» دىن. T (ئا) ھەرپى تەركىبىدىكى 28 - غەزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نەدامەت نۇنىدەك ھەلقە بولۇپ بۇ سەرۋىدەك قەددىم،
مۇزەللەت تۇپراغى سارىغ يۈزۈمدە باردۇر، ئانداغكىم
بىھىدە گەرد ئولتۇرغان مەسەللىك تۇك بولۇر پەيدا.

نىيتەيكىم بۇ فەلەكتىن غەمدىن ئۆزگە بولمادى مەھرەم،
جەھان ئەيشىنى قىلماغلىقغە ھەرگىز قالمادى بەھرەم،
ۋىسالى مۇددەئاسىدا ۋۇجۇدۇمغە تاشىپ زەھرەم،
ئاقارتىپ ئىشق باشىمنى نەھان بولدى سارىغ چىھرەم،
ماھۇق ئىچرە بىھىنى چىرماغان يەڭلىغ كىشى ئەمدا.

كۆزۈمدە ئەشكىنىڭ ئۇمانلارى جارى ئىررۇر بى ۋەجھە،
سۆزۈمدە تەلبەلىكدىن ئىشق گۇفتارى ئىررۇر بى ۋەجھە،
ئۆزۈمدە ھەم كۆڭۈلدە ھەجر ئەفكارى ئىررۇر بى ۋەجھە،
يۈزۈمدە تىغ ھەجرىڭ زەخمى ھەر سارى ئىررۇر بى ۋەجھە
بىھىنى تىغ ئىلە چۇن قەتئ قىلماق رەسم ئەمەس قەتئا.

نەھىف ئولدى بەدەنىكىم غەم بىلە ماتەم شىكەنجىدىن،
كى جان نەقدى چىقارغە ياۋۇشۇپ بۇ جىسم خەنجىدىن،
دەرىغا، سۇد تاپماي ئۆتتى ئۇمرۇم دەھرى كۇنجىدىن،
يۈزۈم تۇفراغدەدور ھەردەم قورۇغان جىسم رەنجىدىن،
بىھىغە سەرنىگۇنلىغ شاھ زەئىفىدىن بولۇر گويا.

زەمانى بار ئىدىم بۇ باغ ئارا سەرۋى سەھى يەڭلىغ،
بەھار ئەييامىدا ئانداغ ئىدىم خاۋەر شەھى يەڭلىغ،
قەزا قىلدى مېنى ئەھلى فەنا خاكى رەھى يەڭلىغ،
بۇ گۇلشەن بىھبۇدى ئىستىگەن دائىم بىھى يەڭلىغ،
كىيىپ پەشمىنى تائەتغە قەددىن خەم ئاسرىماق ئەۋلا.

تاڭ ئىرمەس، ئەي كۆڭۈل، ئول يار [ساڭا كىم] قىلسە دىل جويلۇق،
ئىنايەت چىھرەسىنى كۆرگۈزۈپ قىلسە كۆڭۈلنى توق،
نىزارىنى نەۋا ئەھلى ئۆزىگە ئەيلىسە ياۋۇق،
نەۋائى گەر قۇياش نارەنجىدىن بىھراق كۆرەر، تاڭ يوق،
بىھىكىم لۇتف قىلمىش مەھد ئۇليا ئەسمەتۇددۇنيا.

*　　　*

ۋۇجۇدۇم ئۆرتەنىپدۇر، ئاھكىم ھىجران شەرارىندا،
گۇداز ئەتمىش فەلەك مەن خەستەنى چۇن ئىشق نارىندا،

*4 – دىۋان — T (ئا) ھەرپى ئەركىبىدىكى 25– غەزەل.

جەفادىن ئۆزگە بىر بەھبۇدلۇق يوق چەرخ كارىندا،
بىر ئاي ئۆتتى مەنى مەھزۇنغە بىر ئاي ئىنتىزارىندا،*
كۆنى كۆڭلۈم ئېرۇر ھۇشىندا نې ھۇشۇم قەرارىندا.

جەمالى يارنى كۆرمەك ھەۋەس كۆڭلۈم ھەۋاسىندا،
ھەمىشە ئارزۇ ئەيلەپ مۇھەببەت ماجەراسىندا،
ۋىسالى بەزمىنى ئىزدەپ يۈرۈرمەن ئىلتىماسىندا،
ئىچىم فۇرقەت بەلاسىندا، تاشىم ھەجر ئىبتىلاسىندا،
ئۆزۈم ئىشق ئىزتىرابىندا، تەنىم شەۋق① ئىزتىرارىندا.

ۋۇجۇدۇم رەختى بەرباد ئولدى ئەشكىدىنكى سەل قوپقاچ،
خەزان بولدى بەھارىم نى قىلاي، بادى ئەجەل قوپقاچ،
تاپالماي يار ۋەسلىن مەسكىنىمدىن بىمەھەل قوپقاچ،
يۈزۈك ھەجرىدە تۇفراغ ئولدۇم، ئول يەڭلىغكى يەل قوپقاچ،
قۇياش چىقسا پەيدىدار ئولماغاي جىسمىم غۇبارىندا.

سەنا كۈيۈككى شەۋقۇڭدىن گۇلىستان ئىچرە بۇلبۇللار،
مۇھەييا بولدى دەرگاھىڭدا مەن يەڭلىغ نەچە قۇللار،
ۋىسالىڭ ئارزۇسىدا مۇھەببەتتىن ئىچىپ مۇللار،
يۈزۈك مەيدىنكى گۈل-گۈل بولدى، يوق جەننەتتە ئول گۇللار،
كى بىر-بىر ئاچىلىپدۇر ئالەمۇ ھۇسنۇڭ بەھارىندا.

گۇلىستانى جەھاندا گۇنە-گۇنە گۇللار ئاچىلمىش،
سىنىڭ ھۇسنۇڭ بىلە ئالەم مۇزەييەن بولغانىن بىلمىش،
بەھار ئەييامىدا گەردۇن جەھاننى رەڭ-بەرەڭ قىلمىش،
دىگەيكىم: بوستان ئەفرۇز ئىچىندە تۇخمى ساچىلمىش،
بىرەۋكىم خارلار كۆرسە ئۇزارىڭ لالەزارىندا.

سەدەف ئاغزىغە نەيسان قەترەسى چۈنكىم ئۆزىن سالغاي،
نەچە مۇددەت تەۋەققۇف بىرلە دۇرلۇق شەۋكەتىن ئالغاي،
فەلەككىم ئېئتىبار ئەيلەپ جەھان بازارىغە سالغاي،
تىشىڭ شەۋقىدە غەلتانلىغ ئارا يۈز كۇشەدە② قالغاي،
ئەگەر ئىنجۇ ئۆزىن سالسە دۇرى ئەشكىم قەتارىندا.

* 4- دىۋان — «فەۋايىدۇل-كىبەر» دىن. آ(ئا) ھەرپى تەركىبىدىكى 25- غەزەل.
① قول يازمىدا «ئىشق» دەپ يېزىلىپ قالغان.
② ئەسلى قول يازمىدا «بىلە بىر كۇشەدە» دەپ يېزىلىپ قالغان.

قانى ئول قاسىدىكىم يار ۋەسلىدىن نىشان بەرگەي،
ماڭا ھەر مۇجدە ئايتىپگويىيا جانۇ جەھان بەرگەي،
كۆڭۈلگە بىر زەمان ھىجران بەلاسىدىن ئەمان بەرگەي،
مەيى ۋەسلىڭ قانىكىم نەشئەسى جىسمىمغە جان بەرگەي،
بۇ يەڭلىغكىم ئۆلۈم ھالىدا، مەن ھەجرىڭ خۇمارىندا.

فەنا ۋادىسىدا بۇ زار ھەيران زەررەئى خەسدۇر،
ئەزەلدە ھەرنە تەقدىر ئەيلەگەن بولسە ئاڭا بەسدۇر،
فىراق ئوتىغە كۆيگەن بىرلە ئاشىق نالە قىلمەسدۇر،
مېنىڭ يا دوستىنىڭ جۇرمى دېمەكىم ئىشقىم ئېرمەسدۇر،
مېنىڭ ھەم ئىختىيارىمدا، ئانىڭ ھەم ئىختىيارىندا.

چىقبان شەھسەۋارىم يولىغە ھەردەم قاراي كەلسە،
فىراقىم تۈنلەرىنى يارۇتۇپ خۇرشىد نەماي كەلسە،
نىسار ئەتمەككە جان ئاۋۇچىغە ئالىپ ئالدىراي كەلسە،
قۇياش چىققاندەك ئولغاي تىيرە تۈن ئىچرە ئول ئاي كەلسە،
نەۋائىنىڭ فىراق ئىچرە قارارغان روزگارىندا.

* *

قەسر جاھىڭغە بەنا ئەيلەمەگىل سيمۇ زەھەب،
تۆكۈلۈر سۇبھى فەلەك قەسرىدىن ئانداغ كەۋكەب،
جانىڭە نىش ئۇرار دەھرى سۇرۇدى ئەقرەب،
دەھرى باغى ئارا كۆپ ئىستەمەگىل ئەيشۇ تەرەب،
كىم گۇلى شۇئلەئى غەم غۇنچەسىدۇر خار تەئەب.*

دەھر ئارايىشىنى ئاقىل ئىسەڭ سۇد دېمە،
ئەيش راھەتلەرىنى غەيرى زىيان بۇد دېمە،
گۇلى رەيھانلارىنى شاھىدۇ مەشھۇد دېمە،
سۇنبۇلى رىشتەلەرىن رىشتەئى مەقسۇد ① دېمە،
كىم كۆڭۈللەر قۇشى دامىغە ئېرۇر بارچە سەبەب.

زىندەلىك ئۇشبۇ جەھان ئىچرە ئاغىر ئۇيقۇ ئېرۇر،
تۈشتە كۆرگەن كەبى ئالەم ئىشى بىر كۈلكۈ ئېرۇر،
ئاتەشۇ خاكۇ ھەۋا بىرلە بەھاسى سۇ ئېرۇر،

---

* 2 – دىۋان — «نەۋادىرۇش - شەباب» دىن.«ب» ھەرپى تەركىبىدىكى 1– غەزەل.

① «مەقسۇد» دېگەن سۆز بۇ «چاھار دىۋان» نىڭ يەنە بىر قول يازمىسىدا «مەقبۇل» دەپ ئېلىنغان.

ئارىغى ئىچرە ئۇشاق تاشى ئەگەر ئىنجۇ ئىرۇر،
زاھىرى ئۇمرۇڭ ئۇچۇن دانەئى سۇ تاپتى لەقەب.

ئەي كۆكۈل، باغلاكى مەقسەد ھەرەمىگە ئىھرام،
ئۆزنى مەست ئەيلە چۇ ۋەھدەت مەيىدىن تارتىپ جام،
بۇ فەنا مەنزىلىدە چۇنكى كىشى تاپماس كام،
ئاڭا زىرەك قۇش ئانىكىم كۆرۈبان مۇنداق دام ①؛
بولماغاي تىگرەسىدە ئابۇخورەد دانە تەلەب.

خىرەد ئەھلى بۇ جەھان زىيبىن ھەۋەس ئەيلەمەگەي،
فانى ئارايىشىنى ئۆزىگە بەس ئەيلەمەگەي،
كىم كۆكۈل قۇشىغە ئالەمنى قەفەس ئەيلەمەگەي،
دانەسىن ھاسىل ئىتىپ فەزلە نەھەس ئەيلەمەگەي،
باغى سەھنىنى رىئايەت قىلىبان تەركى ئەدەب.

تاشلاپ ئۆزلۈكنى تاپىلىڭ يار ھەرىمىدە ئەخەس،
كىم فەنا جامىنى ئىچمەككە دەلىل ئولدى نەس،
خاسلار سىلكىدە قىلماڭ چۇ كۆكۈلنى مەنفەس،
تا بولۇپ دامىغە مەھكەم تاپائالماي مەخلەس،
ئورۇلۇپ تەلپۈنىبان ئەيلەمەگەي شورۇ شەئەب.

چۇن كۆكۈل چەشمەسى ئەئما بۇ كۆھەن تارەم ئارا،
دەھر ئاشۇبى ئەلالا سالىبان ئادەم ئارا،
مۇيە ئەندۇھ بىلە قالدى نىزارى غەم ئارا،
چۇن نەۋائى كۆزى باغلىق قۇش ئىرۇر ئالەم ئارا،
بۇ چەمەندىن ئاڭا ئۇچماقنى نەسىب ئەت، يارەب.

ت ھەرپى

ئۆزۈڭنى دەھر فەرىبىغە ئەيلەدىڭ ئۇلفەت،
بۇ زال شۇئبەدەسى سارى كۆرگۈزۈپ رەغبەت،
قىلىپ غۇرۇر سىپەھرى ھەۋاسىدە ئىشرەت،
يىگىتلىكىڭدە قارىلارغە قىلمادىڭ خىزمەت،*
قارىلىقىڭدا يىگىتلەرگە بەرمەگىل زەخمەت.

① ئەسلى نۇسخىدا بۇ سۆز «بۆيلە مەقام» دەپ ئىلىنغان.
* 4 - دىۋان — «فەۋايىدۇل - كىبەر» دىن. «ت» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 - غەزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ دەھر فانى ئارا ئۇمرنى غەنىمەت تۇت،
قاچىپ جەھان ئېلىدىن بەلكى جايى خىلۋەت تۇت،
كى يار يادىنى قىلماقنى جانغە مىننەت تۇت،
قارىلىق ئىستەر ئېسەڭ قارىلارغە ھۇرمەت تۇت،
قارىدىلىڭ ئېرسە يىگىتلەردىن ئىستەمە سۇھبەت.

باھار گۇللارى بولدى خەزان كۆكلىمدە بىم،
فەنا يەلىدىن ئېسىپ ئۇمر گۇلشەنىگە نەسىم،
شەبابلىق كېتىبان غەم بىلە ئىگىلدى قەدىم،
قارى قىزارسە ئىچىپ بادە باردۇر، ئانداغكىم،
يۈزىگە غازە بىلە زال ئەيلەگەي ھۇرمەت.

ئۇ ياقتى ئۇمر قۇياشى، نېتەيكى، قالمادى ئەرك،
مەشام جانغە يېتىپ ھەر زەمان چۇ بۇيى مەرك،
جەھان سۇرۇرى زەمانىنى دىلغە ئەيلەمە دەرك،
قۇرۇق يەغاچغە ئېرۇر باغلاماق شۇگۇفەئى بەرك،
قارىكى ئىستەسە كىيمەك قىزىل، ياشىل خىلئەت.

جەھان ئۇمىدى قىلۇر ھەر زەمان كۆڭۈلنى يارا،
كى رىفئەت ئىستەگەن ئەل سۇبھى - شام مېھنەت ئارا،
نىشانە بەردى فەنادىن بۇ چەرخى كۇھنە سارا،
چۇ مۇشكىن ئەيلەدى كافۇر كەلگەي ئاقۇ قارا،
ئەگەر تىلەر ئىسە كافۇر مۇشك ئىلە زىينەت.

كىشى جەھان ئېلىدە ئانچە ئېئتىبار ئولسە،
ئەزىز ئولدى نې سۇد، ئەگەرچە خار ئولسە،
خەزان بولۇر چۇ گۇلى ئۇمر بىشۇمار ئولسە،
قارىغە تۆۋبەۋۇ تائەت كېرەك شىئار ئولسە،
ئۆزىن يىگىت ياسەر ئەيلەر ئۆزىگە تۆھمەت.

جەۋانلىقىڭ ئۆتۇبان قالمادى چۇ قۇتى بەدەن،
ۋۇجۇد قالىبىغە زىيرخاك بولدى ۋەتەن،
قىل ئەمدى ئۆزگە، ئايا، توۋبە پەردەسىنى كەفەن،
يىگىتلىكىڭدە ئەگەر تۆۋبە ئەيلەسەڭ ئەرسەن،
قارىدىنىڭ ئېرسە نې قىلغۇڭ كى قىلماغۇڭ تائەت.

بەقانى ئىستەگەن ئەل چەرخ زالىنى دېمەدى،
جەھان ئەرۇسى بىلە ئۇلكى سۇھبەت ئەيلەمەدى،
چۇ يار يادىنى قىلەىكى، غەيرىنى دېمەدى،
سەئادەت ئەھلى ئىدى ئول يىگىتكى، ئەيلەمەدى
يۈزىنى دۇت بىلە تىيرە شۇئىلەئى شەھۋەت.

زەمانە ئەھلى بىلە قىلسە خاھىش ئانداغدۇر،
كى نىش يەتكۇسى جانغە گۇدازىش ئانداغدۇر،
زەئىف تەنغە ھەۋەس بەرسە تابىش ئانداغدۇر،
قارىغە شەھۋەت ئەگەر بەرسە خارىش ئانداغدۇر،
كى كۆرگەزۇر قارىغان چىزكى ھىككەسى سەبقەت ①.

كىشىنى قويمادى ئۆز ھالىغە بۇ دەۋرى فەلەك،
كى قىلدى ئاقىبەت ئول جۇزۋى ـ جۇزۋىنى مۇنفەك،
ئەگەر ھەياتى ئەبەد لازىم ئولسە بادە كېرەك،
ئۆزۈڭنى مۇغبەچەئى دەيرى پىر جانىبى چەك،
تۇتار ئىسەڭ قارى ياخۇد قارى بىلە سۇھبەت.

بەشەر ۋۇجۇدىدا مۇستەۋلى بولدى جۇرم شىگەرف،
نېتەيكى ئۆزرى دېمەكلىككە تىلدا قالمادىكى ھەرف،
نىزارى قالىبى ئىسيان مەيىگە بولدى زەرف،
نەۋائى ئەيلەدى ئۆمرىن فەساد بىرلەن سەرف،
ئەگەرچە بەردى ئۆزىگە سەلاھ ئىلە شۇھرەت.

ث (سە) ھەرپى

جەھان زىبىغە، ئەي كۆكۆل، بولمە ۋارىس،
ۋۇجۇدۇڭ فەنا دەيرى ئىچرە مەنابىس،
بولۇپ جانغە مۇستەۋلى يەۋمۇل ـ ئەسائىس،
زەمانە ئېرۇر چۇن مەھەللى ھەۋادىس،*
زەمانە كېرەك بولماساڭ ئاندا ماكىس.

① بۇ سۆز «چاھار دىۋان» نىڭ يەنە بىر قول يازمىسىدا «ھىككەئى شەبىشەب» دېيىلگەن.

* 2 ـ دىۋان — «نەۋادىرۇش شەباب» دىن. ث (سە) ھەرپى تەركىبىدىكى 3 ـ غەزەل.

بۇ دۇنيا ئەرۇسى ئەمەس بىزگە مىراس،
قەزا قىلغۇسىدۇر ۋۇجۇدۇڭنى ئىشكاس،
قىلۇر تەننى ئاخىر تۇراب ئىچرە ئىنئاس،
چۇ ئەل قەسرىنى ئەيلەمە ئاندا ئىبھداس،
كى ھەر لەھزە بولغاي ئۇكۇش فىتنە ھادىس.

چۇ بارماقىغە ئاندا، نىيەتي قول قۇرۇقدۇر،
كۆڭۈل ئىچرە دەردۇ ئەلەم ـ غەم ئوزۇقدۇر،
مۇنى بىل، قەدىڭ يايىغە ئۆمر ئوقدۇر،
چىقارمە بۇ ۋەيرانەدىن چارە يوقدۇر،
گەر ئادەم ۋە گەر نۇھ ۋە گەر سام، يافەس.

ئەگەر بولسە قەسد فەلەكدە مەقامىڭ،
ۋەفاسىز جەھان گۈلشەنىدە خىرامىڭ،
ئۇلۇس خەيلىدە بولسە نافىز كەلامىڭ،
بولۇر تىيرە كۆزگۈڭ، تولا زەھر جامىڭ،
تۇتايكىم، بول ئىسكەندەرۇ جەمگە سالىس.

بول ئەيكىم، ئەمەل تۇخمىن ئەكمەككە ھارىس،
بولۇپ ئاندا ئالغىل ھوسۇلىغە ۋارىس،
كۆڭۈل دامەنىن ئەيلەمە ئاندا لاۋىس،
جەھان شۇغلە سارى تەلەپ قىلمە بائىس①
ئانىڭ تەركىنى توتقالى ئىستە بائىس.

ئەدەم سەرسەرىدىن گۈلى ئۆمرى سولغاي،
ئەجەل ساقىسى ئىلكىدە جامى تولغاي،
قاچانكىم ۋەفا ئەھلى غەمدىن قۇتۇلغاي،
فەنا خانەقاھى ئارا سابىت ② ئولغاي،
يوق ئولكىم بەقا دەرسگاھىدا باھىس.

چۇ ئەھلى ۋەفانى قىلىپ چەرخ پامال،
ئەلىغدەك قەدىنى قىلىپ ئاخىرى دال،

① بۇ يەردىكى «بائىس» سۆزى «چاھار دىۋان» نىڭ باشقا ئىككى قول يازمىسىدا «مۇجىب» دەپ ئېلىنغان.

② بۇ يەردىكى «ثابت» (سابىت) سۆزى «چاھار دىۋان» نىڭ باشقا ئىككى قول يازما نۇسخىسىدا «صامت» (سامىت) دەپ ئېلىنغان.

نىزارى نەدامەت بەيابانىدا قال،
نەۋائىيۇ ئەل ① خىرمەنى ئىچرە دەم سال،
كى بولماق كېرەكمەس بۇ مەزرەئدە ۋارىس.

ج (جىم) ھەرپى

چۇ كىش قەيدىدىن ئۆت، قىلمە ئارزۇيى نۇسەج،
فەنا رەقىبى ئەقىبىگدە جانغە ئەيلەدى سەج،
ئەلايىق ئەيلە ئايا، ئۆزگە قىلمە يولنى ئەۋەج،
بىرەۋكى دەھر مۇزىقىدىن ئەيلەگەي مەخرەج، *
فەناۋۇ فەقر تەرىقى ئېرۇر ئاڭا مەنھەج.

كېچىپ بۇ فانى جەھاندىن ھەمىشە زار ئىلە بول،
كۆڭۈلنى ئۆزگىلۇ ئەي يار، ئىنتىزار ئىلە بول،
ئۇمىد قىبلەسىدە فىكر بىشۇمار ئىلە بول،
نې كەئبە شەۋقىدە سەن دەير ئىچىدە يار ئىلە بول،
بەساكى ئوغرىلىق ئەتكەي تەۋاف ۋەقتىدە ھەج.

تەغافۇل ئۇيقۇسىدە ئۆزنى ئۇشلادىڭ خۇفتە،
ۋۇجۇدۇڭ ئەيلەدىڭ ئىسيان مەيىگە ئالۇفتە،
كۆڭۈل ئۆيىنى جەھالەت بىرلە ئەيلەدىڭ سۇفتە،
رىيازەت ئەيلەمەسۇن روزىگارىڭ ئاشۇفتە،
ئەدايى فەرزى سۇنەم قىل، ئۆزۈڭگە قىلمە ھەرەج.

بىل ئەمدى بولدى تۈنۈڭ [كى] خىرە بولدى كۆز،
خىجالەت ئىچرەنېدىن ئۇزرى دەرگە قالمادى سۆز،
كى جۇرمدىن يەنە ئۈستۈن باقارغە قالمادى يۈز،
نەماز ئەداسىغە قىلغىن كۆڭۈلنى تەگرىغە تۈز،
كۆڭۈل تۈز ئولسە ئەمەس باك، بولسە قەلبىڭ ② كەچ.

① بۇ يەردىكى «ئەل» سوزى دىۋاننىڭ باشقا نۇسخىلىرىدا «نەۋائى ئەمەل» دەپ ئېلىنتان.

* 4 - دىۋان — «فەۋايىدۇل - كىبەر» دىن «ج» ھەرپى تەركىبىدىكى 2 - غەزەل.

② بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «قىباھ» دەپ يېزىلىپ قالغان.

ۋۇجۇد خاكىدا كىمدۇركى ئۇل ئەلىل ئېرمەس،
كى قايسى جانكى ئەجەل تىغىدا قەتىل ئېرمەس،
شەرەف مەقامىدا سىدق ئەھلى ئۇل زەلىل ئېرمەس،
سۆزۈك چىمن ئۇلسە ئاڭا ھاجەتى دەلىل ئېرمەس،
قۇياشنى ئۇلكى يارۇغ دەر كېرەك ئاڭا نې ھەجەج.

نەگەلسە باشقە جەھاندىن، قىلىك ئىنائەت ئاڭا،
نې غەمكى ئۇل كىشىگە تەرك قىلسە مۇندە ساڭا،
ۋۇجۇدۇڭ ئۇلدى جەھاندا ئەلەم بىلە ئەھيا،
چۇ ھەق دېدىكى: «مەئەل ئۇسرى يۇسرى» مۇجدە ساڭا،
نې شىددەت ئۇلسە ئەيان قىل تەلەب سوگىچە فەرەج.

كۆڭۈلگە ئەيلەمەگىل مۇندا غەيرىنى مەھبۇب،
كى راغىب ئۇلمە، ئەمەستۇر جەھان ئىلى مەرغۇب،
نىزارى، ئۆزگە بىر ئەھباب ئەيلەگىل مەنسۇب،
نەۋائى ئىستە مۇزاھىردا چىھرەئى مەتلۇب،
ئەرەبو گەر چىغاتاي يوقسە تۆركمەنۇ خەلەج.

ح (ھە) ھەرپى

ئابنۇس تەختى ئۆزە ئولتۇردى ھەر تۈن شاھ سۇبھ،
يارلىغ قىلدى، دېگىل گۇلباڭگى «ئەللەللاھ» سۇبھ،
شاد بولغىل ئەي نىياز ئەھلى ئاچۇق دەرگاھ سۇبھ،
ئەختەرىن ئەشك ئەتتىمۇ ساۋۇغ نەفەسنى ئاھ، سۇبھ، *
بولدى گويا شام ھەجرىم ھالىدىن ئاگاھ، سۇبھ.

مىندى بوز ئەشھەبكە ھەر تۈن، ئۆزنى چالاك ئەيلەدى،
شام زۇلمەت قايغۇسىدىن جىسمىنى پاك ئەيلەدى،
تالىبۇ دىلخەستەلەر چەشمىنى نەمناك ئەيلەدى،
غەم تۈنى مۇھلىك غەمىم ئاڭلاپ ياقا چاك ئەيلەدى،
تاڭ يەلىدىن ھەر نەفەس ھالىمغە تارتىپ ئاھ، سۇبھ.

يەتمەدىم مەقسەد ھەرىمى ئىچرە، ۋەھكىم، كامىمە،
تولدۇرۇپ بۇ چەرخ زالىم غەم ئاغۇسىن جامىمە،

* 2 - دىۋان — «نەۋادىرۇش شەباب» دىن. «ح» ھەرپى تەركىبىدىكى 4 - غەزەل.

كەچتى تۈن قايغۇ بىلە ئەندوھ ئىلە ئەييامىمە،
تىيرە ھىجراندىن چۇ يوقتۇر فەرق سۇبھۇ شامىمە،
خاھى شام ئولسۇن قارارغان روزگارىم خاھ سۇبھە.

ئۆزلۈكۈمدىن بۇ فەنا ۋادىسىدا تاپمان خەبەر،
كىم نەدامەت ئوتىدا قالماي ۋۇجۇدۇمدىن ئەسەر،
ئاشىقى بىچارەغە نې شام بولغاي، نې سەھەر،
دۇدى ئاھىمدىن قارارغان ھەجر شامىدىن بەتەر،
ئولسە ھىجران قەتئىدە ھەر كۈن ماڭا ھەمراھ سۇبھە.

ئاھكىم، ھىجران تۈنى غەم بىرلە بولدۇم تەۋئەمان،
جان قۇشى بولدى ئەلەم بىرلە گىرىفتارى جەھان،
شام دەيجۇر ئىچرە، ۋەھ، شەبنەم كەبى ئەشكىم رەۋان،
تىيرە شامىم دەفئ قىلدى مىھر زاھىر ئەيلەبان،
ياخشى باردى مىھرىبانلىغلاردا شەيئۇللاھ، سۇبھە.

دەھر فانى ئىچرە، ئەيكىم، بادەئى غەم ئىچكەسەن،
نۇش ئىتىپ غەفلەت مەيىن ئانداغكى ھەر دەم ئىچكەسەن،
ئەي خىرەد ئەھلى، جەھان جامىنى سەن كەم ئىچكەسەن،
خۇشدۇرۇر جامى سەبۇھ، ئەي شەيخ، سەن ھەم ئىچكەسەن،
تۇتسە مەي بىر مىھرى يۈز ساقى بولۇپ چۈن ماھ سۇبھە.

بى ۋەفا ئالەم ئۇمۇرىغە تاپمىسەن ئىقتىباس،
ئەيشۇ راھەتنى بېرىپ ئاخىركى كۆرگۈزگەي قىياس،
قىلمادىڭ، ئەيكىم، ئۆزۈڭنى يار يادى بىرلە خاس،
غەم تۈنى كۇھى بەلاسىدىن مەگەر بولمىش خەلاس،
كىم سېنىڭ ئۇيقۇڭدا خەندان بولماسۇن ناگاھ سۇبھە.

دەھر بى بۇنياد ئۆيىنىڭ ھاسىلىغە غەم يېمەسەك،
ئىش ئەمەس گەر سىفلى ھىممەت بۇ جەھاندىن سۆز دېمەسەك،
خۇشدۇرۇر بۇ دەيرى فانى زىيبى تەركىن ئەيلەسەك،
سۇبھىدەم بىدار گىريان بول ئەگەر فەيز ئىستەسەك،
كىم سېنىڭدەك كۆرگۈزۈر رۇخسارەئى چۈن كاھ سۇبھە.

ئىشق ۋادىسىغە تۈشتۈم كەھرىبادەك سارغارىب،
مۇپتەلايى ھەجر ـ فۇرقەت شامىغە بولدۇم قەرىب،

دەھرى غۇربەت خانەسىدەكىم ئىزارىدۇر غەرىب،
ئەي نەۋائى، ئول قۇياشنىڭ مۇجدەئى ۋەسلىن بېرىب،
قىلسە نېتكەي شام ھەجرىم مېھنەتىن كوتاھ سۇبھ.

### خ ھەرپى

ئۆزۈڭنى دەردۇ بەلا ھازىمىغە ئەت مەتبۇخ،
كى نەفس ئىتلەرىغە نەفسنى قىلىپ مەسلۇخ،
كۆڭۈل خەزانىسىدە قىل ئۇمىد گەنجىنى چوخ،
فەنا ئەرىقىدە ھەر كىمكى ھاسىل ئەتتى رۇسۇخ، *
رىيا ۋۇ زوھد ئانىڭ ئالدا ئېرور مەنسۇخ.

ئەدەم يولىدا كىشىنىڭ غۇبارى غەم باشىدا،
ۋۇجۇد رەختى بولۇر غەرق كۆزدەكى ياشىدا،
مۇئەييەن ئۇلغۇسى ئەي، ھەر نەدۇر ئىچى ـ تاشىدا،
نې نەۋئ ئۆزلۈكى مەنسۇخ بولماغاي قاشىدا،
بىرەۋكى دوست شۇھۇدىغە ھاسىل ئەتتى رۇسۇخ.

نې خۇشدۇرۇركى ئەگەر بولسە پارسا بالىغ،
دېگىلكى، شاھدۇرۇر بولسەكىم گەدا بالىغ،
كى ئىشق ئېلىدە ئەگەر بولسە رەھنەما بالىغ،
چۇ ئىشقسىز ئىدى زۇھد ئەھلى، كەلدى نا بالىغ،
ئېرۇرلار ئەتفال ئەل ئەرچە دەرلەر ئانى شۇيۇخ،

بۇ دەھر فانىدە ئولكىم ئۆزىن تەئەققۇل ئىتىپ،
كۆڭۈلگە فائىدەسىز شەيئىنى تەۋەققۇل ئىتىپ،
كى غەفلەت ئۇيقۇسىدا ئارزۇ تەمەۋۋۇل ئىتىپ،
دېمەكدە ۋاقىئە يالغانۇ چىن تەخەييۇل ئىتىپ،
كىشى ئىكەنلەرىن ئانداغكى ياد قىلسە مەسۇخ.

كىشى ئىسەك بۇ جەھان زىيبىن ئەتمەگىل ئىدراك،
باشىڭغە تىيرى قەزا ياغدۇرۇر كۇھەن ئەفلاك،
مۇنىكى ئاگلا خىرەدمەندە، بولۇر ۋۇجۇدۇڭ خاك،

* 2 ـ دىۋان ــ «نەۋادىرۇش شەباب» دىن. «خ» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 ـ غەزەل.

جەھان خاكى ئىرۇر بىر كىسەك، ۋەلى ناپاك،
ئۈبتەك يىتۇرمەمەك ئەۋلا مۇلەۋۋەس ئولسە كۇلۇخ.

ھەۋايى نەفس بىلە خاتىرىڭدە بار ئىسە چىرك،
كى جۇرم بىرلە نىھان ھازىرىڭدا بار ئىسە چىرك،
زەغەن كەبى يەنە بالۇپەرىڭدە بار ئىسە چىرك،
ئارىت سىرىشك بىلە باتەنىڭدە بار ئىسە چىرك،
بۇ تەۋبە سۇيى بىلە بولسە باتەنىڭ ئارا شوخ.

بۇ فانى دەھر ئارا ئىستەگىل فەنا ئەھلىن،
كى فەقر كويىدا تەرك ئەيلەگىل غەنا ئەھلىن،
ئارىش نىزارى تاپىپ تەركى ماسەۋا ئەھلىن،
نەۋائى ئەھلى فەنا ئىستە، قوي رىيا ئەھلىن،
كى نەيشەكەر بارىدا تۇھپە قىلمادى كىشى لۇخ.

د ھەرپى

ئەي، سىفاتىڭ نۇقتەسى كەۋنۇ مەكان باشىغە مەد،
زاتى پاكىڭدىن ھەمە مەسنۇئلار كۆرگۆزدى خەد،
ھەر نىھدۇر گەۋنەيىن ئارا ئولكىم تاپىپىپ سەندىن سەنەد،
ئەي، جەمالىڭ مىھرىدىن رەۋشەن ئەزەلدىن تا ئەبەد،*
زەررە يەڭلىغ ئول يارۇغلۇق ئىچرە سەرگەردان خىرەد.

بولسەگەر ئەئلا سىپىنىڭ ئالدىڭدا ئەدنا نې ئەجەب،
گەرچە ئەدنا بولسە لۇتفۇڭ بىرلە ئەئلا نې ئەجەب،
ئاسمان چاغلىق تەئەققۇل بولسە، ئەفتا نې ئەجەب،
كۇنھە زاتىڭدىن خىرەد ① گەر بولسا ئەئما نې ئەجەب،
زەررەغە يۈزىمىڭ قۇياش ماھىيەتىن بىلمەك نې ھەد.

ئول زەمانىكىم تەجەللى نۇرىدىن يارۇپ قاراغ،
سۇنئى كۆھلىدىن كۆڭۈلنىڭ خەشمەسى تاپىمىش فەراغ،
مەئرىفەت گىردابىدىن جارى بولۇر كۆزدە بۇلاغ،

* 2 - دىۋان - «نەۋادىرۇش - شەباب» دىن. «د» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 - غەزەل.

① بۇ يەردىكى «خىرەد» سۆزى «چاھار دىۋان» نىڭباشقا قول يازمىلىرىدا «قۇياش» دەپ ئېلىنغان.

ھەم خىرەد نۇرى تاپىپ ھۇسنۇڭ قۇياشىدىن دىماغ،
كىم ۋەرەئ روزى ئالىپ زىكرىڭ غىزاسىدىن ھەسەد.

ئىشتىياقىڭدا بەسارەت ئەھلى نەچچە قىلسە سەير،
تاپماقى مۇمكىن ئەمەس ئۇچسە كۆڭۈل مانەندى تەير،
كىم تەلەب ۋادىسىدا ھەر نەچچە بولسە شەررۇ خەير،
ساڭا تالىب كىمكى ئەزمى كەئبە ئەيلەر، يوقسە دەير،
سەن مۇرادى كىمكى دەير ئىچرە سەنەم، دەر يا سەمەد.

خاھىش ئەتسەڭ ئول بولۇر مەقسەد ھەرىمغە ۋۇسۇل،
سەن ئەگەر قىلساڭ يىراق مەئيۇس دەيردە جەمۇل،
مەھل ئىتىپ ئولكىم مۇھەببەت بارىنى فەھمەن جۇھۇل،
خەلق رەددىدىن نې غەم تاپقانغە لۇتفۇڭدىن قەبول،
ئەل قەبۇلىدىن نې سۇد قەھرىڭكى قىلسە ئانى رەد.

مەئرىفەت ئۇممانىدىن مەقسەد دۇرىن ئالماق كىشى،
ھاسىل ئولماس سەن ئەگەر لۇتفى ئەتمەسەڭ تاپماق كىشى،
سەن تەرەھھۇم قىلماساڭ ئاسان ئەمەس بولماق كىشى،
بولماغاي مۇمكىن زەلالەت چاھىدىن چىقماق كىشى ①،
لۇتفۇڭ ئىلكى رىشتەئى تەۋفىق ئىلە قىلماي مەدەد.

قودرەتىڭنىڭ زاھىرىدۇر خاھى غەم، خاھى سۇدۇر،
سەنئەتىڭنىڭ ھاسىلىدۇر خاھى زۇلمەت، خاھى نۇر،
ھىكمەتىڭ ئىجادىدىن مەئلۇم ئولۇپ دارۇل-غۇرۇر،
قۇۋۋەتىڭنىڭ ئاجىزى گەر فىل تەن، گەر شىر زور،
مىننەتىڭنىڭ شاكىرى گەر گۇل چەبىن، گەر سەرۋى قەد.

ۋادىئى خەۋفۇ رىجادا پويە ئۇرمىش شەيخ شاب،
ئاقىبەت مەئلۇم ئەمەس رەھمەتمۇدۇر، يا خۇد ئەزاب،
زۇھد ئەھلى نې دۇرۇر بۇ يولدا نې ئەھلى خەراب،
ھەم مۇناجات ئەھلىنىڭ كۆڭلىدە بىمى بى ھىساب،
ھەم خەرابات ئەھلى جانىدا ئۇمىدىڭ بى ئەدەد.

پەردە غەفلەت دەستۇر ئولدى ۋەھكى، ئول دەم ئەقل خاس،
چۇن كۆڭۈل شاھىغە ھەر دەم يۈزلەنىپ ۋەھمۇ ھەراس،

① بۇ مىسرا، ئۇستىدىكى مىسرا بىلەن ئالمىشىپ قالغان. تۈزىتىپ ئىلىندى.

غەم سەردىن ئىلكىدە بولدى تەر ئاھى بى قىياس،
جۇرمى ئىسيان چاھىدىن چىقماق، نەۋائى، ئىلتىماس،
سەندىن ئەيلەر، نېگەكىم يوقتۇر ساڭا كۇفۋەن ئەھەد.

ز (زال) ھەرپى

ئانىڭكى ھۇكمى چۇ كەۋنۇ مەكانغەدۇر نافەز،
بەشەر ۋۇجۇدىدا رۇھى رەۋانغەدۇر نافەز،
كى ماز بىرلە مەزارىڭ زەمانغە دور نافەز،
قەزانى ھۇكمىكى ئەيلەر جەھانغەدۇر نافەز، *
جەھانغە بەس دېمەكىم ئىنسۇ جانغەدۇر نافەز.

ئەدەم ھەرىمىدە ئۇلكىم فەناغە خاس ئولغاي،
ھەيات جانىغە ئۇلكىم ئەجەل قىساس ئولغاي،
قەزا ئەمارىدا ئەھلى جانغە ئىختىساس ئولغاي،
جەھان ئارا بەنى ئادەم نەچۇك خەلاس ئولغاي،
كى ئول مەلائىكەئى ئاسمانغە دۇر نافەز.

قەدەر قىساسى بىلىڭكىم فەناغە ھۇكم قىلۇر،
ئەجەل ئىقابى كېلىپ ئۇمر لاچىنىنى ئالۇر،
ۋۇجۇد قالىبىنى زىيرخاكــدانغە سالۇر،
نەفاز ھۇكم شەھى كامراندىن ئەلگە بولۇر،
نې ھۇكم ئول ئىسە شەھ كامرانغەدۇر نافەز.

ئەگەرچە بولسە كىشى ھىكمەتى سۇلەيماندەك،
بۇ فانى دەھر ئارا ئۇمر تاپىسە لۇقماندەك،
فەنا سەمۇمى قىلۇر ئاھ، بىد لەرزاندەك،
ئەگەر يامانۇ ۋەگەر ياخشى نافەز ئولغاندەك①،

---

* 2 - دىۋان — «نەۋادىرۇش - شەباب» دىن «ز» (زال) ھەرپى تەركىبىدىكى 1 - غەزەل.

① «چاھار دىۋان» قوليازمىسىدىكى بۇ غەزەلنىڭ 4 — 5 - بېيىتلەرى:

ئەگەر يامانۇ ۋەگەر ياخشى كىمسە يوق ئازاد،
نېدىنكى بۇيرۇغى ياخشى يامانغەدۇر نافەز،
بۇزوغ جەھانغە ئانىڭ ھۇكمى نافەز ئولغاندەك،
ھەبىب ھۇكمى مەلى ناتەۋانغەدۇر نافەز.

دېگەن مىسرالاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇخەممەستە، بۇ ئىككى بېيىتتىكى سۆز ۋە مىسرالار ئالمىشىپ كېتىپ نەتىجىدە، بىر بېيىت چۈشۈپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەبىب ھۆكمى مەنۇ ناتەۋانغەدۇر نافەز.

كۆنى بولۇركى فەنا جامىنى ئىچۇرگۇڭدۇر،
بۇ دەھر مەنزىلىدىن ئاقىبەت كەچۇرگۇڭدۇر،
ئەمەل بارى يوقىنىڭ بارچەسىنى كۆرگۇڭدۇر،
بويۇن سۇنۇپ ① مەن ئەگەر تىغى قەتل سۇرگۇڭدۇر،
كى بۇيرۇغۇڭ مەنۇ بى خانۇمانغە دۇر نافەز.

كى ھۆكم بولسە قەزا ئەمرى ئاسماندىندۇر،
كۆڭۈلگە يەتسە مەلالەت، دىگىل جەھاندىندۇر،
نىزارىغە قىلىبان رەھم، جۇرمدىن ياندۇر،
نەۋائى ئەيلەسە ھەريان ئەزىمەت ئاندىندۇر،
كى ئەمرى دىلبەرىنىڭ ھەر قايانغەدۇر نافەز.

ر ھەرپى

فەنا يولىدا خىرەد ئەھلى زار ھەيراندۇر،
ئەدەم مەنازىلى سارى ۋەلى خىراماندۇر،
خەزان يەلىدە بىلۇركىم ۋۇجۇد لەرزاندۇر،
قارىدا گەرچە سەبۇكرۇھلۇق فەراۋاندۇر،*
ۋەلى يىگىتلەر ئارا چۇن كىرەر گەرانجاندۇر.

مەيى تەغافۇل ئىلە چۇن كۆڭۈلنى زەڭ ئەتمە،
بۇ دەھر فانى خەيالىدا ئۆزنى تەڭ ئەتمە،
ھەۋەس يولىدا تەئەققۇلنى سەخت سەڭ ئەتمە،
شەبابىنىڭ ھەۋەسىدىن سەقالنى رەڭ ئەتمە،
ئاقارسە سەبزە، كۆكەرمەك يەنە نې ئىمكاندۇر.

كۆڭۈلنى ئۈز بۇ جەھاندىن، ئۈمىد تەركىنى تۇت،
چىراكى بولدى جەھان ئىچرە پەيكەرىڭ فەر تۇت،

① بۇ سۆز «چاھار دىۋان» قول يازمىسىدا «قويۇپ» دەپ ئېلىنغان.

* 4 - دىۋان — «فەۋايىدۇل - كىبەر» دىن. «ر» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 - غەزەل.

ھەۋاۋۇ لەھۋ تەرەب راھەتىنى ئەمدى ئۇنۇت،
قارى يىگىتلەر ئىشىن چۈن قىلۇر ئىبرۇر مەبھۇت،
يىگىت قارىلار ئىشىن پىشە قىلسە نادانىدۇر.

نىتەيكى، جۇرمىدىن ئوليان باقارغە قالمادى يۈز،
كى غەفلەت ئىچرە جەھاندا بەھارىم ئولدى كۈز،
بۇ زال قەيدىدىن ئەھلى خىرەد كۆڭۈلنى ئۈز،
چۇ قەد ئىگىلدى ئەسا بىرلە داغى بولماس تۈز،
ئىشتىسە تۈز ئاڭا بىر گەنج بەيتۇل - ئەھزانىدۇر.

ۋۇجۇد لەۋھىگە يازمىش قەزا فەنا ھەرفىن،
كۆڭۈلدە ئىزدەمەگىل دەھر فانىنىڭ شەرفىن،
ھەۋانى ئەيلەمەگىل مەخزەنى دىلىڭدا دەفىن،
كۆزۈم چوقۇرغە تۈشۈبدۇر ۋەلى قەۋىي زەئىفىن①،
نەزەر قىلۇر ئۇياتىدىن چوقۇردا پىنھانىدۇر.

ئايا خىرەد ئىلى، يۈر جۇرم ئىئتىرافى بىلە،
چۇ ئاقىل ئولكى بولۇر نەفسىنىڭ خىلافى بىلە،
ئۆزىنى بىلسە كىشى تەبئ ئەقل سافى بىلە،
دەرىغكىم، قارىدىم زۇھد تەقۋى② لافى بىلە،
ۋەلى، ئىشىم ياشۇرۇن بارچە جۇرم ئىسيانىدۇر.

لى خۇشتۇر، ئولكى قىلۇر دىلرەبا يىگىتلەر شۇكر،
قىلىڭ بۇ دەھردە ئەھلى فەنا يىگىتلەر شۇكر،
ئەگەرچە شاھ مەگەركىم گەدا يىگىتلەر شۇكر،
خۇدا ئۇچۈن قىلىڭ، ئەي پارسا يىگىتلەر شۇكر،
كى سىزگە جۇرم گۇنەھدىن خۇدا نىگەھبانىدۇر.

رەفىقلەر يوق ئىمىش ئىئتىدال دەۋراندا،
تەقەييۇد ئولدى ئەناسىر ۋۇجۇدى ئىنساندا،
فەنا مەنازىلى دەۋرىدە جۇملە نۇقساندا،

① بۇ مىسرا «چاھار دىۋان» نىڭ قول يازما نۇسخىسىدا «چوقۇرغە تۈشتى چۇ كۆز گويىيا قەۋىي زەئىفىن» دەپ ئېلىنغان.

② «چاھار دىۋان» دا بۇ يەردىكى «تەقۋى» سۆزى «فەقر» دەپ ئېلىنغان.

يىگىت بىلە قارىغە زۇھد بىرلە ئىسيانىدا،
بەق دەختيار مۇڭا قەھر، ئاڭا نې ئېھساندۇر.

ئايا خىرەد ئىلى، تۇت پىرلىقدا تائەت ئەمر،
كى تەۋبە ئەيلەپ ئۇمىد ئەت داغى ئىبادەت ئەمر،
ئەگەرچە بەندە ئىسەڭ قىلماغىل خىيانەت ئەمر،
يىگىتلىكىدە كىشى قىلماسە ئىتائەت ئەمر،
نې سۇد كىم قارىدى، نەچچەكىم پۇشەيماندۇر.

كۆڭۈلدە يادى خۇدا بولسە دەھر ئىچرە نې غەم،
ھۇرۇف تەۋبەنى جان سەفھەسىگە ئەيلە رەقەم،
چۇنانچە خەۋفۇ رىجانى دىلغە ئەيلەگىل ھەمدەم،
نەۋائىيا، يېمە غەم نې ئۇچچۇنكى بەھر كەرەم،
چۇ ئۇردى مەۋج بارىغە ئۇمىد غەفراندۇر.

ز ھەرپى

فەنا دەيرىدە تالىبى يارلار بىز،
ئانىڭ غەيرىگە ئانچە ئەغيارلار بىز،
مۇھەببەت مەيىگە ئەجەب زارلار بىز،
ئۆتۈك ئىشرەت ئەھلى، كى بىزارلاربىز،*
تۆمەنمىڭ بەلاغە گىرىفتارلار بىز.

قىلىبدۇر تەنىمنى قارا ئىشق ئوتى،
ھەمىشە ئاتىپدور قەزا ئىشق ئوتى،
بەدەندە بولۇپ جا ـ بەجا ئىشق ئوتى،
كۆڭۈلنى قىلىپ يۈز يارا ئىشق ئوتى،
تەرەھھۇم قىلىڭكىم، دىل ئەفكارلاربىز.

ئۇمىدىم تولا يار فەريادرەسدىن،
خەلاس ئەيلەگەي بارچە لەھۋ ھەۋەسدىن،
چىقارغە كۆڭۈلنىڭ قۇشى بۇ قەفەسدىن،
تىلەر بىز شىفا بىر مەسىھا نەفەسدىن،
كى بۇ كۆھنە دەير ئىچرە بىمارلار بىز.

* 3 ـ دىۋان ـ «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» دىن. «ز» ھەرپى تەركىبىدىكى 5 ـ غەزەل.

چۇ ئەربابلاردىن جۇدا قىلمە، يارەب،
كەرەم قىل مۇھەببەت مەيىنى لەبا ـ لەب،
كى ھەيرەتدە بىردەم قاراپ كۆككە ھەرشەب،
يارۇتقاي دىيان كۆزنى بىر سەئىد كەۋكەب،
ھەر ئاقشام تاڭ ئاتقۇنچە بىدارلار بىز.

ئايا چەرخ زالىم، جەفانى ئۇنۇتقىل،
زەمانى ۋەفا قىلكى، بىزنى ئاۋۇتقىل،
ئەلايىق ئىشىدىن كۆڭۈلنى ساۋۇتقىل،
سەبۇك رۇھ ساقى ۋەفا جامى تۇتقىل،
كى ئۆزلۈك يۈكىدىن گەرانبارلارمىز.

نىتەي، قورشادى بىزنى چۇن لەشكەرى غەم،
ئانىڭ يادىدا دائىما بىزگە ماتەم،
ھەزىن كۆڭلۈمىز بولمادى شاد ـ خۇررەم،
مۇيەسسەر ئىسە دوستىنىڭ ۋەسلى ھەردەم،
بىرىپ ئىككى ئالەم خەرىدارلاربىز.

كۆڭۈل قىل ئەزەل ساقىسىنىڭ سەلامىن،
ئاياغىغە باش قوي، قىلىپ ئىھتىرامىن،
قىل ئۇششاق بىرلە، نىزارى، مەقامىن،
نەۋائى كەبى ئىچكەلى ئىشق جامىن،
خەرابات كويىدا خۇمارلار بىز.

س (سىن) ھەرپى

ھەۋەس يولىدا خىرەد بولمە سوفىئى سالۇس،
مۇھەببەتىدە ئانىڭكىم كۆڭۈلنى قىل قەقنۇس،
تەغافۇل ئىچرە ھەمە راستلار ئىشى مەئكۇس،
بەسا بۇ دەير كۇھەن مەجلىسىدە قىلمە جۇلۇس،*
كى ئاندا ھەر كىشى مەجلىس تۈزەر①، بولۇر مەھبۇس.

---

* 4 ـ دىۋان ـ «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» دىن. «س» ھەرپى تەركىبىدىكى 8 ـ غەزەل.

① بۇ مىسرادىكى «تۈزەر» دىگەن سۆز «چاھار دىۋان» قول يازمىسىدا «تۇتار» دەپ ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



فەنا ھەرىمدە ئىستە چۇ ئىشق مىھرابىن،
سۇجۇد ئەيلە تۆكۈپ ئىككى دىيدەنىڭ ئابىن،
بۇدەھر فانىنى دەپ چەكمە رەنج قەللابىن،
جەھاندا ئىستەمە ئاچۇق فۇتۇھ ئەبۋابىن،
كى بۇ زەمانە ئارا بولمىش ئول ئىشىك مەدرۇس.

مۇراد شاھىدىغە يەتمەدى ئىبادەتسىز،
ئۆزىدچە قىلمادى ئىش ھەر كىشى ئىنايەتسىز،
ئۇمىدى ھاسىل ئەمەس بولسە ئول قەنائەتسىز،
ھەراس سەئيى بىلە فەيزيوق رىيازەتسىز،
گەر ئولسە داغى بۇ ئىش بىزگە بولمادى مەھسۇس①.

نەقدر ئاھ چىقىپ دەرد ئەھلىدىن كېچەلەر،
كېچىپ بۇ دارى فەنا مەنزىلىدە بىر نەچەلەر،
كى بولبۇل ئۇچتى جەھاندىن كى قالدى زاغچەلەر،
مەيى مۇغانە ئەگەر تۇتسە بىزگە مۇغبەچەلەر،
كى ئەرغەنۇن ئۇنى يوق ئېرسە بەسدۇرۇر ناقۇس.

بۇ دار شۇغلى ئۇچۇنكىم ئۆزۈڭگە ئەيلەمە قەھر،
جەھان سۇرۇرىدا كامىڭ ھەممىشە بولمىش زەھر،
ۋەفاسىز ئالەم ئارا ئەھلى ئىشق تاپمادى بەھر،
چۇ يوق بۇ كىشۋەرى ئىسلام ئارا ۋەفا بىلە مىھر،
خۇشا، نەۋاھىيى ئەفرىھ خىتتەئى تەرسۇس.

چۇيار يادىدە بول، بۇ جەھان غەممىنى ئۇنۇت،
قىلىپ ئوزۇڭنى داغى پىر دەيرىدە مەبھۇت،
بەقانى ئىستە، فەنا مەنزىلىدە قىلمە سۇكۇت،
چۇ ئۇمر ئۆتەر بۇ كۇن ئۆزنى نىشاد ئىلەخۇش تۇت،
كى تاڭلا نەفئ يېتۈرمەس دەرىغ ئىلە ئەفسۇس.

چۇ بۇلبۇل ئەتتى جەھان گۇلشەنىدە ئەيشۇ تەرەب،
كى بەردى يادى خەزان باغ غۇنچەسىغە ئەدەب،
مۇيەسسەر ئولمادى ئول يار ۋەسلى بىزگە ئەجەب،

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «مەئنۇس» دەپ يېزىلىپ قالغان.

ۋىسالىدىن مەن ئەگەر نائۇمىد ئىسەم، يارەب،
كى ئىشق زۇمرەسىدىن قىلمەكىم مىنى① مەئيۇس.

بۇ دەھر فانى ئارا نەچچە قىلسە زىبالىغ،
كى سۇد تاپمادى ئاندىنكى خام سەۋدالىغ،
بەلاغەت ئەتمەدى ھاسىل نىزارى نابالىغ،
نەۋائىيا، سەنۇ ئاۋارەلىغدا رەسۋالىغ،
نېدىنكى دەير فەنا ئىچرە نەڭ ئېرۇر نامۇس.

ش (شىن) ھەرپى

جەھان ئۇمۇرىدا، ئەي يار، جانىڭە يۈز نىش،
بۇدەھر فانى ئېرۇر بەلكى جايى غەم ئەندىش،
مۇراد تاپمادى مۇندا نې شاھۇ نې دەرۋىش،
ئاقارە باشلادى باشۇ تۆكۈلە باشلادى تىش، *
سەفەر ياراغىنى قىلغىلكى تۈشتى باشىڭە ئىش.

كۆھۈلەت ئولدى بەھارىمكى بولدى چېھرە سەرىغ،
كى غەفلەت ئىچرە، دەرىغا، كى ئۆمر كەچتى دەرىغ،
ھەيات رىشتەسىن ئۈزمەككە چەرخ ئىلكىدە تىغ،
يىگىتلىكىم بارىبان، كەلدى باشىمە قارىلىغ،
فەنا يولىدە بۇ يەڭلىغ ئىمىش بارىشۇ كېلىش.

چېچەك ئۇلۇرمۇ يەنە ئۆمر چەرخى كۆز قىلسە،
نىگۇن قەدى تۈزەلۇرمۇ كى نەچچە تۈز قىلسە،
شەبابلارغە كەراندۇركى قارى سۆز قىلسە،
يۈز ئولكى قىرقدىن ئەللىككە قويدى يۈز قىلسە،
مىڭ ئىشمدىن بىرىگە ياخشىلىق مەھال ئېرمىش.

سىھەت مىزاجىغە ئاخىر قارىلىق ئولدى ئەلىل،
چۇخىرە بولدى كۆزۈم ھەم كەلالەت ئولدى تىل،
ۋۇجۇد بولدى گەران، رۇھ ئانچە بولدى سەقىل،
ئېرۇر ھاياتىڭ ئوق يەڭلىغ ئۆتمەكىگە دەلىل،
كىشىكى ياكەبى قەدكە ئەسادىن ئەتتى كىرىش.

① ئەسلى قول يازمىدا «قىلمە كىمسەنى» دەپ يېزىلىپ قالغان.

* ٥ - دىۋان تــ «فەۋايىدۇل - كىبەر» دىن «شىن» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 - غەزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غۇرۇرلۇق بىلە ئىسيانغە ئەمدى تەۋبە كېرەك،
ندامەت ئەشكى ۋۇجۇدۇڭنى پاك ئېتەر بى شەك،
كى نەفسى خاھىشىنى ئەمدى ئەيلەگىل كەمرەك،
ئەدەبدۇر ئالتى جەھەتتىن ماڭا چۇ يەتتە فەلەك،
نې سۇد ياشىم ئەگەر ئاتمىشۇ ۋەگەر يەتمىش.

ئاغىز ئارا شولەگەي، كۆزدىن ئەشك بولدى رەۋان،
ۋۇجۇد قۇۋۋەتى كەتتى چۇ زەئىف بولدى ئەيان،
سەفەر قىلۇرغە يەقىن بولدى بۇ كۆڭۈل بىلە جان،
يىگىتلىك ئولدى بەھارۇ كۇھۇلەت ئولدى خەزان،
دېگەن بۇ سوزنى - قارىلىغىنى قىشغە ئوخشاتمىش.

بۇ زال شۇئبەدەسى ئاقىبەت قىلىپ بىمار،
شەباب سىلكىدە ئەيلەپ چۇنانچە زارۇ نىزار،
خەزان يەلىدە بولۇپ بىزگە زەئفەران رۇخسار،
نې قىش نىشاتى ماڭا قالدى نې خەزانۇ بەھار،
بەھارىمە چۇ خەزان قويدى يۈز خەزانىمە قىش.

خوشا قارىلىقدىن كىمكى بولسە پەردە تەيىن،
كى يار يادى بىلە دىلغە ئەيلەسە تەسكىن،
كىشى چىقارسە كۆڭۈلدىن بۇ دۇركى دەھر غەمىن،
نې تۇرفە ئىشكى بىرەۋچۇن تارىقتى ئۇمرىدىن،
دېسە ئۇزۇن ياشا قارغىمىشـدۇرۇر، ئەمەس ئالقىش.

بۇ چەرخ كۆرگۈزۈبان كىمسەگە مەمات يولىن،
كى بەرمەدىكى دەرىغ، جاۋىدان ھەيات يولىن،
نىزارى ئىستەگىلۇ ئىسم ئىلە سىفات يولىن،
نەۋائىيا، تۇتار ئەھلى فەنا سەجاد يولىن،
ئېرىشمەك ئىستەر ئىسەڭ، ئىستە ھەم ئالارنى ئېرىش.

ص (ساد) ھەرپى
دەيرى پىرى قىلغۇسىدۇر مۇددەئالىقدىن خەلاس،
زەر قىزىن ئەقد ئەيلەبان خۇد پادىشالىقدىن خەلاس،
كېچە - كۈندۈز مېھنەتى ئاقۇ قارالىقدىن خەلاس،
مەي مېنى قىلدى رىيايى پارسالىغدىن خەلاس،

* 2 — دىۋان - «نەۋادىرۇش - شەباب» دىن، «س» ھەرپى تەركىبىدىكى 4 - غەزەل.

پارسالىغ يوق ئەجەبكىم خۇد نەمالىغدىن خەلاس،

تانىياتالماس مۇھەببەت دەيردە ياخشى، يامان،
يارىنىڭ يادىدا ئۆز ھالىمدا ئىرمەس بىر زەمان،
ئاقىبەت قىلغاي ئەجەل بادى مىنى بى خانىمان،
خانىقەھ ئەھلى يولۇقسە مەستلىغدىن تانىمان،
شۇكرىكىم بولدۇم ئەلەرغە ئاشنالىغدىن خەلاس.

ئارزۇم پىرى مۇغاندىن بۇ ئىرۇر پەيمانەگە،
تۇتسە جامىنى لەبالەپ خۇشدۇرۇر دىۋانەگە،
جانىنى تەرك ئەتسەم نەخۇشدۇر دەير ئارا جانانەگە،
ئىشق خىلۋەت كۇنجىدىن سالىمش مىنى مەيخانەگە،
قىلدى زىندان گوشەسىدە مۇپتەلالىغدىن خەلاس.

ئەي كوڭۇل ئول يارىنىڭ يادىدا قىل ئاگاھلىغ،
غەفلەت ئۇيقۇسىدە ھەردەم قىلماغىل گۇمراھلىغ،
ئەيمشىنى تەرك ئەت جەھاندىن، بول ھەمىشە ئاھلىغ،
دەير پىرى جۇرئەسىن تاپمايكىم يولدۇر شاھلىغ،
دەير ئارا گەر ئارزۇ قىلسام گەدالىغدىن خەلاس.

ئەي سىتەم، مەن تاتەۋانغە بىر زەمان قىلمە سىتىز،
ئەي ئەلەم، قىلمە جەفا بىرلە كوڭۇلنى رىز - رىز،
ئەي غەم، ئەمدى كەت باشىمدىن، ئەتمە جاندا رۇستەخىز،
ئەي جەفا، گەر بىر ۋەفا قىلكىم ئىكەۋلەن بولغامىز،
مەن جەفا چەكمەكدىنۇ سەن بىۋەفالىغدىن خەلاس.

قان بىلە ئاغۇشتە بولدى دىيدەئى گىريانىمە،
چىقتى ۋەھ ئەشكى نەدامەت كۇلبەئى ئەخزانىمە،
جانىنى ئالغىل يەتكۇرۇپ مەن خەستەنى جانانىمە،
ساقىيا، ھەجرۇ خۇمار ئىچرە يېتىپ مەن جانىمە،
بىر قەدەھ بىرلە مىنى قىل بۇ ئارالىغدىن خەلاس.

ئەي كوڭۇل، ئول يارىنىڭ كويىدا بىر كۈن بارسەن،
دەھر رەنجىدىن نې غەمدۇر تالىبى دىيدارسەن،

بى نەۋالەر جۇملەسىگە، ئەي ئىزارى، زارسەن،
ئەي نەۋائى، بى نەۋا ئىستەپ سېنى دىلدارسەن،
گەر نەۋا ئىستەرسەن، ئولمە بي نەۋالىغدىن خەلاس.

ض (زاد) ھەرپى

ئىلتەدۇر جانۇ تەنىگنى چۇ قەزا دارۇل ـ قاز،
قۇرس خۇرشىدغە قانى بولۇبان بول مىمراز،
فەزل تاپماق تىلەسەڭ ئۆزنى قىل فەزلى ئەياز،
قىلە ئالغانچە رىيا ئەھلىدىن ئەتكىل ئىئراز،*
ياخشىراق سىدق ئىلە ئاسىكى رىيالىغ مۇرتاز.

دەير پىرى قولىدا نەقد ئېرۇر ھاسىل فەيز،
زەر قىزى ئەقدى بىلە ھاسىل ئېرۇر كامىل فەيز،
بۇ جەھان زىيبى تەمەنناسى ئېرۇر ھايىل فەيز،
مەھرەمى سادىق ئېرۇر ئۆزرى بىلە قابىل فەيز،
مۇئجىبى زۇھدىغە بولماس مۇتەجەللا فەييار.

ئافىيەت ئىستەگەن ئەل سۇبھى مەيىن نۇش ئىتەر،
مەيى ۋەھدەتنى كۆڭۈل پىرى مۇغاندىن ئىستەر،
كىم كۆڭۈل بەرسە جەھان مەشغۇلى چۇن رەنج يىتەر،
ئۆزلۇكۇڭ سىللىدىن ئەخلاقى زەمىمىگنى كۆتەر،
كىم كىتەر مۇسھىل ئىلە نەچچە مۇخالىف ئەمراز.

پەر ئولۇپ يار تەھەققۇق سارى بارماس كۆڭلۈك،
غەمى دۇنيانى جەھان ئېچرە چىقارماس كۆڭلۈك،
نەچەكىم زىيبى جەھان كارىدا ھازماس كۆڭلۈك،
باش ئاقاردى، كۆز ئاقاردىيۇ ئاقارماس كۆڭلۈك،
تىيرەسىن ھەر نەچەكىم تۇتتى سەۋادىگنى بەياز.

يېقىتۇر رەنج بىلە زالىمى دەۋران سېنىكىم،
قۇۋۋەتى بازۇ بىلە رۇستەمى داستان قانىكىم،
يار يادىدا بىرەۋ چىقمادى ئانىڭ جانىكىم،
چەك رىيازەت، ۋەلى ئىش ئورنىدا كۆرمە ئانىكىم،
بۇ رىيازەتدۇرۇر ئولكىم ئەۋەزى كەلدى رىياز.

* 2 ـــ دىۋان «نەۋادىرۇش ـ شەباب» دىن «ض» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 ـ غەزەل.

غەفلەت ئۇيقۇسى بىلە ھەددىدىن ئارتار مەرەزىڭ،
بۇ مەرەز دەفئىگە چۈن تائەت ئۇلۇپدۇر ئەۋەزىڭ،
بارچە ئىش ۋەقتىدە ھەق بولسا كېرەكدۇر غەرەزىڭ،
چۈنكى بىھودە ئېرۇر بارچە مۇتەۋۋەل ئەرزىڭ،
بۇ غەرەزدىن بولادۇر دەفئ كېرەكمەس ئېئىراز.

فەقر كۆيىدا چۇ ئۇل يارغە قىلغىل ئەدەبى،
قەرىلىق يەتتى داغى ئەيلەگۈگۈز فىئىل سەبى،
كەلدى ئىشىق ئەھلىغە بو دار غۇرۇرى ئۇجبى،
ئىكى بارماقكى تۇتار سيمنى مىقراز كەبى،
فەقر تارىن داغى قەتئ ئەتكۈچىدۇر ئۇل مىقراز.

سۇبھىدەم مەي ئىچىبان چۈنكى بول ئىبنى فارىز،
خاكدان دەھر ئۇمارى ئارا بولمە رايىز،
جەھد ئىتىپ زىكر بىلە ئىستەگىل ھەقدىن فايىز،
ھەرنە ئالىڭغە كىلۇر ھەقدىن ئېرۇر چۈن ئارىز،
بەس تەھەممۇل قىلىبان ئەيلەمە ھەردەم ئېئىراز.

بۇ فەلەك غەمنى كۆڭۈلنىڭ خۇمىدىن تاشۇرغاي،
دەردۇ مىھنەتنى قەزا جانىم ئۈچۈن ئاشۇرغاي،
پىر ئاياغىنى، نىزارى، تاپىبان باش ئۇرغاي،
جەھلى ئەيبىنى، نەۋائى، نېتىبان ياشۇرغاي،
ئەل كۆزى ئاچۇق ئېرۇر گەر ئۆزى ئەتكەي ئەغراز.

ط (ئىتقى) ھەرپى

سىدق ئەھلىگە بۇدۇر كەھف فەنادا غار شەرت،
غار ئىچىدە يار ھەمدەم بولغالى بىر يار شەرت،
ئىشق نىشىن جانىغە يەتكۈرمەك ئۈچۈن بىر مار شەرت،
دەير پىرى خىزمەتىدە قىلسە ھەر خۇممار شەرت،*
كىم بىلىن رۇس ئەيلەگەي ئەۋۋەل ئېرۇر زۇننار شەرت.

مەن خەيال ئەتتىم نەچە: فۇرقەت ئوتىدا كۆيمەيمىن،
ھۆيدىمۇ ئۆز ھالىمە، بۇ ئوت مىنى كۆيدۇرمەيمىن،

* 3 — دىۋان — «بەدايىئۇل — ۋەسەت» دىن «ط» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 — غەزەل.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ھەر نەچچە دېدىم: كۆكۈلگە دەردۇ غەم كەلتۈرمەيمەن،
شەرت قىلدىمكىم: ۋەفاسىزلەرنى ئەمدى سېۋمەيمەن،
ئىشق زور، ئەتــكەچ ۋەلى باتىل بولۇر بىسيار شەرت.

نۇرى زۇلمەت ئىچرە كىرمەكلىككە كىمدە ئىختىيار،
كىم قەرارىدا بۇ دەير ئىچرە ئەمەس دارۇل قەرار،
دەھر ئارا خۇدبىنلىق ئەيلەپ ئەتمە ئۆزنى ئېئتىبار،
تەۋبە قىلماق ئىستەر ئېرسەڭ قىلمە دەئۋا ئاشكار،
تەڭرىغە تاپشۇر ئۆزۈڭنى قىلماغىل ئىزھار شەرت.

فەقر ئەتۋارى خۇش ئېرمەس شاھلىغ شەئنىگە كىم،
نۇكتەئى ئىشق مۇھەببەت يەتمەگەي زېھنىگە كىم،
ئالەمى زاھىرنى بىلگەي، تۈشمەگەي مەئنىگە كىم،
ئىشقنى جەببارلار فەھــم ئەيلەمەسلەر نىگە كىم،
باردۇر ئانداق جان رىشۇ خاتىرى ئەفكار شەرت.

ئىستەگىل دارۇل بەقا، پەجمۇردە قىلمە كىمسەنى،
ئەيلەسەڭ كىمگە ۋەفا ئەفسۇردە قىلمە كىمسەنى،
سۆزدە ياخۇد تىغ بىرلە مۇردە قىلمە كىمسەنى،
بولماغىل ئازۇردەۋۇ ئازۇردە قىلمە كىمسەنى،
فەقر ئايىنىدا ئىچۇنكىم ئەمەس ئازار شەرت.

چەك رىيازەت كۇنجىدە ئول يار ئۈچۈن رەنجۇ تەئەب،
كىم ھېساب ئالماسدا ئايغىل يەئنى ئۆزلۈكدىن ھەسەب،
كۆرمەگىل ئەھلى فەنانىڭ فېئلى ئەتۋارىن ئەجەب،
شەرت ئىلە دەئۋيى فەنا ئىچرە ئەمەس شەرتى ئەدەب،
بىئەدەبلىغدىندۇر ئەتسە شەيخ دەئۋادار شەرت.

دەھرنىڭ ئەيشى سۇرۇرىغە كۆڭۈل ئالدۇرماغىل،
بى ۋەفادۇر خوبلار، يانىدە بىردەم تۇرماغىل،
تالىبى ھۇشيار ئىسەڭ غەفلەت ئەساسىن قۇرماغىل،
سالىك ئېرسەڭ ئىشغە مەشغۇل ئول، ۋەلى دەم ئۇرماغىل،
گەر بۇ يولدا شەرت ئېرۇر كىردار ئەمەس گۇفتار شەرت.

تۈشــدە كۆرگەن بوستاندىن، ئەي كۆڭۈلكىم، گۇل تۇرۇر،
كىم تەغافۇل شەھنەسىگە ئۇمرىنىڭ نەقدىن بىرۇر،

ئاگلاغىل ئەھلى فەناغە مۇندا تۇرماغلىغ نېدۇر،
ئىستەر ئېرسەڭ تەگرىنى بۇتلارنى سۇندۇرگىم ئېرۇر،
ئۇشبۇ يولدا دۇنيى ئۇقبادىن ئىستىغفار شەرت.

بۇ جەھان دەيردە دەۋران بادەسىنى يۇتمەكىم،
بى ۋەفا دۇنيا ئۇمۇردا كۆڭۈل ئاۋۇتمەكىم،
يار يادىيى، نىزارى، بىر زەمان ئۇكسۇتمەكىم،
ئەي نەۋائى، چەرخدىن جۇز ئەگرىلىك كۆز تۇتمەكىم،
ھاجەت ئېرمەس ئانى قىلماق چەرخى كەجرەفتار شەرت.

قىلمە دۇنيا بىلە دىل ئايىنەسىنى مەنقۇت،①
ئارىيەت ئالەم ئىشىنىڭ بارىسىدۇر مەخلۇت،
چىكەدۇر رۇھنى ئاخىر بۇ سەمائى مەخرۇت،
گەر فەنا رەسمىنى قىلماق تىلەر ئېرسەڭ مەزبۇت،
نەفس ئىلە رۇھنى زىنھار كى قىلمە مەخلۇت.

ئەيلەمەس چۇنكى ۋەفا ساگا نە فەرزەند نە زەۋج،
ئاقىبەت ئادەم ئۇچۇن بەھرى فەنا ئۇرغاي مەۋج،
غەرق ئولۇر ئالەم ئارا باشدىن ـ ئاياغ چەندان فەۋج،
رۇھ ئول نۇردۇرۇركىم ھەق ئاگا بەرمىش ئەۋج،
نەفس زۇلمەتغە قالىپ قالمىش ئاگا پايە سۇبۇت.

رۇھنىڭ ئۇشبۇ جەھان ئۆيى ئېرۇر زىندانى،
تەن ئەمارىدا بولۇپ ئانىڭ ئۇچۇن پىنھانى،
ئاراغە ئالمىشدۇر بەغزى ھەسەد نەفس ئانى،
رۇھ رەھمانى ئېرۇر، نەفس ئېرۇر شەيتانى،
ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە قوشماق ئەمەسدۇر مەشرۇت،

رۇھ تەن قالىبىدا نەفسىگە بولمىش يولداش،
ئاھكىم، غەفلەت ئىلە بىر ـ بىرسىگە چىرماش،
ئىمتىھان قىلماق ئۇچۇن مۇشتەمىل ئەيلەپ نەققاش،
رۇھغە شىۋە كەلىمۇللاھ ئىشىن قىلماق فاش،
نەفس فىرئەۋن لۇك ئەسبابىنى ئەيلەپ مەزبۇت.②

---

① 4 ـ دىۋان ـ «فەۋايىدۇل ـ كىبەر» دىن. «ط» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 ـ غەزەل.
① قول يازمىدا «مەربۇت» دەپ يېزىلىپ قالغان.

قۇدرەتى ھۇققە ياساپ جىسمى بەشەر لايىنى،
ئاندا تەئيىن ئىتىبان رۇھى رەۋان جايىنى،
نەفس چاھىدا ئانىڭ بەند ئىتىپ لايىنى،
رۇھغە زاتى ھەبىبۇللاھ ئىشى ئايىنى،
نەفس بۇ جەھلىلىق ئەسبابىنى ئەيلەپ مەبسۇت،

راستلىق پەنجەسىنى ئەيلەدى بىزگە ناسىخ،
پەنجە بابىدا سورار ئاندا مەلائىك چاسىخ،
دىن دەرۋازەسىنى پەنجىنى ئەيلەپ شامىخ،
يارەب، ئەت بىزنى ھەبىبىڭ سۇفەتىغە راسىخ،
ئەيلە بۇجەھل تەرىقىڭ ئىچىمىزدىن مەسقۇت.

قىل فەنا ئەھلىنى ئۇقبادا مۇخادىم، يارەب،
ئەيلەگىل ئاندا ماڭا لوتفىنى جازىم، يارەب،
دىن ئىزامىدا ئىزارىنى كى نازىم، يارەب،
قىل نەۋائىنى ھەمۇل خەت بىلە ئازىم، يارەب،
كىم بىز ئۇرىياندىن ئايرىلدى ئوتىۇز ئالتى خۇتۇت.

ظ (ئىزغى) ھەرپى
نەسب ئېتىپ ساڭا ھەق چۇنكى كىميا ئەلفاز،
چۇنانچە تىيرە كۆكۈلگە بېرىپ جۇلا ئەلفاز،
ھىدايەت ئەھلىگە ھەم شەمئ رەھنەما ئەلفاز،
نې نۇتق دىلكەش ئېرۇر ۋەھ، نې دىلرەبا ئەلفاز،*
مەسىھ نۇتقىدا يوق بۇيلە جانفەزا ئەلفاز.

كەلام گەۋھەرىغە بەلكى دۇرج ئولۇپ ئاغىزى،
ئىكى جەھان يارۇتۇپ ئول ھەبىبىڭ مەڭىزى،
قىلىپ ئەدەم بارى سۆزلەرنى سۆزىنىڭ تەمىزى،
ئېرۇر خۇجەستە سۆزۈڭ فەيز مەۋجىنىڭ تېڭىزى،
تېڭىزدا ھەر سارىدۇر دۇررى جەبەھا ئەلفاز.

جەھاننى تۇتتى ھەمۇل شارىئى سەھىپلارى
نەجان بەردى داغى نۆكتەئى سەرىملارى،
تۇفەيلىدىن يوقالىپ بەندەنىڭ قەبىھلارى،

* 2 - دىۋان — «نەۋادىرۇش - شەباب» تىن. «ظ» ھەرپى تەركىبىدىكى 2 - غەزەل.

سۆزۈڭدە لەفزىڭ ئىشىتكەچ ئەرەب فەسىھلارى،
بىردىسى قىلمادىلار سۆزگە ئىبتىدا ئەلفاز.

بۇ مۇجتەمەئ بولۇبان لەفزىڭە جەمئى كەلام،
كەلام مەئنىسى بەلكىم تىلىڭدا بولدى تەمام،
شەفىئ بولدى ھەدىسىڭگە، بىزگە يەۋم قىيام،
سۆزۈڭدە پىرى خىرەد تاپمادى غەلەت ئەھكام،
تىلىغە سەھۋ ئىلە ھەم ئۆتمەيىن خەتا ئەلفاز.

شەفائەتىڭگە ھەمە جۇرمىنى ئەدەمگە سۇرۇپ،
مەلائىك ئىلكىدەكى جۇرم نامەنى ئۆچۈرۈپ،
سىنىڭ مۇتابىئەتىڭ بارچە سەھۋىنى كۆچۈرۈپ،
ساڭا نەدىم ئولۇبان جەبرەئىلكىم كەتۈرۈپ،
بىر ئاشنا قاشىدىن بارچە ئاشنا ئەلفاز.

ئانىڭكى زىكرى تەمۇغدىن نەجات قىلسە نىتاك،
بىھىشت مەنزىلى ئىچرە مەقام بەرسە نىتاك،
شىكەستە زار نىيزارىنى ئاندا قويسە نىتاك،
نەۋائى ئەيلەدى نەئتىڭنى ۋىرد بولسە نىتاك،
ئاڭا كەلام رەۋان بەخش مۇنتەھا ئەلفاز.

ع (ئەيىن) ھەرىپى

قىلغىل كۆڭۈلدە ئەيكى، قەنائەتنى مۇجتەمەئ،
تامىئ خىسالىدىن قىلىبان ئۆزنى مۇمتەنەئ،
مۇردا ئۈچۈنكى قىلمە داغى نەفسنى سەبەئ،
ھەقدىن ئەزىزلىق تىلەسەڭ ئەلدىن ئۈز تەمەئ،*
كىم خەلقنىڭ ئەزىزى دىدى «ئەرەمەن قەنەئ»،

•

كۆپ ئەيىبدۇركى سەنئەتىڭە لامىئ ئەتسە فەخر،
ئىبرەمەس سەنەدكى زىللەتىڭە جامىئ ئەتسە فەخر،
خۇشدۇر ۋىسالى ھەقنى بۇكىم شايىئ ئەتسە فەخر،
مەزمۇمدۇر قەنائەتىدىن قانىئ ئەتسە فەخر،
تامىئ خىسالىدىن كىشىنى ئەيلەگەي تەمەئ.

---

* ـدىۋان ـ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىدق ئەھلىنىڭ قاشىدا ئەجايىب رەمۇزەدۇر،
ئىشق ئەھلىنىڭ ئىچىدە غىمزا دەرد سوزەدۇر،
بەرمەك كۆڭۈلنى چەرخ ۋەفاسىز ئەجۇزەدۇر،
كىم تۇئمە تاپماس ئەتكەلى ئىفتار روزەدۇر.
ئەرمەس ۋەرەئ بىر ئاچقە غىمزا بەزلىدۇر ۋەرەئ.

بولغاي ئۆزى غەمىنى يېگەن دەرد ئاھ ئىلە،
ۋەھدەت مەيىنى نۇش ئېتەر سۇبھىگاھ ئىلە،
قىلغاي نەسۇھ تەۋبەسىنى چېھرە كاھ ئىلە،
ماتەم ئۆزۈڭگە تۇتكى ئۆلەرسەن گۇناھ ئىلە،
بى جۇرم تۇفەيلىڭ ئۆلگەنگە نېدۇرۇر جەزەئ.

دەرد ئەھلى ئۇلكى بولسە كېرەكدۇرتىمبەئ ئاگا،
خۇشدۇر مۇھەببەتى بىلە قىلسە رىجەئ ئاگا،
ئول ئەردۇرۇركى تابىئى بولمىش قىنەئ ئاگا،
بىر دەردمەند كۆڭلىدە كۆرسەڭ ۋەجەئ ئاگا،
گەر كۆڭلۈڭ ئاغرىماس ئول ئەمەس بۇ دۇرۇر رەجەئ.

غەفلەت غۇرۇرى بىرلە جەھان نەقدىن ئالماغۇڭ،
دەردۇ بەلا ئۇقۇبەتىگە ئۆزنى سالماغۇڭ،
لەھۇ تەرەب سۇرۇرى بەلاسىغە قالماغۇڭ،
نەفس ئولسە تابىئىڭ كىشىسىن يوقسە بولماغۇڭ،
ھەرگىز كىشى بولۇپ ساڭا يۈزمىڭ كىشى تەبەئ.

بولدۇڭ نە سۇد دەھرىدە شەھ تەخت ـ تاج ئىلە،
تۇرماس كىشى بۇ فانى جەھاندە رەۋاج ئىلە،
بىكەس نىزارى تۇردى جەھان ئېھتىياج ئىلە،
قاقىل نەۋائى ئۇشبۇ ئىشىكنى كاج ئىلە،
كىم سابىت ئولدى فەقرىدە مەزمۇن «مىن قەرەئ».

غ (غەين) ھەرپى

نې خۇش تۇن ئېردىكى ئول لامەكانغە قويدى ئاياغ،
كى دوست بەزمىدە ۋەھدەت مەيىگە بولدى ئىناغ،
جەمالىدىن قىلىبان كەسب نۇر ئىككى قاراغ،
زەھى بۇراقىڭ ئىزىدىن قەمەر ئۇزارغە داغ،*

* 2 ـ دىۋان ـ «نەۋادىرۇش ـ شەباب» دىن «غ» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 ـ غەزەل.

مۇئەييەن ئىككى قاراغىڭغە سۇرمەئى مازاغ،

چۇرەۋشەن ئەتتى مەلائىككە نۇكتە پىنھانىمىن،
كى چاكەر ئەيلەدى ئۇزگە فەلەك نىگەھبانىمىن،
مۇنەۋۋەر ئەيلەدى توققۇز سىپىھرى بوستانىمىن،
چۇ يارۇتۇپ يۇزۇڭ ئوتى فەلەك شەبىستانىمىن،
ئۇ ياتىدىن ئۇچۇرۇپ ھەر تەرەف نۇجۇمى چىراغ.

شەرافەت ئولدى سەما مەنزىلىگە جەۋلانىڭ،
مەلەكنى ئەيلەدى سىراب لۇتف ئىھسانىڭ،
كى قالدى رەۋزەدە ھەۋراغە داغى ھىجرانىڭ،
شەممىم كىم ساچىبان زۇلف ئەنبەر ئەفشانىڭ،
بولۇپ سەۋامىئى قۇدسى ئىلىگە ئەتر دىماغ.

نەۋىد يار كېلىپ جەبرەئىل شەھپەردىن،
ئۇرۇج ئەيلەدىڭ ئول شام بۇ قارا يەردىن،
ئاسىبكى لەھزەدە كامىڭ چۇ ھەفت مەنزەردىن،
ئۇتۇپ قەددى ئۇزارىڭ سىپەھر ئەخزەردىن،
بۇ نەۋئى سەرۋ ئىلە گۇل تاپمايىن يەنە ئول باغ.

ۋۇجۇد مۇلكىدە زىجانغە كۆپ ئىقاب ئېردى،
جەھان ئېلىگە بۇكىم جۇرمدىن ھىجاب ئېردى،
نېدىنكى باشدىن ـ ئاياغ مايىلى شەراب ئېردى،
ئۇلۇسقە زۇلمەتى كۇفر ئىچرە ئىزتىراب ئېردى،
يۇزۇڭ قۇياشى فۇرۇغىدىن ئولدى مۇنچە فەراغ.

رىسالەتىڭ رەقەمىدىنكى ئالدى بارچە سەبەغ،
سىنىكى تاپدى بىرەۋ بولدى خەۋفدىن ئەفرەغ،
كى ھاسىل ئەتتى گەدايىڭ جەھان ـ جەھان مەبلەغ،
كىتابىڭ ئۇزگە كۇتۇبدىن چۇ باردۇر ئەبلەغ،
بەلاغەتىڭغە مۇناسىب ھەق ئەيلەمىش ئەبلاغ.

نەغەمدۇرۇركى مىنى جۇرم ئەھلىگە قوشسە،
ۋۇجۇد مۇلكىنى بادى ئەجەل كېلىپ بۇزسە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
www.uyghurkitap.com



نىزارى، سەندىن ئەگەرچە ئۇمىد ئۈتىپ تۇرسە،
بۇ بەسكى ئەينى ئىنايەت بىلە كۆزۈڭ تۈشسە،
تاموغ ئوتىغە نەۋائىنى سۇدرەپ ئىلتۇر چاغ.

### ف (فا) ھەرپى

ئارىيەت مۈلكىدە كۆڭلۈم بولدى مىھمانلىقدا ھەيف،
ئىنس تاپماي ئاقىبەت كارىغە ئىنسانلىقدا ھەيف،
كىم رىيايى زۇھد تەقۋا بىرلە ئىشانلىقدا ھەيف،
نەقد ئۆمرۈم كەچتى غەفلەت بىرلە نادانلىقدا ھەيف،*
قالغانى سەرف ئولدى ئەندۇھۇ پۇشايمانلىقدا، ھەيف.

چۇن ئۈمىد ئەيلەپ ۋەفاسىز دەھرى زالىم كۈنجىدىن،
ئۆزنى قۇتقارماقكىم ئول نەفسى ھەۋا ئىسكەنجىدىن،
كىم تەۋەھھۇم ئەتمەي ئول تاڭلا مەلامەت سەنجىدىن،
جانغە بىر دىشىۋارلىغ قويماي رىيازەت رەنجىدىن،
سەرف ئولدى نەقد ئەۋقاتىم تەن ئاسانلىغدا، ھەيف①.

دەھر بى بۇنياد ئۆيىدە بولدى كۆڭلۈم مۇتمەئىن،
ھەر نەچە بولدى نەسۇد دەۋران ئارا ساھىب نىگىن،
بادى پەيمانىغە ساقى ئىستەدىم بىر مەھجەبىن،
باغلادىم پەيماندىن، پەيمان فىغانىكىم ئەقلىدىن،
بولدىلار پەيمانەدە ئول سۇست پەيمانلىغدا، ھەيف.

ئاھكىم، بولدى كۆڭۈل بۇ دەھر زالىم مايىلى،
كامى دىل ئىزدەپ جەھان مۈلكىدە بولدۇم جاھىلى،
بولمادىم بۇ دەھرفانى ئىچرە تەقۋا كامىلى،
ئەي مۇسۇلمانلار، بىلىڭكىم، بولدى ئۆمرۈم ھاسىلى،
نەفسى كافىر فىتنەسىدىن نامۇسۇلمانلىقدا، ھەيف.

بۇل ھەۋەسلىكدىن غۇرۇر ئىچرە باشىمدا تەلبەلىك،
دەھر فانىدا گەدا بولدۇم، نەسۇد، ئولدۇم مەلىك،
بىلمەدىم باقىنى، نەفسىم ئەمرىدە ئاپىتىم پەلەك،

* 1 - دىۋان — «غەرايىبۇس سىغەر» دىن، «ف» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 - غەزەل.

① بۇ بىر كۇپلېت قول يازمىدا تەكرار يېزىلىپ قالغان.

ۋايكىم، نەفىس ئەيلەمەس ھەر نەچچە كىم تارتىپ ئىلىك،
دېسەم ئۆز ئەھۋالىمە بۇ نەۋئى ھەيرانلىغدا، ھەيف.

دەھرىنى ئاقىل ئىقامەت قىلغۇلۇق مەنزىل دېمەس،
يارنىڭ ياددا غەملىك بولسە مۇندا غەم يېمەس،
بىۋەفا ئالەمدە جاۋىدان ئىقامەت ئەيلەمەس،
ئانداغ ئىش قىلكىم، پۇشەيمان بولماغايسەن، كىم ئەمەس،
ھېچ ئاسىغ چۇن ئىش خەتا بولدى پۇشەيمانلىغدا، ھەيف.

كىم خىرەد ئەھلى فەلەك ئاشۇبىدىن ھەيران ئېرۇر،
بۇ فەنا مۇلكىدە ھەيرانلىقدا سەرگەردان ئېرۇر
دەھرىغە بەردى كۆڭۈلنى مەن كەبى نادان ئېرۇر،
ھەرنە ئۆتكەن سۆزلەرىم چىندۇر دېسەم يالغان ئېرۇر،
چىن بۇ دۇركىم ئېيتايىن ئۇمر ئۆتتى يالغانلىغدا، ھەيف.

قەئر ئەتـۋارىنى تۇت يادى بىلە قىل جان فىدا،
غەفلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغان، دەپ كېلۇر ھەردەم ندا،
كىم كۆڭۈل بەرمەي جەھانغە ئۇمرىنى قىلغىل ئەدا،
چۇن يەگىلراقدۇر ھېساب ئۇلغاندا سۇلتاندىن گەدا،
ھەيفكىم بولغاي گەدا ئەۋقاتى سۇلتانلىغدا، ھەيف.

فەھم قىل، ئەي دوستلار، بۇ دەھر ئازارى مېنىڭ،
نېش ئۇرۇپ جانىمغە ھەردەم غەم گۇلى خارى، مېنىڭ،
مۇنىسىم بولدى نېتەي، ئەندوھ سەردارى، مېنىڭ،
ئەي نەۋائى، ۋاقىف ئېرمەس خەلقدىن بارى، مېنىڭ،
كەچدى ئۇمرۇم نەقدى غەفلەت بىرلە نادانلىغدا، ھەيف.

ق (قاف) ھەرپى

پۇر ئۇلۇب ئەيىبدۇرۇر قىلسە كىشى زىبالىق،
دۇنيەغە [لەھزە] كۆڭۈل بەرمەگەن ئول دانالىق،
تۇشەئى ئاخىرەت ئۇلكىم سىفەتى ئەنقالىق،
ئۇلكى كافۇرى بولۇپ مۇشك قىلۇر رەئنالىق، *
ئاقساقالىغە كۆلەر خەلق، زەھى رەسۋالىق.

* 2 - دىۋان — «نەۋادىرۇش - شەباب» دىن «ق» ھەرپى تەركىبىدىكى 8 - غەزەل.

www.uyghurkitap.com



شەيخ ئولۇپ قىلىشە شەباب ئىشلارىنى سەۋدالىق،
ئاقىبەت كارىنى كۆرمەككە قىلۇر ئەغمالىق،
ياراشۇرمۇ قارىغە لەھۋ بىلە شەيدالىق،
چۇن ساقالىسىزلىق ئېرۇر لازىمەئى رەئنالىق،
قىرقىماق لازىم ئېرۇر ئانى، زىھى رەئنالىق.

ئاقىل ئولكىم قارىغاندا غەمى دۇنيانى يېمەس،
جاھىلى مۇتلەق ئېرۇر ئەيلەمەسە تەركى ھەۋەس،
قارى ئۆزنى ياسىسە باز يىگىتلىك گەلمەس،
ئۇمرىگە يەتتى چۇ ئەللىك يەنە ئەللىكدىن ئەمەس،①
ياغىلىق تەگرىگە ۋۇ ئەمرىگە نافەرمانلىق.

چۇن فەنا ئەھلى ئەمەل مەزرەئىگە مەشغۇلدۇر،
ئاندا بارماقغە ئانىڭ ھەر نەفەسى بىر يولدۇر،
ئىنتىقال ئەھلىگە تەۋبە كۇتۇبى مەنقۇلدۇر،
كىم يىگىتلىكدە قىلۇر تەۋبە، يىگىتلىك ئولدۇر
قارى بولغار ساقالىن، قىلسە قەدەھ پەيمالىق.

غەفلەت ئەھلىنى كۆرۈڭ، ئالدىرابان بادە ئىچەر،
نازۇ نىئمەتلەرىنى ئانچە يەبان، بادە ئىچەر،
جۇرم ئىسيان ئۇرۇغىنى تارىبان، بادە ئىچەر،
تەگرىدىن قورقماي ئولكىم قارىبان، بادە ئىچەر،
ياخشىراقدۇر بۇ مۇسۇلمانلىغىدىن تەرسالىق.②

ۋەتەنى ئەسلىنى ياد ئەت گەر ئىسەڭ ئەھلى تەمىز،
قارىبان فىئلى جەۋان بىرلە داغى قىلمە سىتىز،
كىم ئەزىزلىق تىلەسەڭ دەھر ئىلىدىن ئەيلە گۇرز،
قاراغاندا ئىككى ئىشدۇر بارىسى ئەلگە ئەزىز،
بىرى زۇھدۇ بىرىسى خەلقئارا ناپەيدالىق.

بەندەلىك خىزمەتىنى ئەمدى، كۆڭۈل ئادەت قىل،
يار يادىنى ھەمىشە ئۆزىڭە رافەت قىل،

① بۇ مىسرا «نەزارى كۇللىياتى» دا: «ئۇمر ئەللىككە چۇ يەتتى....» دەپ يېزىلغان. قولىمىزدىكى «چاھار دىۋان» نىڭ قوليازما نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تۈزىتىپ ئېلىندى.

② بۇ غەزەلنىڭ مۇشۇ كۇپلىتىدىن كېيىنكى 6 – 7 – بېيىتلىرىغا مۇخەممەس يېزىلماي قالغان، 8 – 9 – بېيىتلىرى مۇخەممەستە مۇقەددەم – ئاخىر بولۇپ قالغان. تۈزىتىپ ئېلىندى.

كاتىبى زار نىزارى، غەم ئارا تاقەت قىل،
ئەي نەۋائى، قارىدىك گۇشە تۇتۇپ تائەت قىل،
بولمايىن خار دىسەڭ ئەيلەمە بەزم ئارالىق.

ک (كاف). ھەرپى

جەھان گۇلزارىدا سۇنئ تۇرلۇك گۇل بەدەن قىلدىك.
ئانىڭكى ئارەزىنى ئەرغەۋانۇ نەستەرەن قىلدىك
شەممى ئىشق ئىلە ھەر سۇنبۇلىن مۇشكى خوتەن قىلدىك،
يانا، ئەي ئىشق، گۇل رۇخسارىن ئاشۇبى چەمەن قىلدىك،*
ھەزىن بۇلبۇل تەنىغە ھەربىرىدىن بىر تىكەن قىلدىك،

بەھار ئەييامى بۇلبۇل جىسمىنى گۇلدەك قىزارتۇردىن،
چىقارىپ ئاتەشىن گۇل نالەئى ئەفغانى ئارتۇردىن،
سەھەر شەبنەم كەبى ئىشق ئەھلى كۆزىنى ياشارتۇردىن،
كۆڭۈلنى تەلبە ئەيلەپ قەيدىغە ھەريان ئاقارتۇردىن①
چەمەن زەنجىرى گىسوسىدا يۈز چىنۇ شىكەن قىلدىك.

رەبىئۇل ـ فەسلى گۇلشەن گۇللارىنى ئەيلەمىش ئەھيا،
زۇھۇر ئەيلەپ چەمەندە نەستەرەن بىرلە گۇلى رەئنا،
كى ئىشق ئاشۇبىدىن ئانداغ قىزارمىش لالەدىن سەھرا،
سەھاب ئەتفالى ژالە تاشلارىن ياغدۇرغالى، ئەي گۇل،
پەرى يەڭلىغ زۇھۇر ئەيلەپ جۇنۇن بۇلبۇلغە فەن قىلدىك.

بىرىپ رەڭ ئىشق گۇلغە چۇنكى بۇلبۇل قانىدىن گويا،
قىلىپ مىڭ قارىنى ھەم نالەۋۇ ئەفغانىدىن گويا،
گۇلستانغە بىرىپ زىينەت ھەۋا بارانىدىن گويا،
رىياھىن خەيلىنى چەكمەككە يەر زىنداندىن گويا،
بۇلۇت ئەييارىنىڭ ھەر قەترە تارىن بىر رەسەن قىلدىك.

* 4 ـ دىۋان — «فەۋايىدۇل — كىبەر» دىن «ک» ھەرپى تەركىبىدىكى 38 ـ غەزەل.

① «چاھار دىۋان»نىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىلىرىدا «ئاقارتۇر»دىن دىگەن بۇ سۆز «ئاقار سۇدىن» دىيىلگەن.

چەمەنلەر رەڭگىنىڭ شاھىغە باسىن بولدى خەرى گۇل،
يەزەكدار ئولدى ئول دەرگەھدە بۇلبۇل ئۆزنى ئەيلەپ قۇل،
گۇلىستان شەبنەمىدىن ھەر سەھەردە نۇش ئەيلەپ مۇل،
نىھالى گۇل نەشمەن گۇلشەن ئىتىك كويى، ئول بۇلبۇل،①
فىراق ئىچرە تىكەندىن بىستەرۇ خەستىدىن ۋەتەن قىلدىڭ،

كۆڭۈل ئول باغبانىنىڭ ئەيلەدى ئىھسانىغە تەسلىم،
چەراكىم، جان دىماغىنى مۇئەتتەر قىلدى ئول تەشىم،
قىلىبان ساقىي ۋەھدەتكە ۋەھدەت دەيردە تەھرىم،
يۈزۈڭ شەمئىدە شەبنەم، يوقسە تەردۇر، ساقىيا، ۋەھكىم
ئول ئەنجۇمدىن شەبىستان ئىچرە قەتلى ئەنجۇمەن قىلدىڭ.

جەھان باغىدا بۇلبۇل تارتىمىش گۇل ئىشقىدا ئەمگەك،
تۇرۇپ بىر تۈن نەۋا ئەيلەپ فىغانۇ نالە بىرلە تەك،
بولۇپ ئادەت مۇھەببەتدە گەھى يىغلاپ، گەھى كۈلمەك
چەمەندە مەست بۇلبۇلدىنكى ھەريان خەم بولۇپ گۈلدەك،
زەمانى جىلۋە ئەيلەپ، بىزنى رەسۋايى زەمەن قىلدىڭ،

جەمالىن كۆرگۈزۈپ باغى ئىرەمدە گۇل زۇھۇر ئەيلەپ،
قىلىبان شيفتە ئاشىقلارىن گۇلشەننى نۇر ئەيلەپ،
ھەمانا ئىشق ئىلە بۇلبۇلغە ئۆلمەكنى زەرۇر ئەيلەپ،
ئۆلۈك دەپ ئۇجبدىن زاھىد ئاڭا خىلۋەتنى كۇر ئەيلەپ
ھەمانا پەردەئى پىندارىن، ئەي گەردۇن،كەفەن قىلدىڭ.

نەدامەت ۋادىسىدا ئىشق ھەسرەت بىرلە تۇرغۇزغاي،
ۋۇجۇدۇمنى، دەرىغا، ئەشك سىلاب بىرلە ئاقىزغاي،
فەلەك قەسد ئەيلەبان دەپدۇر نىزارى كۆڭلىنى قوزغاي،
نەۋائى، قايدا غەم سىلى يانا كۆڭلىڭ ئۆيىن بۇزغاي،
كى ئەيلەردە ئىمارەت ئاندا بالچىغ دەرددەن قىلدىڭ.

ل (لام) ھەرپى

بۇ جەھان ئەھلىنى ئەيكىم، نەفسگە مۇنقاد بىل،
شىددەتى دۇنيا ئۇمۇرىدا ئانى شەددداد بىل،

① «چاھار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى اقول يازما نۇسخىلىرىدا بۇ سۆز «ئەي بۇلبۇل» دەپ يېزىلغان.

دەھر زالىم گەنجەۋىنى مەنبەئى فەرياد بىل،
ئەي كۆڭۈل، پەر كۆك ئەساسىن ئەسرۇ بى بۇنياد بىل،*
ئۇل كىپسەكنى سۇدا كۆر، بۇ سەفھەنى بەرباد بىل.

كىمگە ئەيلەپدۇر ۋەفا دۇنيا ئۇمۇرى مەسكەنى،
ئارىيەت مۇلكى ئەمەس ئەھلى فەنانىڭ مەئمەنى،
چۇن ئەدەم سەر مەنزىلىگە ئاقىبەت سۇرگەي سىپنى،
جىسىم ئۆيى چۈنكىم ئىرۇر فانى تەفاۋۇت يوق ئانى،
گەر فەنا سىلابىدىن ۋەيران ۋەگەر ئاباد بىل،

ماسەۋەللاھ قەيدىدىن چىق، ئەيلەگىل غەمنى ئۇزۇق،
جىسىم تەركىۋى بۇزۇلماسىدا كۆڭۈلنى قىل سۇنۇق.
ھىرس جامىن سۇندۇرۇپ، غەفلەت مەيىدىن قىل قۇرۇق.
تۆرت ئۇنسۇر قەيدىدىن تا چىقماغايسەن نەفئى يوق،
ئاسمانى تۆرت دەفتەرنى تۇتايكىم، ياد بىل.

ھاجەت ئىرمەس تەگرىنى ئەۋساف ئىلە ئەتمەك ئەيان،
ئەقىل كوتەھدۇر، ئانىڭ تەئرىفىدە قاسىر زەبان،
كۇنھىغە يەتمەكدە ئاجىز گۇڭگۇلال ئولغاي لىسان،
ئەيكى، دەپسەن: ھەقنى مەن تەئرىف – ۋەسف ئەيلەي دەبان،
ۋەسفىدىن مۇستەغنىيۇ تەئرىفىدىن ئازاد بىل.

ھەمدگە قايىل ئانىڭ گەر ئادەمۇ گەرنۇھدۇر،
ياد بىرلە ئىشق ئارا يۇزمىڭ تۇمەن مەزبۇھدۇر،
بارچەغە ۋىردى زەبان قۇددۇس ئىلە سۇبۇھدۇر،
تەڭرى زىكرىدىكىم مەلائىككە غىزايى رۇھدۇر،
بۇغىزانى ھەق يولىغە كىرگەن ئەلگە زاد بىل.

يارىنىڭ يادى بولۇپ بىزلەرگە فىد ـ دارىن خەير،
ئەي كۆڭۈل قىلغىل ھەمىشە فىكر ۋادىسىدا سەير،
ئىستەگىل جەھد ئەيلەبان ئۇل يان ئۇچۇپ مانەند تەير،
گەر ھەبىبىم قىلسە ئىزھارى كەلام، ئەي پىرى دەير،
ئىسايۇ مەريەمنى ئولدەم گۇڭگو مادەرزاد بىل.

تاپتى چۇن روزى ئەزەلدە ئىشق ئەتۋارى ۋۇقۇئ،
سالدى جان مۇلكىگە ئۇل دەم قوزغالان بىرلە خۇشۇئ،

* غەزەل I – تەركىبىدىكى «ل» ھەرپى دىن «سەھەر — غەرايىبۇس» — I-دىۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەيلەگەي جانۇ كۆڭۈل فەھم خىرەد ئۇل يان رۇجۇئە،
مەنتىقى ئىشىق ئىچرە ئاشىقنى تەسەۋۋۇر ئەيلە نەۋ①،
فەرد بولغانلارنى بۇ يولدا ئاگا ئەفراد بىل.

ياشۇرۇپ ئەھلى فەنا مىھنەت ئۆيىدە جىسمىنى،
دائىما ئەيلەپدۇرۇر پىرى مۇغاننىڭ رەسمىنى،
ئاندا شەھ بولماق ئۈچۈن ئالدى گەدالىغ قىسمىنى،
ئەل ئاياغىغە تۆشەردىن باشقە چىقماق رەسمىنى،
مەي كۈھەن پىردىن ئۇشبۇ دەير ئارا ئىرشاد بىل.

بىستەرى قۇربەتتە، ئەيكىم، شاد ياتقۇمىدۇر دىبسەڭ،
دەير پىرىدىن ئەگەر ساغەرنى تاتقۇمدۇر دىبسەڭ،
ئىشقىنىڭ كۆل مىخلاردىن جانىمغە قاققۇمدۇر دىبسەڭ،
ئەي سۇلۇك ئەھلى قاچان مەقسۇد تاپقۇمدۇر دىبسەڭ،
ماسەۋەللاھنى فەنا كۆرگەن زەمان مىئاد بىل.

سىدق ئەھلى بولغۇسىدۇر پەيرەۋىي خەيرۇل - بەشەر،
راستلىق بىرلە شەرايىئ غەيىردىن تاپقاي ئەسەر،
ئۆلكى ۋەھدەت باغىدىن تەسدىق ئىلە تاتقاي سەمەر،
ئەيكى، دەپسەنكىم: بىلەي تەۋھىد سىررىدىن خەبەر،
شەرئىدىن نىكىم تەجاۋۇز ئەيلەدى ئىلهاد بىل.

تالىبى دىدار ئۆلكىم ماسەۋەللاھدىن قاچىپ،
يۈرگۈسىدۇر ئەبرى باراندەك دۇرى ئەشكىن ساچىپ،
تاپمادى مەقسەد نىزارى، بۇ جەھاندا كۆز ئاچىپ،
دوست ۋەسلىن تاپماغان دۇنياۋۇ ئۇقبادىن كيچىپ،
ئۇشبۇ دەردىگەھ نەۋائىي ھالىن ئىستىشهادبىل.

م (مىم) ھەرپى*

ئەيلەدى كىمگە ۋەفا مىھىر بىلە بۇ ئالەم،
ئاقىبەت بولدى فەنا مەرتەبەسىدە ئادەم،

---

①«نەۋ» دىگەن بۇ سۆز — «چاھار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىلىرىدا «نوھ» دەپ يېزىلغان.

سەمەرى غەم بىلە بۇ سەرۋى قەدىم بولدى خەم،
لەبلەرىمدىن ئىككى دۇردانەنى چەرخ ئەيلەدى كەم،*
رەخنەلەر بولدى ئەجەل كىرگەلى جان، چىققالى ھەم.

بۇ فەنا ۋادىسىنىڭ ئۇقبەلەرىدە كۆپ بىم،
قىلىبان چەرخ بۇ ۋادىدا ئىزامىمنى رەمىم،
جىسىم مېئمارى بۇزۇلماغلىقىدىن ئاشتى غەمىم،
ھەر فەنا رەخنەسىنى تۇتسە بولۇر تۇرفە بۇ كىم،
مۇمكىن ئېرمەس بۇ ئىكى رەخنەنى قىلماق مەھكەم.

ئۇمر شىرازەسى چۈن يادى ئەجەلدىن سۆكۈلۈر،
سەرۋىدەك قامەتىم ئاخىر بۇ ئەلەمدىن بۈكۈلۈر،
ئاھكىم، لەشكەرى غەم ئەمدى باشىغە ئۆكۈلۈر،
تۇرفەراق بۇكى، نەچە قىلسە ئىمارەت ① تۆكۈلۈر،
بۇ فەنا رەخنەسىنىڭ ئىككى يانىدىن ھەردەم.

رۇھ بىچارەگە بۇ قالىبى تەن بولدى قەفەس،
بۇ قەفەس رەخنەلەرى ھەم چۇ بولۇپ راھى نەفەس،
قارىدىڭ، ئەمدى يىگىتلىك يولىنى قىلمە ھەۋەس،
دېمەگىل بولدى ئەجەل كىرمەك ئۈچۈن رەخنەۋۇ بەس،
ئاڭاچە يول بۇ دۇرۇر كىرگەلى يۈز تۈرلۈك غەم.

كىمگە كۆرگۈزدى ۋەفا ئۇشبۇ ۋەفاسىز دۇنيا،
نەقد ئۇمرۇمنى ئالىپ ئەيلەدى قەددىمنى دۇتا،
تۆكۈلۈپ جىسمى ئەمارى بولۇبان پارچە فەنا،
يۈز سىتەمدۇر ماڭا تىش زەخمەلەرىدىن گويا،
تىشنىكىم سەن دېدىلەر يارئىمىش ئول سىمىن سىتەم.

قالمادى يۈزدە تەراۋەت، نە قىلاي سۆزدە داغى،
قۇۋۋەتى ھۇش بىلە قالمادى ئەم ئۆزدە داغى،
بەلگۈرۈپ رىشى ئەجەل مۇيىمسەفىد يۈزدە داغى،

*3- دىۋان — «بەدايىئۇل ۋەسەت» دىن. «م» ھەركىبىدىكى 24 - غەزەل.

① «ئىمارەت» دېگەن بۇ سۆز «چاھار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىلىرىدا «رىئايەت» دەپ يېزىلغان.

يوقكى تىش سىنىۇ سىتەم بولدىيۇ بەس كۆزدە داغى،
قالمادى نۇرى ئانى، داغى دېگىل ئەين ئەدەم①

ئاقىل ئېرسەڭ تىغ ئۇرۇڭ دارى فەنا مەشغۇلدىن،
كەتكەي ئاخىر كىشىنىڭ بارچە تەمەۋۇل قولىدىن،
ياد قىل كۆڭۈلۈڭ ئارا ئەھلى بەسەر مەنقۇلىدىن،
تىرەلىك بىرلە شكەستىكى تىشۇ كۆز يولىدىن،
ماڭا يۈزلەندى. دېمەك، بولماس ئانى كۆرمەك ھەم②.

ئاھكىم، كۆز يولىدىن غۇسسەۋۇ غەم ئەشكى ئاقىپ،
چۈن فەنا مەنزىلىگە سۈردى ۋۇجۇدۇمنى يىقىپ،
نە قىلاي، ئەمدى ھەۋەس يولىدا قالدىم ئازىقىپ،
تىش ئىكى رەخنەسىدىن ھەسرەتۇ غەم دۇدى چىقىپ،
تۈتتى گويا كۆز ئىكى كۆزگۇسىنى زەڭگى زەم.

يار يادى بىلە قىل ئەمدى چۇ كۆڭلۈڭنى دورۇست،
ئاقىبەت كارى ئۈچۈن ئۆزنى داغى ئەيلەمە شۇست،
زادراھ ئىستە، نىزارى، كەمەرىڭ باغلاپ رۇست،
بول نەۋائى سەفەر ئاھەڭىگە ئامادەۋۇ چۇست،
كىم بولۇر بارچە ئەجەل پىش رەۋىدۇر فەئەفھەم.

* *

نىگارىم ھەجرى ئاشۇبىن بۇ مەھزۇن جانىمە سالدىم،
فىراقى زۇلمەتىدە چۇرم ئىلىدەك ئەسرۇ قىنالدىم،
مۇھەببەتىنىڭ گەرانبارىنى جانىم بوينىغە ئالدىم،
ۋىسال ③ ئىچرە ئول ئايىنىڭ فۇرقەتىن ئاسان گۇمان قىلدىم،*
چۇ باردى، ۋايكىم، نى نەۋئ دۇشۋار ئېركەنىن بىلدىم.

①بۇ مىسرا نىزارى «كۈللىياتى» دا: «قالمادى يۈزدە ئانى داغى دېگىل سىنۇستەم» دەپ يېزىلىپ قالغان، «چاھار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تۈزىتىپ ئېلىندى.

② «چاھار دىۋان» نىڭ قول يازما نۇسخىلىرىدىكى بۇ 6 ـ كۇپلېت «نىزارى كۈللىياتى» دا 8 ـ كۇپلېت قىلىپ قويۇلغان. تۈزىتىپ ئېلىندى.

③ «ۋىسال» دېگەن بۇ سۆز «نىزارى كۈللىياتى» نىڭ قول يازما نۇسخىسىدا «فىراق» دەپ يېزىلىپ قالغان. «چاھار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تۈزىتىپ ئېلىندى.

*4 ـ دىۋان — «فەۋائىدۇل ـ كەبىر» دىن. «م» ھەرپى ئەركىبىدىكى 4-3 ـ غەزەل

ئەۋا ئىزدەپ، ھەۋا چەڭگىنى يادى بىرلە چالغايمەن،
نەفىرى ئاھ بىرلە ئىپىق ئىقلىمنى ئالغايمەن،
خەيالى بەزمىگاھىمدا چۇ ھىجران بىرلە قالغايمەن،
دەر ئىبردىم: ھەجردە شايەد ئۆزۈمنى قۇتقارالغايمەن،
بۇ سۆز ھەشۇ ئىبركەلىن بىلدىم، ھەمول سائەتكى ئايرىلدىم.

مېنىڭ مەجنۇنلۇغۇمدىن دەھر ئىچىندە فىتنەلەر بولدى،
كى فەند ئەھلى زەبانى ئىش، بەلكىم دەشنەلەر بولدى،
فەلەكدىن ناتەۋان جانىمغە تۈرلۈك گىنەلەر بولدى،
فىغانىدىم، دەرد - غەم كىرمەگكە خۇش - خۇش رەخنەلەر بولدى،
كۆڭۈلكىم تۆش - تۆشىدىن دەردۇغەم چىقسۇن دەبان بىلدىم.

ئەدەم شامىدا بار ئىبردى خىرەد مۇلكىدە نابۇدلۇق،
شەھادەت مەھفىلى كاشانەسىگە تۇشتى مەۋجۇدلۇق،
فىغان بىرلە ئەلەمدىن ئىشىق ئىبلىگە يەتتى بىبەبۇدلۇق،
ھەمول دەم ئىشق دەشتىدە مېنى گۇم قىلدى بى خۇدلۇق
ئەگەر ھۇشۇ خىرەد سەئيى بىلە بىرلەھزە ئابىلدىم.

بەسى سەرگەشتەلىك، ھەجردە ئانىڭ، يەتتى گەردۇنغە،
نى يەتمەك ھاسىل ئولغاي پويە ئۇرماقدىن بۇ مەھزۇنغە،
قۇيۇندەك ھەر زەمان يادىدا تۇشدۇم دەشتى ھامۇنغە،
فەنا يۇلغە تۈشدۈم يەتكەلى فەرھادۇ مەجنۇنغە،
نېچۈك يول بارمايىنكىم ياخشى ھەمرەھلەرگە قاتىلدىم.

مۇھەببەت بادەسىن پىرى مۇغان ئىلكىدە نۇش ئەيلەپ،
يۈگۈرۈدۈم ھەر زەمان مەيخانە يولىدا خۇرۇش ئەيلەپ،
ھەۋايى ئىشق ئارا مەخمۇرلۇغىدىن بەلكى جۇش ئەيلەپ،
چۇ ئىچتىم ئىشق جامىن، بى‌خۇد ئولدۇم تەركى ھۇش ئەيلەپ.
ئانىڭدەك مەي ئىچىپ بۇ نەۋئ ئۇسرۇكلۇكدىن ئايىلدىم.

ۋەلى، كام ئەھلىگە يوق ئىشق دەشتىنىڭ ھەۋايىدەك،
غۇبار ئەتمەككە تەننى يوق مۇھەببەتنىڭ فەزايىدەك،
كى يوقدۇر دىلبەرى يەكتا نىزارى دىلرەبايىدەك،
فىراقى مۇشكىل ئىبرمىش بىلمەيىن مەن ھەم لەۋائىدەك،
ۋىسال ئىچرە ئول ئاينىڭ فۇرقەتىن ئاسان گۇمان قىلدىم.

www.uyghurkitap.com



ن (نۇن) ھەرپى

تەگدى بۇلبۇل جانىغە نەشتەركى گۇلنىڭ خارىدىن،
بى ۋەفالىقنىڭ سۇرۇدىنى چېكىپ مىنقارىدىن،
كىم فەنا ئۇدى چىقار زاغۇ زەغەن گۇفتارىدىن،
ھەر خەزان بەرگى ئېرۇر زارىكى دەھر ئازارىدىن،*
سارغارىپ مەندەك تۇشەر ئايرۇ سىھى قەد يارىدىن.

كىم جۇنۇن ئەھلى ئېرۇر كىردى ھەمول تاغ ئۈيىگە،
ئەندەلىب كىرگەن كەبى ئەشجار ئۈزە زاغ ئۈيىگە،
ئاقىبەت بولغاي خەزان يوقدۇر ۋەفا باغ ئۈيىگە،
ھەر قۇرۇغان شاخى مەجنۇندۇركى تۇفراغ ئۈيىگە،
تاپشۇرۇر ھەردەم ئىلىك يۈپ نازەنىن بىمارىدىن.

نىش ئۇرار باغۇ بەھارىمغە چۇ كۈزنىڭ ئەقرەبى،
كىم نۇزۇل ئەتمىش، دەرىغا، بۇ ھەياتىم كەۋكەبى،
نەئىش ئاتلىغ كەلدى باشىمغە ھەياتىم ئەشھەبى،
باغ ئارا دىمەك خەزانكىم، ئاشىق ئۇلمىش مەن كەبى،
بەلگۇرۇر ساۋۇغ نەفەس بىرلە سارىغ رۇخسارىدىن.

ئاھكىم، ئەستى بەھارىم باغىمغە بادى خەزان،
تاكىنىڭ بەرگى كەبى سارىغ يۈزۈمنى قىلدى قان،
مەنكىم بولدۇم نەدامەتدە بەلى باغلىق سەمان،
ھەر ئاقار سۇنى خەزان تىيغى قىلىبدۇر زەر فىشان①،
كەسكەاى مىھرۇ ۋەفا نەخلىن جەھان گۇلزارىدىن.

دەھردىن كۆرمەي ۋەفا بولدى مەلالىم بى ئەدەد،
بولدى نۇن گويا نەدامەتدە بىلىك بۇ سەرۋى قەد،
زەئفەران يەڭلىغ بولۇپ ھەركۈن ساڭا غەم بىرلە خەد،
بۇ سارىغ يۈز بىرلە ئۆلسەم كويىمدا تاكىم ئەبەد②،
شاخلار باغلاڭ خەزانى ئىشق پىچان تارىدىن.

*4– دىۋان ـــ «فەۋايىدۇل – كىبەر» دىن. «ن» ھەرپى تەركىبىدىكى 13 – غەزەل.

① «زەر فىشان» دېگەن بۇ سۆز «نىزارى كۇللىياتى» دا «بىر نىشان» دەپ يېزىلغان «چاھار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تۈزىتىپ ئېلىندى.

② «تاكىم ئەبەد» دېگەن بۇ سۆز «چار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىلىرىدا «تابۇتىمە» دەپ يېزىلغان.

چۇن كۇھۇلەت ۋەقتى قىلدى رۇزگارىمنى قارا،
كىم فەنا ئەتفالى ئەيلەپدۇر باشىمدا ماجەرا،
ئىشق تابىدىن كۆڭۈلدە داغلاردىن يۈز پارا،
كويىدا كۆيمىش كۆڭۈل بۇ كىم خەزاندۇر باغ ئارا،
ئەستى بىر يەل گويىيا كۆيگەن غەرىبىم سارىدىن.

جام تۇتغىل بىزگە ئەمدى دەفئى قىل غەم، ساقىيا،
كىم تەرەھھۇم ئەيلەبان قىل ئۆزگە ھەمدەم ساقىيا،
ئەسفەر ئايىن بادەنىكىم قىلماغىل كەم ساقىيا،
گاھى يۈز بىرلە ئۆلەرمەن ئىسەۋى دەم، ساقىيا،
بادە تۇت خۇرشىد جامۇ كەھرەبا كىرداردىن.

قالدى بۇلبۇلنىڭ گۇلىستاندا نىشان تىرناغلارى.
قالدىمۇ بولماي خەزان بۇ دەھر ئالەم باغلارى،
بولدى مەئۋا چۈن نىزارىغە نەدامەت تاغلارى،
بادەئىكىم جۇرئەسى تامغاچ خەزان يافراغلارى،
تاك بەرگىدەك قىزارغاي سەر - بەسەر ئەشجارىدىن①.

ۋ (ۋاۋ) ھەرپى

جەھان ئەرۇسىغە، ئەي يار، ئۆزنى قىلمە كۇيەۋ،
ھەۋا مۇقەممىرىغە جان نۇقۇدىن ئەتمە گەرەۋ،
تۇشۇپ ھەۋايۇ - ھەۋەسدىن مۇھاسىبىڭغە قىرەۋ،
تەرىقى ئىشق ئارا گەر ئۆزنى فەرد قىلسە بىرەۋ،*
ھەرىف ئەمەس ئاڭا يەر - كۆك نەچە ئىرۇرلەر ئىكەۋ.

چۇ يار زىكرىغە قىلغاي دەمىنى ھەمدەمكىم،
كى جاندا بولسە غەمىم يار، ئول يېمەس غەمكىم،
كىلۇر بۇ چەرخدىن تا باشىڭغە ماتەمكىم،
كۆڭۈلدىن ئەيلە مەۋالىد مەيلىنى كەمكىم،
بولۇرغە فەرد مەۋانىئدۇركى ئۈچەۋ.

خەلاس ئەيلە ئۆزۈڭ ئەل ئارا تەفاخۇردىن،
كى زاد ئىتىپكى سەھەردە كۆزۈڭدەكى دۇردىن،

① نىزارى بۇ غەزەلنىڭ 9 - بېيىتىغا مۇخەممەس يازماي قالغان. بۇ 9 - بېيىت «چاھار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىلىرىدىمۇ كۆچۈرۈلمەي قالغان.

* 4 - دىۋان - «فەۋايىدۇل - كىبەر» دىن. «ۋ» ھەرپى تەركىبىدىكى 1 - غەزەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فەنا يولغە كىرىپ قالماغىل تەجاسۇردىن،
دېسەڭ فەلەككە چىقاي، فانى ئول ئەناسۇردىن،
نېدىنكى روھۇڭەدۇر بۇ چارمىخ تۆرتەۋ.

فەنا ئېلىگە نەسۇد ئولسە كەشق يەتتە فەلەك،
ئەدەم يولغە چىكەر ئەھلى دەردنى بىشەك،
جەھان تەئەللۇقىدىن ئۆزنى ساف قىلسە كېرەك،
ھەۋاس خەمس ئىلە مەقسۇد بولمادى مۇدرەك،
كۆڭۈلنى ئۈز ئىككى ـ ئۈچ ئۇزۇ پىش ئەمەس بۇ بەشەۋ.

جەھاندىن ئۆزدى كۆڭۈل ئەھلى ساف سۇفىيە،
كى شەش جىھەتدىن ئۆتەر سالىكى سۇلۇكىيە،
بەسىر چىراغىنى قىلغىل ئەمەلدە نۇرىيە،
فەنايى مەھز نېتەر سىتتەئى زۇرۇرىيە،
نېدىنكى يوققە زۇرۇرەت ئەمەس بۇ نەۋ ئالتەۋ.

چۇ يار ئەمرىدىن ئايرۇ كەرامەت ئەتكۇڭدۇر،
مۇئونەتىڭنى كۆرۈپ ئۆزلۇكۇڭ ئۇنۇتقۇڭدۇر،
ئۆزۈڭنى چاھى نەدامەت ئارا يىقىتقۇڭدۇر،
خىلاف شەرئى ئەگەر يەتتى كۆككە چىققۇڭدۇر،
يېقىنكى يەتتە تەمۇغدىن پەتەردۇر ئول يەتتەۋ.

نەدامەتى ئاشار ئانىڭ كۆڭۈلدە بولماسە بىم،
جەھان ئۇمۇردىغە، ئەي يار، قىلماغىل تەسلىم،
ھەرەم ئۇمىدىن ئىتىپ، ئەي نىزارى، ئىستە ھەرىم،
نەۋائىيا، سەككىز ئۇچماغ ھەۋاسىدىن كەچكىم،
بولار مەۋانىئ ئېرۇر يار ئىستەر ئولسە بىرەۋ.

ھە ـ ە (ھا) ھەرپى

نىگار يادىدا ھەردەم ئۇزار ھەمچۇن كاھ،
فىغانۇ نالەئى غەم بىرلە ھالىم ئولدى تەباھ،
دەمىم ھەرارەتىدىن چۇن ئاقاردى سەبزە ـ گىياھ،
سىپىھرى سەقفىغە ئالتۇن سۇتۇن بولۇر، ئەي ماھ،*
دەمىڭى چەرخغە چەكسەم غەمىڭدە شۇئلەئى ئاھ.

*3 ـ دىۋان ـ «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» دىن. «ھ» ھەرپى تەركىبىدىكى 8 ـ غەزەل.

تەرەھھۇم ئەيلەگىل ئەي، سەندىن ئۆزگە يوق پىشەھكىم،
كى ئىشق سىررىدە ھەرگىز يېزىلماھادى گىسرەھكىم،
بولۇپ كۆڭۈل ئۆيى زىكرىڭدە ئەسراۋۇ خانەقەھكىم،
دېدىمكى: ئۆلتۈرەسەن ئىشق ئارا نېدۇر گۇناھىم؟
دېدىكى: ئىشقدىن ئارتۇق يەنە بولۇرمۇ گۇناھ!

ئانىڭكى ئىشقىدە كۆيسەك كۆڭۈل كەمالىك ئېرۇر،
قازاردا غەم تاغىنى كوھكەن مىسالىك ئېرۇر،
چۇ ئىشق نوقتەلەرى چۇن خۇجەستە فالىك ئېرۇر،
دېمەكى تازە تۇگەنلەر گۇۋاھى ھالىك① ئېرۇر،
يۈزى قارالغى ياڭلىغان بولۇردىن ئۇلدى گۇۋاھ.

كۆزۈمدىن ئاقتى ئىسرىشكىم ۋىسال ھەسرەتىدىن،
زەئىف بولدى ۋۇجۇدۇمكى داغى فۇرقەتىدىن،
فەلەككە يەتتى شەرارە كۆڭۈل ھەرارەتىدىن،
كۆزۈمگە كىردى خەيالىڭ سىرىشك كىسرەتىدىن،
قاچان ياغمىدا قىلىپدۇر كىشى بۇلۇتنى پەناھ؟

كۆڭۈلدە بولسە دەۋامەتكى زىكرى فىكرى ئېتىلىك،
كى جاننى قىلدى فەرەھ ئانچە خوبلۇق سىفەتىلىك،
ھەبىب يادىغە، ئەي كىم، ئېكى جەھاننى ساتىلىك،
چۇ كىردى غەيرى خەيالى كۆڭۈلگە تۇشتى خەتىلىك،
كى سەبزە خۇش كۇكەرۇر دەشت② ئارا چۇ بولسە گىياھ.

ئەدەم مەنازىلى راھىدا ئانچە رەنجۇ تەئەب،
نې ئاندا مىھرى سەماۋۇ نې ماھ، نې كەۋكەب،
بېرۇركى ئىشق ئېلىگە ئىشق دەرد بىرلە ئەدەب،
فەنا يولىدىن ئەگەر يانسا راھرەۋ نې ئەجەب،
كى يول مەخۇفدۇرۇر، ئاندا يوقدۇرۇر ھەمراھ.

چۇ ئىشق بەزمىدە زاھىد سۇرۇدى يوق، ئەي شەيخ،
كى ھەجر ئوتى يېمەگەن ئاھ دۇدى يوق، ئەي شەيخ،

① بۇ مىسرادىكى «ھالىك» دېگەن سۆز قولىمىزدىكى «چاھار دىۋان» نىڭ قول يازمىلىرىدا «ئىشقىلىك» دەپ يېزىلغان.

② بۇ مىسرادىكى «دەشت» دېگەن سۆز «چاھار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىلىرىدا «ئوت» دەپ ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com



كى غەيرىلەرگە، نىزارى، سۇجۇدى يوق، ئەي شەيخ،
نەۋائى ئەر دىدى جۇز ھەق ۋۇجۇدى يوق، ئەي شەيخ،
نى يازغۇرۇرسەن ئانى لائىلاھە ئىللەللاھ.

دىدىكى زۇھد ئىلى: كەل ئەمدى خانەقاھىمغە*،
كى تەرك ئەيلە ھەۋانى كىرىپ فەناھىمغە،
دىدىمكى: باقغىل ئىزاھىم ئۇزار كاھىمغە،
مەنى گەداي قاچان يەتسەم ئىرىسە شاھىمغە،
باشىمنى① يەرداە قويۇپ، شۇكرى دەي ئىلاھىمغە.

ۋىسالى بەزمىگە دىلبەر مىنى قاچان قولغاي،
بۇ ئاررزۇ بىلە ھەر دەمكى جامى غەم تولغاي،
بۇ مۇددەئادا بەھارىم شۇكۇفەسى سولغاي،
كۆرۈشمەكىمغە ئەگەر بولسە مۇلتەفىت بولغاي،
ۋىسالى تۇبىھۇ جەننەت بىلە كەماھىمغە②.

گۇناھدۇركى بىرەۋ غاقىل ئۇلسە دىلبەرىدىن،
نەسىب بولماغۇسىدۇر ۋىسال ساغەرىدىن،
نى جۇرم ئىدىكى ماڭا رەنج يەتتى مىھنەتىدىن،
گۇنەھ يىراغلىغىم ئىردى بۇ لۇتف مەزھەرىدىن،
ئىنايەت ئەيلەگىلۇ باقماغىل گۇناھىمغە.

ئانىڭ خەيالى كۆڭۈل تەختى ئۈزرە شاھىمدۇر،
كى ھەجر شامى باشىمدا، غەمى سىپاھىمدۇر،
چۇ ھەجر ئۇتىدا كۆيدۇمكى ئۇز گۇناھىمدۇر،
دىدى سەفەردە سۇتۇن بىرلە بارگاھىمدۇر،
كىشكى باقتى فەلەك بىرلە دۇدى ئاھىمغە③.

كۆڭۈلگە ھەر زەمان ئول ياردىن خەبەر تۈشكەي؟
تەھەررۇك ئەيلەگۇسى ئول زەمان ئەسەر تۈشكەي،

* 2 - دىۋان - «نەۋادىرۇش - شەباب» دىن. «ھ» (ە) ھەرپى ئەركىبىدىكى 24 - غەزەل.

① «باشىمنى» دېگەن بۇ سۆز «چاھار دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىسىدا «يۈزۈمنى» دەپ ئېلىنغان.

① «كەماھىمغە» دېگەن بۇ سۆز «نىزارى كۇللىياتى» دا سەۋەنلىكتىن «گۇناھىمغە» دەپ يېزىلىپ قالغان. «چاھار دىۋان» نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تۈزىتىپ ئېلىندى.

ئۇلۇسغە ئىشقىم ئوتىدىنكى ئەل - ھەزەر تۈشكەي،
بۇزۇلدى كۆزۈ كۆڭۈلدىن ئىشىم مەگەر تۈشكەي،
بىر ئەھلى دىل كۆزى بۇ ھالەتى تەباھىمغە.

مۇراد ئۇشبۇدۇرۇر يار يادىدا ئۆلسەم،
كى ئۆلگىچە داغى ئول ھەجر ئوتىدا كۆيسەم،
تەخەييۇل [ئەيلە]، نىزارى، نىگارنى سۆيسەم،
نەۋائىيا، يەنە گەر يار يۈزىنى كۆرسەم،
مۇتەمئۇ قۇل بولايىن بەخت نىكخاھىمغە.

لا (لام ئەلىف) ھەرپى

چۇ ئول يار گەشتى چەمەن بولدىلا،
كى ئىشق ئەھلىغە ئەنجۇمەن بولدىلا،
ئانىڭ كويى بىزگە ۋەتەن بولدىلا،
نىگارىمغە بىدادفەن بولدىلا،*
دىلارا دىيدىم، دىلشىكەن بولدىلا.

كۆڭۈل تىنمادى ئىشق ئازارىدىن،
مەلالەت يىتىپ بىۋەفا يارىدىن،
سالىپ غۇلغۇلە قەددى رەفتارىدىن،
چىقاردى چۇ خەت ھۇسنى گۈلزارىدىن،
ماڭا قىسمى بارچە تىكەن بولدىلا.

تولۇپ ئىشـق پەيكانىدىن كۆكرەكىم،
كى ھىجرانىدا ھەددىن ئاشىپ ئەمگەكىم،
ئۈزۈلدى نېتەي جۇزۇ لايەنفەكىم،
يۈزى لالەسى ھەجرىدىن كۆڭلەكىم
سىرىشىك ئىچرە قانلىغ كەفەن بولدىلا.

ماڭا بولدى ھەر شام ماتەم تۈنى،
كۆزۈم بولدى غۇربەتتە شەبنەم تۈنى،

* 4 - دىۋان - «فەۋائىدۇل - كىبەر» دىن. «لا» ھەرپى دەرگىھىدىكى 1 - غەزەل.

① نەۋائىنىڭ بۇ بېيىتىدىن كېيىنكى «بەھا تۆكەلەۋەم ئۇلمىش ۋىسال ئۇچۇن ھەيھات، كىشى بۇ تۇھفەنى ساتقايمۇ ئول دۇراھىمغە» دېگەن بەشىنچى بېيىتىدا مۇخەممەس يېزىلماي قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تونۇم بولمادى جىنس ئادەم تۈنى،
ياشىم ئەنجۈمىن ساچىبان غەم تۈنى،
يۈزى شەمئى ھەر ئەنجۈمەن بولدىلا.

ماڭا تۇتتى دەۋران بەسى جامى زەھر،
ۋەفانى ئۇنۇتتى داغى قىلدى قەھر،
كۆزۈم يولىدىن ئەشكنى قىلدى نەھر،
خەدەڭگىكى ھەركىمگە ئاتتى سىپەھر،
نىشانى بىزىڭ جانۇ-تەن بولدىلا.

ماڭا ئەيشنى قىلدى دەۋران ھەرام،
چۈكىم ئەسكى ۋەيرانە بولدى مەقام،
كى غەمدىن ماڭا تولدۇرۇپ تۇتتى جام،
فەلەكنىڭ يېڭى ئەملەرىگە مۇدام①،
بىزىڭ ئەسكى بەيتۇل-ھەزەن بولدىلا.

ۋەفا شەخسىدىن چەرخ ئايرىلماغۇڭ،
داغى رەنجۇ مېھنەت ئارا سالماغۇڭ،
نىزارىنى ھىجراندا ئازغۇرماغۇڭ،
ۋەفا ۋەئدە قىلدى، دېدىم: قىلماغۇڭ،
نەۋائى ھەمول مەن دېگەن بولدىلا.

ى (يا) ھەرپى

چەرخدىن يەتكەچ ئەلەم بىردەم ئەمەسمەن خۇررەمى،
نې ئۈچۈنكىم يەتمەدى كۆلبەمگە ئانىڭ مەقدەمى،
سەبزەۋار ئەتتى كۆكۈل مىزبانىنى كۆزنىڭ نەمى،
تاپمادىم ئەھلى زەمان ئىچرە بىر ئانداق ھەمدەمى،*
كىم زەمان ئاسىبىدىن بىر-بىرگە ئاي تۇشساق غەمى،

غەم تۈنىدە ئول كىشى تۈش ئورنىدە زەرداب ئىچەر،
كىم سۇرۇرى ئەيش ئۈچۈن غەم جامىدا قۇللاب ئىچەر،

① «مۇدام» دېگەن بۇ سۆز «چاھاردىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىلىرىدا «تەمام» دەپ ئېلىنغان.

*1-دىۋان — «غەرايىبۇس-سىغەر» دىن. «ى» ھەرپى تەركىبىدىكى 2-غەزەل.

سۇبھى ۋەھدەت پىرىدىن ئۇلكىم مەيى ناياب ئىچەر،
كىمكى دەۋران ساغەرىدىن دەم-بەدەم خۇناب ئىچەر،
كىم يوق ئەر ھەردەم غەمىن ئىستەرگە ئايتۇر ھەمدەمى.

ئىشق ئارا گۇم بولدى كۆڭلۈم رەھم قىل، ياردب، ئاگا،
كىم سىپاھىدىن يېتىپ ئاراجلىق ھەر شەب ئاگا،
ئەيلەدى مەھبۇس ۋىسالى مۇژدەسىنى دەپ ئاگا،
چەرخ ئۇ:ۋكىنلىك ھەلقەسىدۇر لىك ھەر كەۋكەب ئاگا،
قەتل ئۇچۇن ئاستىدا باردۇر زەھرى پىنھان خاتەمى.

چىقماغىل، ئەيكىم، ۋەتەندىن تاشقارى يولدىن تايىپ،
سەئيى قىلماك بىۋەفا دۇنيا ئۇچۇن ئانچە كايىپ،
تەئنە ئەيلەر سىزگە ھەر تۈن سۇبھى شاھى ئىرجايىپ،
يوق فەراغەت دەھر ئاراكىم شام ساچىنى يايىپ،
ياغدۇرۇپ ئەشكىن تۇتار ھالىڭغە ھەر تۈن ماتەمى.

تۇتمادى ئەھلى فەنا ئالەمى جاۋىدان مەقام،
ئەيلەدى بەش كۈن تۇرۇپ ئول جايى ئەسلىگە خىرام،
راھەتى دۇنيانى قىلدى ئىشق ئەھلى ئۆزگە ھەرام،
گەر بۇدۇر ئالەم كىشىگە مۇمكىن ئېرمەس ئاندا كام،
ھەق مەگەركىم كام ئۇچۇن باشدىن ياراتقاي ئالەمى.

چۇن ئەلايىقدىن كېچىپ ئۆزنى قىلىك تەجرىدكىم،
بولسە خاس ئولغاي ھەرەم ۋەسلى ئارا تەفرىدكىم،
كىم تۇتۇپدۇر دەھر ئەھلىدىن ۋەفا ئۇمىدكىم،
يوق ۋەفا جىنس بەنى ئادەمدە بول نەۋمىدكىم،
سەن ۋەفا كۆرمەك ئۇچۇن خەلق ئولغۇسى يوق ئادەمى.

بى ۋەفا يارىم تەرەھھۇم قىلغاي ئېردى كاشكى،
بەزم ۋەسلىگە مېنى چۇن قولغاي ئېردى كاشكى،
مەي بىلە جامى ئۇمىدىم تولغاي ئېردى كاشكى،
نۇكتە نازىك بولدى، ئەسرۇ بولغاي ئېردى كاشكى،
شىممەئى ئول رەمزىدىن زاھىر بولۇرغە مەھرەمى.

بادەئى ۋەھدەتدىن ئايرۇ شەخسنى ئادەم دېمە،
دەيرى پىرى يادىدا بول، بۇ جەھاندىن غەم يېمە،

ئىشق ئەهلى سىلكىنى تاپماقغە قىلغىل زەمزەمە،
دەرد زەخم ئۇلمىش ئىچۇ تاشىم، قەدەھ قوي ئاغزىمە،
ساقىيا، كۆكسۇمگە لايمىدىن داغى ياق مەرھەمى.

بۇ جەهانىنىڭ ئەيشى بىر داغۇ ئەلەمگە ئەرزىمەس،
بى ۋەفا ئالەم ئۆيىن ئەهلى فەنا مەنزىل دىمەس،
كىم نىزارى هالىغە، ئەي يار، [قىل] فەر يادرەس،
دەۋر ئارا سۇهبەت بۇ يەڭلىغدۇر، نەۋائى، تاڭ ئەمەس،
نالەۋۇ فەرياد بىرلە گەر تۆزەر زىرۇ بەمى.

ب هەرپى

كۆرۈندى مەھۋەشى مەستانەئى نۇشى شىهاب ئەيلەب،
تەمەننا ئەيلەرەم مىهمانلىغىن باغرىم كەباب ئەيلەب،
داغى شىرىن سۆزى بىرلە هەسىبە ئاسا خىتاب ئەيلەب،
تۈن ئاقشام كەلدى كۇلبەم سارى ئۇل گۇلرۇخ شىتاب ئەيلەب، *
خىرامى سۇرئەتىدىن گۇل ئۇزە خۇيدىن گۇلاب ئەيلەب.

يايىپ ئاۋۇسدەك ئەگنىمگە زۇلفى سۇنبۇلى ئەنبەر،
ئىرۇر جان بەخش لەئلى ئابىهەيۋان شەربەتى كەۋسەر،
نىگاهى هەر قىيا باقمىشدا بولمىش بىر ئىتىك نەشتەر،
قىلىپ مىژگانى سەبرەۋلەر كەبى جان قەستىغە خەنجەر،
بىلىگە زۇلفى ئەنبەر تارىدىن مۇشكىن تەناب ئەيلەب.

سەباھەت هەم مەلاهەت هەم لەتافەتدە بولۇپ گۇلشەن،
باش ئۆزرە تاج گۇلگۇندۇر لىباسى ـ كۆڭلەكى سەۋسەن،
كىيىپ ئۇششاقنى قەتل ئەيلەمەككە گويىيا جەۋشەن،
قۇياشدەك چىهرە بىرلە تىيرە كۇلبەم ئەيلەگەچ رەۋشەن،
ماڭا تىترەتمە تۈشتى زەررە يەڭلىغ ئىزتىراب ئەيلەب.

نەچە نازۇ كەرەشمە هەم تەلەتتۇف شىۋەسى ئىردى،
تەهەممۇل شەئنە ئانداغ دىلرەبالىغ بىر بىر ئۆتكۈردى،
هەم ئىستىغنا تەرىقىن هەم كەرەم رەسمىنى پۈتكەردى،

* 4 ـ دىۋان—«فەۋايىدۇل ـ كىبەر» دىن. «ب» هەرپى تەركىبىدىكى 21 ـ غەزەل. بۇ غەزەل ئەسلى هەرپ تەرتىپى بويىچە «ب» هەرپى تەركىبىدە بولۇپ «نىزارى كۇللىياتى» دا ئەڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىز شۇ تەرتىپ بويىچە ئالدۇق.

كۆلۈپ ئۇلتۇردىيۇ ئىلكىم چىكىپ ياندا يەر بەردى،
تەكەللۇم باشلادى ھەر لەفزىدىن دۇررۇ خۇشاب ئەيلەب.

كى ئەي مەھجۇر ۋەسلىم بەس قاتىغدۇر ساڭا جانۇ تەن،
سەمەندەردەك فىراق ئۇتىدا دايىم ئەيلەمەك مەسكەن،
غەنىمەت تۇت بۇدەمنى، تىيرە كۆزنى قىلغاسەن رەۋشەن،
كى ئەي زارى بەلاكەش ئاشىقىم، مەلىسىز نىچۇكدۇرسەن،
مەن ئۇلدۇم لالۇ سۆز ئايىتالمادىم مەيلى جەۋاب ئەيلەب.

كى ئەي بىچارە، سۆزلەر ۋەقتىدە [كىم] ئۆزنى خۇش ئەتدىڭ،
قىلىپ تەركى ئەدەب بى ۋەجھ ئەفغانۇ خۇرۇش ئەتدىڭ،
بۇ نې ھالدۇر ئانى مۇژدەئى غەيبى سۇرۇش ئەتدىڭ،
كى ئەي مەجنۇن، پەرى كۆردۇڭ مەگەركى تەركى ھۇش ئەتدىڭ،
تەكەللۇم قىل بۇساغەرنى ئىچىپ دەفئ ھىجاب ئەيلەب.

كەمالى مەرھەمەتىدىن مەيىنى ئول شىرىنلىقا قۇيدى،
ئەمەس مەي دەردمەند خەستىغە ئابى بەقا قۇيدى،
نې ساقى ئىلكىدىن مەيكىم بارى نۇرى سەفا قۇيدى،
چىقاردى شىشەئى مەي داغى بىر ساغەر تولا قۇيدى،
ئىچىپ تۇتتى ماڭا يۈز نەۋئ نازئاسا ئىتاب ئەيلەب.

كۆتەرگەچ نەشئەئى بادە نىقابى ئەقلىنى يۈزدىن،
تەھەييۇر لالۇ لەكنەت ئەيلەگەندىن تىل قالىپ سۆزدىن،
داغى بىنھال ئۇلۇپ بىسمىل كەبى كۆرمەك كېتىپ كۆزدىن،
ئىچىپ، فەرياد ئىتىپ تۈشتۈم ئاياغىغە، بارىپ ئۆزدىن،
مېنى يوق بادەكىم لۇتفى ئانىڭ مەستۇ خەراب ئەيلەب.

ھۇزۇرى ۋەسلى ھۇللە بىستەرى بولغان قارا تۇفراغ،
بىھىشت ئاسا بولۇر ئەيشۇ فەراغەت بىرلە [كىم ئول] تاغ،
شەبىستان ئىچرە ئۇيقۇ فىل ـ ھەقىقە بولغۇسى ئويغاغ،
ئانىكىم ئىلتىكەي ۋەسل ئۇيقۇسى ئىشرەت تۈنى مۇنداغ،
غەۋائىدەك يېتەر تا سۇبھى مەھشەر تەرك خاب ئەيلەب.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىسرائىل يۈسۈپ
سۇلايمان يۇنۇس

مۇھەررىردىن:

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىشق-مۇھەببەت داستانلىرىدىن بىرى بولغان «سەيفۇل-مەلىك ۋە بەدىئۇل-جەمال» داستانى، ئىلگىرى قول يازما نۇسخىسىنىڭ بار-يوقلۇقى ئانچە سۈرۈشتۈرۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، قازاندا بېسىلغان چاپ نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1985-يىللىق «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 15-سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا تەھرىر بۆلۈمىمىز مەزكۇر داستاننىڭ قول يازما نۇسخىسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق يولداش سۇلايمان يۇنۇستا بىر نۇسخىسى بارلىقىدىن، ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا يەنە بىر نۇسخا قول يازمىسى بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى. گەرچە ھەر ئىككى قول يازما نۇسخىنىڭ تولۇق ساقلىنىپ كېلەلمىگەنلىكى بىزنى ئەپسۇسلاندۇرغان بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقتۇق. شۇنداقلا قول يازما بىلەن چاپ نۇسخىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ۋەقەلىك ئورتاق بولسىمۇ، قول يازمىنىڭ سۆز ئىشلىتىش، ئەسەر ۋەقەلىكىنى ماۋزۇلارغا ئايرىش ۋە مىسرالار سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، بەزى مىسرالارنىڭ ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى كۆپ ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.

تەھرىر بۆلۈمىمىز كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلىشتا، قول يازما نۇسخىلارنى قېزىش، قۇتقۇزۇشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، شۇنىڭدەك داستاننىڭ چاپ نۇسخىسى ئېلان قىلىنغان مەزگىلدە ترانسكرىپسىيە قىلىش تازا بىرلىككە كېلىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ترانسكرىپسىيەدە كەتكەن ئۇقسانلارنى ۋە ئايرىم خاتالىقلارنى تۈزىتىش، ئەدەبىيات ۋە تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلارنىڭ تەتقىقات ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقات خىزمىتىنى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، كەڭ كىتابخانلارغا بۇ داستاننىڭ قول يازما نۇسخىسىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە، بۇ داستاننىڭ ش. ئۇ. ئا. ر مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 009A-نومۇرلۇق قول

يازمىسىنى ئاساس قىلىپ، قايتىدا نەشرگە تەييارلاشنى مۇۋاپىق تاپتى. بۇ قول يازمىنىڭ فورماتى 11·5 × 19·5 س. م بولۇپ، ساقلىنىپ قالغىنى 108 بەت. ئۇنىڭ باش قىسمىدىن تەخمىنەن 17 — 18 بەت، ئارىسىدىن ئىككى بەت، ئاخىرىدىن بىر بەت يوقالغان بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە 118 — 120 بەتلىك قول يازما بولسا كېرەك. قول يازمىنىڭ ھەربىر بېتىدە 26 مىسرا ئىككى ئىستونغا ئايرىپ يېزىلغان. داستانىنىڭ ئاپتورى مەۋلانا مەجلىسى XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئەسلى خارەزىملىك بولۇپ، كېيىنچە بۇخاراغا كۆچۈپ بارغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چاغاتاي ئەدەبىياتىدا خېلى زور شۆھرەت قازانغان. شائىرنىڭ يەنە كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. ئەمما ئۇ ھازىرغىچە تېپىلمىغان.

... ... ... ... ... ... ... ...*
بار ئېردى شاھنىڭ ياخشى ۋەزىرى،
ئاتى ئېردى ھەممەدۇ يوق نەزىرى.
ھەممىدىنىڭكى تەقى بىر ئوغلى بولدى،
ئانىڭ ھۆسنى تەقى ئالەمگە تولدى.
ئاتادىلار ئانىڭ ئاتىنى سائىد،
كى يوقتۇر مىسرى ئىچىندە ئانچە شاھىد.
مەلىكزادەگە قىلدىلار كوكۇلداش،
ئانىڭلارغە ئانىڭ ئاتاسى باش.
ئانىڭلار قىلىپ پاكىزە تەئيىن.
ئانىڭ ھەر بىردىۇر ھۆرى مۇئەييىن،
ئىككىسىنى قىلۇرلار پەرۋەرىش ھەم،
كى يوقتۇر مۇندىن ئۆزگە ياخشى ئىش ھەم.
ئۇلۇغ بولۇپ ئوقوپ ئىلمۇ ھۈنەرلەر،
سالىپ كۆللى ھۈنەرلەرگە نەزەرلەر
ھەمىشە خۇررەمۇ خوشھالۇ دىل شاد،
يۈرۈرلەر چۈن نىھالى سەرۋى ئازاد.
يۈرۈر شەھزادە ئۇيۇن بىرلە مەشغۇل،
ھەۋەس قىلدى ئاتاسى فىكرى مەشغۇل.
قىلايىن چار باغى تەۋ نىھالى،
كى يېتىلگەي مۇنىڭ بىرلە جەمالى.
كى بۇنياد ئەتتى ئاسىم باغۇ مەيدان،
كى سەيفۇلمەلىك قىلغاي ئاندا جەۋلان.
بىنا قىلدى ئەجەب باغى غەرايىب،
سالىپ تەرراھلار تەرراھ ئەجايىب.
قىلىبان خىشت رەڭگىن زەئفەرانى،

ئانىڭ پالچىقىدا زەئفەر سەمانى.
قىلىبان مۇشك ئامىز تۇپراغىن خىشت،
سالىپ ئەنبەر ئوتىغە ھەم يەنە كۆشت.
نەچە تۈرلۈك لەتافەت بار دېسەڭىز،
مەلاھەت بىرلە سۈرەت بار دېسەڭىز.
قىلىپ ئەنگىز ھەم بىر كۆشكى زىبا،
لەتافەت بىرلە ئەسرۇ خوب رەئنا.
ئەجايىب چار باغى خوب دىلكەش،
دەرۇ دىۋارىدۇر زىبايۇ زەركەش.
لەتافەت بىرلە چۈن باغۇ بېھىشتتۇر.
دېگەيسەن: تۇفراغى ئەنبەر سىرىشتتۇر.
ئەگەر بولسە كىشىنىڭ كۆڭلى ناخۇش،
ئاڭا كىرسە بولۇر چۈن شادۇ دىلكۇش.
مەگەركىم ئولتۇرۇر چۈن باغى جەننەت،
بەسى خۇش بۇيلۇقىدۇر جانغە راھەت.
يېتىلدى چار باغى تازەيۇ تەر،
ئانىڭ ھەر مېۋەسى مانەندى شەككەر.
بولۇپ نازۇك فەراۋانلار خىرامان،
ئۇنۇپ سېبەرگمىيۇ نەسرىنۇ رەيھان.
ئاچىلىپ يۈز تۈمەن گۈللار ئېچىدە،
ئوقۇپ خۇشخانى بۇلبۇللار ئىچىدە.
سۈزۈك سۇلار ئاقىپ ھەر سارى شەرشەر،
تولۇبان ھەۋزلەر مانەندى كەۋسەر.
تولۇپ مەيدان چۇ قۇشلار غۇلغۇلىدىن،
خەبەر بېرۇر ئىرەمنىڭ بۇلبۇلىدىن.

* قول يازمىنىڭ باش تەرىپىدىن تەخمىنەن 17 — 18 بەت يوقالغان.

ئىشتكىل كۇشكنىڭ ئەۋسافىنى ھەم،
كى بۇ شائىر قۇلۇڭنىڭ لافىنى ھەم.
بولۇپ تەييار ھەم بۇ كۇشك ئالى،
ئىچىدىن بولماغاي بىر ئەيش خالى.
ئەجەب كۇشكى لەتافەت كۆپ غەرايىب،
بىەسى ئۇستادلار قىلغان ئەجايىب.
ئەجايىب ھەم غەرايىب كۆپ مۇنەققەش،
نەچە باقساڭ باقارسەن خوبۇ دىلكەش.
ئەجەب قەسرى بەلەندۇ ساف ئالتۇن،
مۇرەسسەئ، لەئلۇ مەرجان، دۇررى مەكنۇن.
چۇ ياقۇتۇ ئەقىقۇ خىشتۇ پۇرچىن،
بۇلار بىرلە ئىمارەت قىلدى سەڭگىن.
كى قىلغاي شاھزادە ئاندە ئىشرەت،
پەرى رۇخسارەلەر بىرلە مەئىشەت.
مەلىكزادە يېتىپ ئون ئىككى ياشغە،
تۇشۇپ ئىشرەت خەيالى ئەمدى باشغە.
نىھالى ئەيش تەگدى باغ ئىچىندە،
پەرى رۇخسارولەردىن داغ ئىچىندە.
قىلىپ قەسر ئىچرە ئول بۇنيادى ئىشرەت،
بىرۇر ئول باغ ئىچىندە دادى ئىشرەت.
ئىچىپ بادە قىلىپ ئەيشۇ تەنەئئۇم،
قىلۇر سائىد بىلە دائىم تەكەللۇم.
سىپەر ئېردى ئانى ئۇ جانى بىرلە،
مۇھەببەتدىن دىلى بىر يانى بىرلە.
كېچە ـ كۇندۇز ئايرىلماس بىر ـ بىردىن،
ئىكىسى تەڭ قوپار ئۇيقۇ يېرىدىن.
كۇلۇپ ئويناپ ئىكەۋلەن قوش سالۇرلار،
ئۇچار قۇشدىن، كىيىكدىن كۆپ ئالۇرلار.
كېچە بولسا مۇساھىبلار بارى خەش،
كى بىر بۆلەك پەرىزاددۇر پەرىۋەش.
تۇرۇپ خىزمەت قىلۇرلار يانە جەمئى،
دېگەيسەنكىم ئۇلار ھەم مىسلى شەمئى.
ئاپۇغچىلار تۇرۇپ خىزمەتدە بەرپاي،
يانىپ مەشئەل كەبى روخسارەلەر ۋاي،
مەلىكزادە بولۇپ بىر ئالۇن ئايدەك،
ئانىڭ لەئلى لەبى گۇلگۇن مەيدەك.

ھەمىشە سۇھبەتى شامۇ سەھەرگاھ،
بىرى بىردىن كۆز ئۇزمەس پارەلەر ئاھ.
تەرەننۇم مۇترىبۇ نەغمە سەرالار،
خۇش ئەلھانلىق غەزەلخانلىق نەۋالار.
تۈزۈپ سازەندەلەر ئەلھان بىلە ساز،
ئاياقچىلار كەرەشمە بىرلەۋۇ ناز.
قەمەر رەشك ئىلتەدۇر سۇھبەتلەرىدىن،
فەلەك چەرخ ئۇرادۇر ئىشرەتلەرىدىن.
بولۇبان قۇمرى بۇلبۇل ئاندا شەيدا،
بولۇپ كۇشك ئۇستىدە ھەر سۇبھى پەيدا.
سەھەرلەر بولسا مۇترىب نەقش فەرۋاز،
ئۇلار بىرلە بولۇر بۇلبۇل ھەم ئاۋاز.
مەلىكزادە بۇ مەجلىسدە قەمەردەك،
مۇسەلسەل زۇلفىيۇ سۆزى شەكەردەك،
بولۇبان ھەلقە ـ ھەلقە زۇلفى يۈزدە،
كۆزى ئوينار كىيىكدەك ئاغزى سۆزدە.
چۇ نەرگىس كۆزلەرى بادام تەردۇر،
مەگەر رۇخسارەسى شەمئى قەمەردۇر.
بىرەردە ئاھ ئۇرار مەي ھالەتىدىن،
كى خۇش كەلمەس كىشى كەتكەي قاتىدىن.
كۆرۈپ شاھۇ جەمىلە كۆپ سۆيۈنۈر،
ئىكىسى شۈكرى دەپ بىسيار ئوقۇلۇر.
فەلەك ناگەھ بىر ئىش ئەنگىز قىلدى،
شەھەنشەھنىڭ ئوتىنى تىز قىلدى.
ھەمىشە ئەيشدە يۈرۈر ئىدى شاھ،
كى چىرلادى ئانى بىر كۈن شەھەنشاھ.
ئاتاسىدا غەرەز ئوغلىنى كۆرسە،
سۆيۈپ ئاڭا يۈزۈكۈ تونىنى بەرسە.
ئىشىتكەچ شاھنىڭ سۆزىن مەلىكزاد،
ياسانىپ تەبرەر ئۇچۇن سەرۋى ئازاد.
پەرى يەڭلىغ تاپۇغچىلار قاتىدە،
كېلىپ ئولتۇردى ئول شاھ ھەزرەتىدە.
ئۇلارنى كۆردى شاھ خۇرسەند بولدى،
دىلۇجانى مۇھەببەت بىرلە تولدى.
بۇيۇردى خەزنەچىگە: خەزنەنى ئاچ،

فەلان سەندۇقنى كەلتۈر قۇفلىنى ئاچ.
كەتۈردى ئۇل تەقى ئالتۇنى سەندۇق،
كى بىر تونۇ، يۈزۈك، ئۈزگە نىمە يوق.
كى بىر تون، بىر يۈزۈك ئوغلىغە بەردى،
كىشى بىلمەس كى بۇ توندا نە ئېردى.
مىراخورنى بۇيۇردىكىم: فەلان ئات،
نە ئاتى بولغاي ئۇل كىم بىر پەرىزاد.
كەتۈردى ئاتنى سائىدغە بۇيۇردى،
مۇھەببەت بىرلە سائىدنى سۇۋاردى.
ئەجەب ئىنئاملار كىم نىسبەتى يوق،
كى بۇ ئالەمدە بۇلارنىڭ ھېچ ئاتى يوق.
قوپۇپ شەھزادەئى سائىد ئاۋۇلجاپ،
تەۋازۇئ قىلدىلار خان كۆڭلىن ئاۋلاپ.
ئىجازەت بەردى قوپتى شاھزادە،
پەرىلەر ئالدىدا بولدى پىيادە.
چۇ شەھ ئىنئاملار قىلدى سۆزىگە،
ۋەلى ئوت سالدىيۇ شەھنىڭ ئىچىگە،
ئېتىپ ئىنئام ئەگەرچە قىلدى خۇررەم،
نە بىلسۇن ئاندا ئېرمىش يۈز تۈمەن غەم.

## شەھزادە ئۇل توندا سۇرەتلەرنى كۆرۈپ ئاشىق بولغانى

ئەجەب قىسسە رىۋايەت قىلدى راۋى،
خەبەر سالدى جەھانغە تولەى ھاۋى.
ئاتاسى قاتىدىن چىقتى پەرىزاد،
خىرامان تەبرەدى [چۇن] سەرۋى ئازاد.
كېلىپ تۈشتى ئۆزىنىڭ مەنزىلىگە،
قۇشۇلدى ئۇل پەرىلەر مەھفىلىگە.
يىغىپ مىسلى بۇ سۇرەت خانەلەرغە،
مۇھەندىسلەر كىرىپ ئۇل خانەلەرغە.
تەمامى ھۇجرەلەردە شەمئى رەۋشەن،
قىلىپ ئۇل كۇشكنى مانەندى گۇلشەن.
ئىچەر بادە ھەر ئۆيدىن ئۆيگە يۈرۈپ،
يۈرۈر فەرراشلار يولىن سۈپۈرۈپ،
سۆيۈنۈپ ئوشبۇ كېچە ئىچتىلەر مەي،
يىقىلدى ھەركىشى ئۆزىنى بىلمەي.
ۋەلى شەھزادەنىڭ كۆڭلىدە ئېردى،
ئاچىپ كۆرسە كى بۇ توندا نە ئېردى.
يېشىپ بوغچاسى توندا ئېردى ناگاھ،
كى چىقتى جانىدىن بىر خاستۇ بىر ئاھ.
قوپا كەلدى يانا ئۆيىگە كەلدى.
ئاچىپ كۆردى ئۆزىدىن يەنە باردى.
تەفەررۇجلار قىلۇر بۇ تونغە بىسيار،
نەچە باققان سارى بولدى گىرىفتار.
نە توندۇر ئۇلكى جانىنىڭ بەلاسى،
بولۇپ كۆڭلى بۇ تونىنىڭ مۇبتەلاسى.
بار ئېردى توندا بىر سۇرەت مۇنەققەش،
بويى باشدىن ئاياق زىباۋۇ دىلكەش.
يۈزىگە باقسە ئۇل گويا كۈلەدۇر،
ئانى كۆرگەن سارى جانى كۆيەدۇر.
كۆزىگە باقسا بىر بادامى تەردۇر،
يۈزىگە باقسا بىر تولۇن قەمەردۇر.
ئېرۇر رەڭگى رۇخى گۇل بەرگى تەردەك،
لەبى لەئلى ئانىڭ شېرىن شەكەردەك.
دېگەيسەن ئاغزىدۇر چۇن غۇنچەئى گۇل،
يۈزىگە تولغانىپ ئۇل زۇلفى سۇنبۇل.
قاشى يادەك قۇرۇپدۇر ئوق ئاتارغە،
ئانى كۆرگەندە يوق سەبرى تاپارغە.
قارا كىرپىكلەرى مانەندى نەشتەر،
مەگەر سۇ بەردى ئۇستادانى خەنجەر.
بويى گۇلنىڭ نىھالىدەك ئېگىلۇر،
بويى نازۇك، مەگەر بېلى ئۈزۈلۈر.
كۆرۈپ شەھزادە بۇ سۇرەتتۇ ياھۇر،
يۈزىغە يۈز قويار ئاغزىغا ئۆپۈر.
نەسۇرەتكىم بەلايى جان ئىكەندۇر.
ياقىلدى ئىشق ئوتى جانىغە شەھنىڭ،
قادالدى مېھر ئوقى كۆكسىگە ئانىڭ.

www.uyghurkitap.com



### شەھزادە ئۇل سۇرەتنىڭ ئىشقىدا بىقەرار بولغانى

تاڭ ئاتقۇنچە قىلۇر فەريادۇ نالە،
ئاقىزىپ ئىككى كۆزدىن دۇررى جالە.
يۈرەكىن يەرگە سۇرۇپ ھەم ياقا چاك،
ئاغناپ تونۇ ئۇفراغىن قىلىپ خاك.
بولۇبان كەھرەبا گۇل بەرگى يۈزى،
تولۇبان قان بىلە بادام كۆزى.
بولۇپ نازۇك تەنى مىسلى خەزاندەك،
كۆيەر ئىچى ئانىڭ قاينار قازاندەك.
يىغىدىن خالى ئىرمەس بىر زەمانى،
چىقار كۆككە ئانىڭ ئاھۇ فىغانى.
خومار ئويقۇسىدىن ئويغاندى سائىد،
ياندا كۆرمەدى ئۇل شەمئى شاھىد.
قوپۇپ ئۆيدىن چىقىپ ھەيران بولدى،
ئۇنى كۆرمەي بەسى گىريان بولدى.

تەفەككۇردە تۇرۇپ ئىردىكى ناگاھ،
ئىشىتتى ئۆزگەچە ئۇل نالەئى شاھ.
يۈگۈرۈپ يەتتىيۇ كىردى قاشىغە،
كۆزى تۈشتى ئانىڭكى ئۇل باشىغە.
غەرىب ئەھۋال ئىلە كۆردىيۇ شەھنى،
كى تولغاندەك كۆرۈپ سائىد مەھنى.
بۇ ھەم يىغلاپ ياقاسىن پارە قىلدى،
كۆڭۈل خوشلۇغىنى ئەۋۋارە قىلدى.
نەچەكىم سورادى ئايمادى دەردىن،
كۆتەردىيو سارىغ يۈزىنى يەردىن.
ياشۇردى جان ئىچىدە جاننى ئۇل،
كۆڭۈلدە ساقلادىيۇ ھالىنى ئۇل.
سەۋەر سائىد سۆزى ياقمادى ھەرگىز،
ئۇياتىپ يۈزىگە باقمادى ھەرگىز.

### شاھزادەنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ شاھغە خەبەر قىلغانى

تەھەممۇلسىز بولۇپ چىقتى قاتىدىن،
ياقاسىن سۇ قىلىپ كۆزى ياشىدىن.
يۈگۈرۈپ باردى سائىد چان قاتىنە،
ئاقىزىپ كۆزى ياشىن ھەزرەتىنە.
كۆرۈپ شاھۇ جەملە ئۇردىلار ئاھ،
رەۋان ئۆز ئورنىدىن قوپتى شەھەنشاھ.
چۇ سائىد قىلدى ئاگەھ ئۇل خەبەردىن،
شەھەنشەھ كەچتى تاجۇ ھەم كەمەردىن.
كىلىپ كۆردى ئانىڭ ھالىنى مۇشكىل،
ئەجايىب كۆردى ئوغلىنى چۇ بىدىل.
دىدى: كەلدى مۇنەججىملەر سۆزى ئاھ،
يۈگۈرۈپ تەبرەدى ئوغلى سارى شاھ.
نەچەكىم يىغلابان سورار ئاتاسى،

ئاياغىغە يۈزىن سۈرەر ئاناسى.
ئايتمادى ئۇلارغە ھالەتىنى،
كى مىھنەتغە ئىشىتتى راھەتىنى.
بۇ ھالەت بىرلە شەھ بولدى گىرىفتار،
ئانىڭ دەردىغە ئەھلى مىسر يىغلار.
كىلىپ تۇتتىلارۇ نەبزى مىزاجىن،
ھىچ ئىش بىرلە تاپىپ بولماس ئىلاجىن،
يىغىلدى ساھىرۇ سىھر ئىلە ياغلاپ،
كى يەئنى بىر زەمان بولدىيۇ خەراب.
ئاڭا ھىچ كار قىلماس بۇ ئەمەللەر،
نەكىم ھىچ سۇد قىلماس بو جەدەللەر.
بۇ ھالەت بىرلە ئۇل بۇستان سەرالار،
بولۇپ ماتەم ئۆيىن كىيتىپ نەۋالار.

### شەھزادە ئۆز ھالىنى سائىدغە ئايتقانى

چۇ ھىچكىم بىلمەدى تەدبىرىن ئانىڭ،
نەچە كۈن بولدى بىلمەي سىررىن ئانىڭ.

دىدىلەر: سائىدا، كىم سەن بىلۇرسەن،
نەكىم تەدبىر قىلساڭ سەن قىلۇرسەن.

تۇرۇپ سائىد قاتىدا كېچە - كۈندۈز،
قويۇبان مەقدەمىغە ئۇل سارىغ يۈز.
نەچە كىم سورسا ھالىنى دېمەيدۇر،
كى سائىدنىڭ غەممىنى ھەم يېمەيدۇر،
سوغۇردى بىر كېچە سائىد بەلىدىن،
ئانىڭ خەنجەرگە قان ئاقار دەمىدىن،
دېدىكىم: ئۆلگەنىم بېھراق ئاندىن،
كى سىرىڭنى ياشۇردۇڭ ئەمدى مەندىن.
باغىرغە خەنجەرىنى سالدى ناگاھ،
قويۇپ تۇتتى ئېلىكىنى شەھەنشاھ.
دېدى: «ئەي مېھرىبان ھالىمنى سورمە،
بەلانى مەن كۆرۈپمەن، سەندە كۆرمە،
تەمامى خەلقىدىن ئۇياتادۇرمەن،
تەھەممۇل قىلسام ئوتغە ياتادۇرمەن.
ۋەلى تەدبىرى يوقتۇر ئانى سورماي،
يۈرۈپ - ئىستەپ تاپىبان ئانى كۆرمەي.
نە ياشوراي بۇ كەز سۆزۈمنى سەندىن،
ئەدەم بولماقغە كۆرۈپ مەن ئۆزۈمدىن.
ئانام بەرگەن تون ئىچرە بىر بەلاسى،
كۆرۈبان بارمۇ ئېكىن بىر دەۋاسى.
ئاتى بەدئۇلجەمالۇ بىنتى شەھىبال،
ئىرەم باغىدا مۇژدە بىرەدۇر فال،
بۇدۇر ھالىم ساڭا دېدىم سەراسەر،
بارىپ ئايغىل ئاتامغە سەن بەرابەر.»
ھېكايەت قىلادىيۇ يىغلادى بىسيار،
ئېشىتىپ بولدى سائىد زارۇ ئەفگار.
قويۇپ چىقتى قاتىدىن زار يىغلاپ،
كى ئۆلمەككە بەلىن ناچار باغلاپ.
كېلىپ سائىد بۇ سۆزدىن قىلدى ئاگاھ،
ياقاسىن چاك ئېتىپ يىغلادى ئۇل شاھ.

## شاھ ئاسىم ئۇل تونىنىڭ قىسسەسىنى ئوغلىغە ئېيتقانى

ئايا بەگلەر، ئېشىتىڭ بۇ رىۋايەت،
قىلاي تون قىسسەسى بىر - بىر ھېكايەت:
چۇ بىر كۈن ئولتۇرۇپ ئېردىمۇ يالغۇز،
تىلىمدا يوق ئىدى ئاغزىمدا ھەم سۆز.
قوپۇپ توفان جەھان بولدى قاراڭغۇ،
كۆرە بىلمەس بىرىسىنىكى ئول - بۇ.
بولۇپمەن بىخەبەر ئۆزۈمدىن ئاندا،
كۆزۈمنى ئاچتىمۇ بىلمەنكى قاندا.
كېلىپ ئىككى كىشى ئايلىمدا تۇردى،
سۇلەيمانى نەبىدىن سۆز سوردى.
دېدىكىم: «ھەۋل قىلمە، باق بىزگە،
كەلىپمىز ئەلچىلەر تەئزىم بىزگە.
سۇلەيمانۇ نەبى ئۇشبۇ جەھاندىن،
يۈرۈش قىلدى ۋەسىيەت دېدى سەندىن.»
دېدىكىم: «شاھ ئاسىمنى سۆيۈرمەن،
ئانى مەھشەر كۈنىدە ھەم ئۆپۈرمەن.
يىبەردى بىر يۈزۈك، بىر تونۇ بىر ئات،
دېدىكىم سىز ئۇلارنى يەتكۈرۈڭ پات.
قوپۇپ تەئزىم ئىلە ئالدىم ئۇلارنى،
تەۋازۇئ قىلدىيۇ ئۆپتۈم بۇ يەرنى.
ئاچىپ كۆرۈپ ئىدىم ئۇل تونىنى ئاندە،
كى قالمايدۇر ئىدىم ھەم ئەقل مەندە.
چۇسورۇپ سەئيى قىلسام تاپىغا مۇندە،
ۋىسالى بىرلە خۇرسەند ئولغا مۇندە.»
دېدىلەركىم: «بۇ سۇرەتىنىڭ ۋۇجۇدى،
ھەنۇز ئالەمدە يوقتۇر زادى بۇدى.
ئانى بىلگىلكى ئەۋلادى پەرىدۇر،
گۈلىستانى ئىرەم ئانىڭ يېرىدۇر.
... ... ... ... ... ... ... ... ... ...*
يانا ئەنگىز قىلدى نالەئى ئاھ،
يانا ھەم خانە بولدى غەم ئىلە شاھ.

---

* قول يازمىنىڭ مۇشۇ يەرىدىكى بىر ۋارىقى يوقالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## شاه ئاسىم مۇنى ئېشىتىپ كېلىپ ئوغلىغه نەسىھەت قىلغانى

كېلىپ سۇلتان نەسىھەت قىلدى ئەنگىمز،
قىلۇر يۈزمىڭ نەسىھەتلەر شەكەر رېز.
دېدى سۇلتانكى سەنسەن ئادەمى زاد،
بىلۇرسەنكىم بۇ سۇرەتدۇر پەرىزاد.
ئىشىتمەدۇك پەرىيۇ ئادەم ئەھلى،
قوشۇلغان بولغاي ئول دۇنيادا نەسلى.
بۇ نە ئوتدۇركى سەن ئانى سالۇرسەن،
ئۆزۈڭ اهەم مۇبتەلالىقغه قالۇرسەن،
كەل ئەمدى تەۋبە قىل مۇھمەل بۇ ئىشنى،
فەراغەت بىرلە ئۆتكەز يازۇ قىشنى.
بىلۇرسەنكىم پەرى غايىبدۇر، ئەي جان،
يولۇڭدا ئەي ھەمە جانىمدۇ قۇربان.

سوراپ ئىستەپ تاپىلماس باغ ئىرەمدۇر،
قىل ئەمدى بىر تەرەف بىھۇدە غەمدۇر.
ئىرەم باغى دېبان باردۇر رىۋايەت،
جەھان ئىچرە قالىپدۇر بىر ھېكايەت.
پەرىدۇر ئوتۇ، يەل، سەن نەسلى ئادەم،
مۇۋافىق بولماس ئەسلە، كەل يېمە غەم.
پەرى بىرلە بەشەر لايىق بولۇرمۇ،
ئۇچار قۇشقا كىشى ئاشىق بولۇرمۇ.
كىشى بولۇپمۇدۇر ھېچ يەلگە ئاشىق،
بولۇرمۇ يەل بىلەن تۇپراق مۇۋافىق.
ساڭا ئول تۆرت ھەم دەگىل ئالايىن،
نەكىم كۆڭلۈڭ تىلەر ئانى قىلايىن.

## شاھزادە يىغلاپ ئاتاسىدىن ئىجازەت تىلەگەنى

دېدى شەھزادە يىغلاپ: ئەي جەھاندار،
مېنىڭ ئۈچۈن بەسى بولدۇڭ گىرىفتار.
ئاياغىڭغه كۆزۈمنىڭ توتىياسى،
ئۇنۇت بولماس بۇ سۆزدە ماجەراسى.
ئۇياتى ئۆرتەدى ئىشق ئوتى، ئەي شاھ،
ئۆچۈردۈم نامۇسۇم شەمئىنى بىر ئاھ.
ئەگەر شەمسى قەمەرنى ئەرز قىلساڭ،
بارىپ جەننەتغه ھۇر ئالىپ كەلسەڭ.
ماڭا ئاندىن ئۇ كۈن جانان كېرەكمەس،

تەقى ئۆزدىن بۇ تەندە جان كىرەكمەس.
ئىجازەت بېرىڭىز ئۆزۈم بىلەيىن،
يۈرۈبان ئىستەبان ئۆزۈم تىلەيىن.
ئاتاسى ئاھ ئۇرۇپ چىقتى قاتىدىن،
ئىلىك يۇپ ئوغلىنى كۆرۇپ باشىدىن.
بولۇپ سەيفۇل مەلىكغه غەم مەساھىب،
قەدىملەرنى قىلدى [ئاندا] غايىب.
بولۇپ بوستان سەرا ماتەم سەرايى،
بولۇپ شەھزادە بىر سۇرەت گەدايى.

## شەھزادەنىڭ ئاتاسى چىقىپ ئۆزى يالغۇز قالغانى

ئاتاسى چىقتى، ئوغۇل قالدى يالغۇز،
ئول ئەنگىمز ئەتتى بىر ئەفغانى دىلسوز.
ھەمىن ئايتۇر سېنى قايدا تاپارمەن،
ئىرەم باغى نىشانى نې بىلۇرمەن.
ساغىنىپ ھەردەم ئول سۇرەتنى شەھزاد،
چىقارۇر جاندىن يۈز ئاھۇ فەرياد.

سوراغىڭنى سېنىڭ قاندىن سورارمەن،
جەمالىڭنى سېنىڭ كىمدىن كۆرەرمەن.
نە قىلايىكىم، نە ئايتاي، ئاھ دەردىم،
ساڭا يەتكۈرە بىلمەن رويى زەردىم.
كىم ئايتۇر بۇ خەبەرنى باغ ئىرەمغه،
كىم ئايتۇر ھالۇ دەردىم ئول سەنەمغه.

كىچىك ياشىمدا باشىمغا نە ئۆتدۇر،
يارۇق خۇرشىد غەمىدىن چۇن بولۇتدۇر.
ئاشىم چۈشتى فىغانۇ ئاھ بىرلە،
نە مۇشكىل ئىشلا تۈشتى ماھ بىرلە.
كۆچۈم يوقتۇر ھەرەمىڭغە يېتەرغە،
ئىلىك يوقتۇر ئىتەكىڭنى تۇتارغە.
قولۇم يەتمەسكى تۇتسام يار ئىلكىن،
كۆزۈم يەتمەسكى كۆرسەم يار بويىن.
قولۇمدىن بولدى ئالتۇن جام بەرباد،
رەقىبىم قايغۇ بولدى ئاھۇ فەرياد.
ئول ئاندا پادىشاھۇ با فەراغەت،
بولۇپمەن مۇبتەلايى رەنجۇ مىھنەت.
مېنىڭ ھالىمدىن ئاگا ھىچ خەبەر يوق،
كى بۇ دەردىمدىن ئاگا ھىچ ئەسەر يوق.
ھېمىن ئايتۇر سېنى قايدا تاپارمەن،
ھەم يوق بىرلە نەچۈك ئۆيگە يېتەرمەن.
قىلۇر كۆڭلۈم قۇشى فەرۋاز بىرلەن،
ئۇچۇپ تاپقايمۇ سەرۋى ناز بىرلەن.
قىلا بىدۇر فۇرقەتىڭ تاق ئىشتىياقىڭ،
كى ئۆتەر خەستە جانىمنى فىراقىڭ.
ئىجازەت شەربەتى ھىجران ھەمىشە،
خەيالىڭدا كۆزۈم گىريان ھەمىشە.
يۈرەكىم قان شەرابىم، ھەمدەمىم ئاھ،
بەغىر بولدى كەبابىم، مەشئەلىم ئاھ.
مەزاجى ھەسرەتىڭدە قان يىغلار،
كۆيەر شەمئۇ تۇرۇپ ھەيران يىغلار
قىلۇر نالە بىلىنى باغلابان نەي،
مېنىڭ ھالىمغە يىغلار قۇمرى ھەي – ھەي
سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتىدا مەي ئۇرار جۇش،
بولۇپ سەرۋى سىھى فىكرىدە بەھۇش.
مېنىڭ دەردىمغە چەك بولدى دۇتا ھەم،
قىلۇر نالەش مېنىڭ ھالىمغە يەپ غەم.
ئاچىق ئۈن بىرلە يىغلايدۇر شەمامە،
مۇشەررەف بولغامەنمۇ دەپ سەلامە.
فىغان ئەيلەپ رەباب ھەم ياد قىلۇر،
ئۇرار كۆكسىگە ھەم فەرياد قىلۇر،
ئۈزاتىپ بويىنىنى بىچارە تەنبۇر،
مېنىڭ ھالىمغە يىغلار نالىشىن كۆر.
كۆرۈك دەفۇ كەفۇ بىر بىرگە ئۇرار،
غەجەك نالەش قىلىپ باغرىنى سۈرەر.
كۆيەر ئاھىمغە ئۇدۇ ھەم مۇسەققار،
مېنىڭ دەردىمغە قانۇن كۆكسى يىرتار.
تەمامى سازلار بولۇپ ھەۋادار،
بارى يۈزۈم كۆرۈپ ھالىمغە يىغلار.
كى تىنماي شەرھ ئېيتىپ يىغلارمە خامە،
كىم ئەتكەي دەپ تىلەگەن زارنامە
جەھاندا بولغاي ئىدىم كاشكى مەن،
بۇ سۈرەت كۆرمەگەيدىم كاشكى مەن.
بولۇتلار ھەم چەمەندە يىغلاشۇرلار،
بىرى بىرىن كۆروبان چۇلغاشۇرلار.
سېنىڭ يادىڭ بىلەن گۈللار ئاچىلۇر،
سېنى كۆرمەي فىراقىڭدا ساچىلۇر
خىياۋانلار تەقى ئاخشام ئالىپلار،
يۈزۈڭ كۆرەي دەبان تۇرۇپ قارالار.
سىياب سەرۋى سىھى مۇندىن كۆچەرلەر،
خەيالىڭ بىرلە سۆزلەشىپ كەچۈرلەر.
سەھەر فەرياد ئېتەر بىچارە بولبۇل،
كۆرەر گۈلنى قىلۇر سەبرى تەھەممۇل.
مەنى بۇلبۇل سېنى قايدىن تاپارمەن،
ھەمىشە ھەجرىڭ ئوتىدا كۆيەرمەن.
تەبىب ئاجىزدۇرۇر دەردىمگە دەرمان،
دەۋا تاپماي رۇخى زەردىمگە يىغلان.
بولۇر شەھزادەنىڭ رەڭگى خەزانىدەك،
ئەقىقدەك لەبلەرى چۇن زەئفەرانىدەك.
كېتىپ ئەقلۇ قەرارۇ سەبر ئاندىن
كېچىپتۇر تەختۇ بەختۇ ھەم جەھاندىن.
بەسى ئاجىز بولۇپ ئانىڭ ئاتاسى،
تۆكۈپ كۆزدىن يۈرەك قانىن ئاناسى.
كىچە – كۈندۈز بۇ غەم بىرلە گىرىفتار،
ائانىڭ ھالىغە ئەھلى مىسر يىغلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاگا ھەركىم نەسىھەت قىلسە بولماس،
كى قاتتىغ ئىشق تاغىىن ئۆتمەس.
سۆيۈپ سۆيگەن كۆڭۈللەر ئۆززە بولماس،
ئانى تا كۆرمەگۈنچە ئۆزە بولماس.
كى بولماس ئىشقدا ھەم كۇفرۇ ئىمان
نە سەبر ئاندا نە كافىر نە مۇسۇلمان،
ھەياۋۇ ناموسۇ ھەم ئاندا بولماس،
كى ئىشق ئوتىدەك ئوت ئالەمدە بولماس،
بىلىڭكىم ئىشقدا ناۋۇس يوقتۇر،
كى ئىشق ئەقلدە*ھەرگىز دوست يوقتۇر،
كى شاھۇ شەيخ ئول كۆزىگە ئىلىماس،
جەھاندا تاجىۇ تەختىنى بىلمەس.
كۆڭۈلگە ئىشق ئەگەركىم زور قىلۇر،
بەسى ئەقلۇ كۆزىنى كور قىلۇر.
فىراق ئاغۇسى ئاگا شەھدۇ شەربەت،
غەمۇ-قايغۇكى ئاگا ئەيشۇ ئىشرەت.
مۇھەببەت بەھرىنىك ئاشىقلارىدۇر،
ئانى سۆيگەن كىشى ئەرنىڭ ئەرىدۇر.
ئېرۇر چۈن ئىشق دەريايى مۇئەززەم،
كىرەلمەسلەر ئاگا ھەر قايسى ئادەم.
مۇھەببەت شەربەتىن ئىچكەن ئۇنۇتماس،
كى ھەركىمگە نەسىھەت قىلسە بولماس.
چۇ دەردى شاھ ئوغلىنىڭ مەزاجىن،
نەسىھەت بىرلە تاپمايدۇر ئىلاجىن.
كى ئاخىر باغلادى شەھ باغرىغە تاش،
سۆزۈك نەرگىسلەرىگە تولدۇرۇپ ياش.
كەڭەشتى بەگلەرى بىرلە ئوتۇرۇپ،
دېدى بەگلەر دەللەلەر ھەم كەتۈرۈپ:
«كى شاھا، سەن تەقى مەردانە بولغىل،
يۈرەكىنىڭ بەركىتىپ شاھانە بولغىل.
مۇنىڭدەك ئىش جەھاندا ئەرگە تۈشەر،
تىرىك بولسە ئەر ئوغلىغە نە بۇ شەر.
قالىن چىرىك تەقى بەرمەك كېرەك سەن،
كى سەۋداغە ئىبەرمەككە كېرەك سەن،
سەفەرنىڭ مېھنەتى ھەم بەند بولغاي،
ئەگەر تاپماسا ھەم خۇرسەند بولغاي.»
چۈن ئاسىم كۆردى ھېچ دەستگىر يوقتۇر،
يىبەرمەكدىن ئۆكۈن تەدبىرى يوقتۇر.
دېدى سۇلتان: «قىلىنىڭ دەريا ياراغىن،
كېرەككىم سۇدا ھەم سالغاي ياراغىن.»
بۇيۇردى: «تۆرت يۈز كېمە چاپىڭلار
كى ھەركېمەدە يۈز ھۇجرە ياپىڭلار.»
كەتۈردىلەر كېمە چاپقۇچىلارنى،
كېمەدە ھۇجرەلەر ياپقۇچىلارنى.
نەچە ئاي ئىش قىلىبان ئەل فەراۋان،
نەچە مىڭ خەلق تارتىپ ئاندا كۆپ جان.
مۇكەممەل بولدى كۆللى كېمە-ھۇجرە،
كى بەردىلەر بۇ ئۇستادلار ئوجۇرە.
يىغىپ كەلتۈردىلەر دەريا لەبىنە،
مۇھىت ئاتلىغكى ناپەيدا لەبىنە.

**شاھ ئاسىم ئوغلىنى سەفەرگە ئوزاتقانى**

چۇ ئاسىم چىرلاتىپ بەگلەرنى يىغدى،
كى فەرزەندىن يىراق يەرگە ئوزاتتى.
چەرىككە چىرلاتىپ يىغدى چەرىكىن،
دەۋا قىلغاي بۇ كۈن ئوغلىنىڭ ئىمكىن.
بولۇبان مىسر شەھرى شۇر ئاشۇب،
مەلىكزادە ئۈچۈن يىغلادى ئەل كۆپ.
تەمامى مالىنى ئاسىم چىقاردى،
كۆرۈپ ياشى چۇ ئوغلىغە ئاقاردى.
بوشاتوتتى ئۆيىنى ھەم خەزىنە،
دۇرۇ لەئلۇ زەرۇ كۆللى دەفىنە.
نەكىم سەڭپارەلەر بارئېردى ئاندا،
نەكىم ئەجناسى ھەم قالمادى ئاندا.

*قول يازمىدا «ئەقىل» دەپ يېزىلغان.

تەمامۇ تېۋەيۇ ئەستەرلەرى ھەم،
بۇ مالىن يۈكلەمەككە ئاتلارى ھەم.
تەقى يۈزمىڭ كىشى ھەم تۇرۇپ ئېردى،
قولىدىن ئىش كېلۇر دانالار ئېردى.
باھادۇرلار ئىدى بارى بىلىكلىك
شىجائەت بابىدا بارى ئىلىكلىك
كەۋاكىب بىلگۈچى مەللاھلار ھەم،
قۇرۇق چۆللەر ئۈچۈن سەيياھلار ھەم.
تەڭىز ئىلمىغە خۇش رەممالار ھەم،
مۇنەججىملەر تەقى خۇشفاللار ھەم.
نەچە سەردار بەگلەر ھەم يولىغە،
يىغىپ بارچەسىنى قوشتى ئوغلىغە.
ئەساسۇ سىلسىلە بىرلە كەچۈردى،
ئىلىكدىن شاھبازىنى ئۇچۇردى.
دېدى ئاسىمكى: «ئەي جانو جەھانىم،
قاراڭغۇ ئەيلەدىڭ رەۋشەن جەھانىم.
جەمىلە دېدىكىم: «ئەي نۇرى دىيدە،
نېگە بولدۇڭ كىيىكدەك سەن رەمىدە
يۈرەكىم پارەسىيۇ قۇتى جانىم،
فىدا بولسۇن ساڭا جانۇ جەھانىم.
پانا يۈزۈڭنى كۆرگەيمەنمۇ ھاي ـ ھاي،
بۇ ھەسرەت بىرلە ئۆلسەك ۋايۇ سەد ۋاي
مەگەركىم جان بەدەندىن ئايرىلادۇر،
كى گويا غۇنچە شاخى قايرىلادۇر.
مەلىكزادە تەقى يىغلار بۇ غەمدىن،
قىلۇر فەرياد ـ نالە بۇ ئەلەمدىن.

ئۇزاتا كەلدىلەر دەريا لەبىنە،
تەڭىز يىغلارۇ ياشلارنىڭ ياشىنە.
بولۇپ دەريا لەبىدە نالە بىسيار،
تەمامى خەلق بولدى زارۇ ئەفكار.
شەھ ئايتۇر قورقار ئېردىم ئۇشبۇ كۈندىن،
مېنىڭ ھالىم نە بولغاي سوڭ بۇ كۈندىن.
دەر ئېردى ئۇزۇمە ئۆزۈم قىلىپمەن،
يۈرەكىمنى ئۆزۈم كۆچكە تىلىپمەن.
ئاتا ـ ئانا ئوغۇل بىرلە ئۆپۈشۈپ،
تولا نەرگىسلەرى ياشى كۆرۈشۈپ.
مەلىكزادە چۇ مىندى سۇ ئاتىغە،
تىلەپ سائىدنى ئالدى ئول قاتىغە.
كىرىپ دەرياغە شەھزادە يول ئالدى،
ئاتاسى يىغلايۇ قۇرۇقتا قالدى.
كېلىپ تاپشۇردى بەگلەرگە مۇلكىن،
بېرىبان باغرى پۈتۈنلەرگە كۆڭلىن.
دۇئا بىرلە تەقى مەشغۇل بولدى،
كى سۇلتانلىقدىن ئول مەئزۇل بولدى.
تەسەددۇقلار قىلۇر دەرۋىشلەرگە،
تەرەھھۇملار. قىلۇر دىلرىشلەرگە
خۇدا بەرگەن گۆھەرنى شەھ يۈيۈردى،
كىرىپ بەيتۇل ـ ھەزەن ئىچرە ئولتۇردى.
ئىلىكدىن لاچىنىنى شەھ يۇتتۇردى،
قەفەسدىن تۇتىسىنى شەھ ئۇچۇردى.
فەلەك مۇندىن ئۆكۈن نې قىلغۇسى بار،
ئىشىنى قىلدى ئول، نە قىلغۇسى بار.

## شەھزادە چىن شەھرىگە يېتىپ كەلگەنى

ئايا راۋى، كەل ئەمدى قىل ھىكايەت.
نە سۇرەت بىرلە قىلدىڭ بۇ رىۋايەت.
دېدى راۋىكى، ئاندىن تەبرەدىلەر،
كېچە ـ كۈندۈز كېمەلەر تىنمادىلەر.
ۋەلې ئىشرەتلىرىنىڭ ھېچ تەگى يوق،
كى بۇ قاينار تەڭىزدىن غەملەرى يوق.

بۇ يۈزمىڭ خەلق ئىشرەت بىرلە مەشغۇل،
مەلىكزادە بالىق ئاۋلەرغە مەشغۇل.
كېچە ـ كۈندۈز ئىچەرلەر لالەگۇن مەي،
كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ئۆتكەنىنى بىلمەي.
كېمەدىن كېمەگە يۈرۈپ ئىچەرلەر،
گەزەك بالىق ئېتىپ شامۇ سەھەرلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دېدىلار چىندا خوپ نەققاشلار بار،
جەھانگەشتە ھېكايەت فاشلار بار،
ئىشتكەن بولغاي ئۇل سەۋداگەر ئەھلى،
ۋەيا خۇد سۇرەتىن سۇرەتگەر ئەھلى
بۇ سۆز بىرلە خىتايغە قىلدىلار يۈز،
خۇدا قىلدى ئىنايەت قوۋىتى يەل تۈز.
سۇرۇپ مەللاھلار كېمەنى تۇرماي،
سەباھۇ شام بىر سائەت ئوتۇرماي.
بەش ـ ئالتە ئاي ئۆتتى، يەتتى ئانىدە،
كى ھېچ تەشۋىش تەگمەي سۇ ئىچىندە.
ياقاغە ئالدىلار كۆللى كېمەنى،
چىقاردىلار سۇدىن بارى نېمەنى.
مۇئەززەم چەتر ئۇردى ئالى خىرگاھ،
چىقىپ تەخت ئۈزرە ئولتۇردى شەھەنشاھ.
ئوشۇقۇپ يەتتى ئۇل فەغفۇرى چىنغە،
دېدىكىم ياغى كىردى مۇلكى چىنغە.
بۇ سۆزدىن بولدى مۇلكى چىن پۇرئاشۇب،
بەسى تۇشتى خەلايىققە تۇلاتۇب.
قىلىپ ئۇل قەلئەلەرنى زىنتۇ مەزبۇت،
ياسادى ئەلچىلەر يىمبەرگەلى زۇد.
دېدىكىم: «ھەرنە دېسەلەر قەبۇل قىل،
نە يەردىندۇر، نە ئەلدىن ياخشى بىلگىل.
كېلىپ ئەلچى ئالىپ شاھنىڭ قاتىنە،
كۆرۈنۈش قىلدى شاھنىڭ ھەزرەتىنە.

دېدىكىم ھەرنە دېسەڭىز تۇرۇپمىز،
كى خاھى شەھرۇ خاھى مالۇ خاھ قىز.»
كۈلۈپ شەھزادە دېدى: «بارچە سىزگە،
نەچە كۈن يول بېرىڭ مېھمانىڭىزگە.
بۇ كۈن مۇندادۇمىز تاڭلا كېتەرمىز،
ۋىلايەتغە زىيان قىلماي كېتەرمىز.
ۋەلې بۇ شەھرىدىن سورار سۆزۈم بار،
خەبەر بولغايمۇ دەپ ئاندىن كۆزۈم بار.
باش ـ ئاياق كيدۇرۇپ ئانى ئۇزاتتى،
شەھ ئانىڭ كۆڭلىنى ياخشى كۈزەتتى.
سۆيۈنۈپ كەلدى ئەلچى ئۆز شەھىنە،
بولۇپ ھەيران ئانىڭ يۈزى مەھىنە.
كېلىپ دېدىكى: «ئەي سۇلتانى ئالەم،
مىسىر شەھزادەسى خاقانى ئەئزەم،
چەرىكى بىنىھايەت، ھېچ زەرەر يوق،
ئاڭا بۇ مەملەكەتدىن ھېچ ئەسەر يوق.»
دېدى: «مېھماندۇمىز سىزگە نەچە كۈن،
سۆزۈم باردۇر سورايىن بىر نەچە كۈن.
كى بىر شەھزادەدۇر مىسلى تالۇن ئاي،
ئانىڭدەك تۇغماغاي ئالەمدە ھاي ـ ھاي.
بۇ سۆز بىرلە كېلىپ قىلدى ياراغىن،
سالىپ فەغفۇر ياخشى كۇشكۇ باغىن.
چىقىپ كەلدى ئۆزى قىلدى كۆرۈنۈش،
ئانى ئىندەپ دېدى: «تەختىم ئۈزە تۈش».

## فەغفۇرى چىن شەھزادەنى مېھماندارچىلىق قىلغانى

مەلىكزادە قەبۇل قىلدى بۇ سۆزنى،
ياسادى چەۋرەلەرنى ھەم ئۆزىنى.
ئەساسى سەلتەنەت كۆرگۈزدى سۇلتان،
ئاتالىقلار بىلەن ئۇل بولدى مېھمان.
بېرىپ سۆھبەت بۇلارغە شاھ فەغفۇر،
قىلىپ بىر ھەفتە چىن شەھرىنى مەئمۇر.
ئېيتىپ شەھزادە ھەم سىررىنى ئىزھار،
سوراپ كۆللى خەلايىقدىن بۇ ئەخبار.

چۇ ھېچكىم بىلمەدى بۇ سۆزنىڭ ئەسلىن،
دېدىلەركىم: «بىلۇر شەھبال نەسلىن
ۋەلې بۇ شەھرنىڭ شاھ ھەزرەتىنە»
دېدى: «بىر شەھردۇر ئاتى قەتىنە.
ئىشتىپمەنكى ئاندا كۆپ ياشارلار،
نەكىم مۇشكىل بولۇر ئاندا شىشارلار.
نە ئۈچۈن كۆپ ئەجايىبلار بار ئانداە
غەرىبۇ ھەم غەرايىبلار بار ئانداە

دېدى شەھزادەكىم: قانچە يىراقدۇر،
قارى ئايتۇركى: بىر يىللىق يىراقدۇر.
ئەگەر تۈز يەل قوپۇپ مەللاھ بىلسە،
يېتەر يىلغە ئەگەر كىم جەھد قىلسە.

قىلىپ فەغفۇر ھەم سۆھبەتنى ئاخىر،
كى قىلدى پىشكەچ دۇررۇ جەۋاھىر.
ئۇزاتتى مىسر شاھىنى ئۆيىدىن،
قىلىپ مەئمۇر ئول ئەلنى تونىدىن.

## شەھزادە قەتىنىت شەھرىگە يۈزلەنىپ كېمە غەرق بولغانى

كەل، ئەي راۋى، رىۋايەت قىل بۇ قىسسە،
نەچۈك تۈشتى مەلىكزادەگە غۇسسە.
دېدى راۋىكى: «ئىشق بىسيار بولۇر،
بەسى مېھنەت بىلەن ئەفكار بولۇر.
مەلىكزادە قىلىبان كۆچ ياراغىن،
قەتىنە شەھرىغە سالغاچ سوراغىن.
كېلىپ شەھزادە خۇد تەختىغە تۈشتى،
تامامى مالىنى سالدى بە كىشتى.
تەمامى خەلق كىردى كىشتىلارغە،
بولۇپ تەييار بەگلەر تۈزدى جەرگە.
قوپۇپ شەھزادەلەر كېمەگە كىردى،
خۇدانىڭ سەنئەتىغە تەننى بەردى.
يۈرۈپ مەللاھلار ئىلگەرى تۈشتى،
ئانىڭ سوڭىدا كىشتىلار يۈرۈشتى.
مەلىكزادە خەيالى بىرلە خۇررەم،
لەبى خەندانى يوق كۆڭلىدە ھېچ غەم.
بۇ ئىشرەت بىرلە ئالتى ئاي يۈرۈدى،
قاراۋۇللار قويۇ يولنى يۈرۈدى.
ھەسەد ئىلتىپ فەلەك بۇ دەۋلەتىغە،
يامانلىق بىرلە ئول مىندى ئاتىغە.
سېكىن ــ سېكىن بۇزۇغلۇق قىلدى ئەنگىز،
بىلىڭگە باغلادى شەمشەرى خۇنرىز.
چىرايىن جىرتتىيۇ توفان قوپاردى،
كى ھەردەم بىر تەرافاسى ئاتاردى.
قىلۇر ھەردەم بىر ئۆزگە شەرفە ئەنگىز،
بىرەر شەرفەدە مىڭ زۇھرەنى ئەن تىز.

بولۇت گۆكرەپ ياغار توفان قىلۇرغە،
تېگىمز قايناپ ئاقار ئول قان قىلۇرغە
قاراڭغۇ يەل قوپۇپ دۇنيا بولۇپ تار،
قوپۇپ دەريا يۈزىدە نالە بىسيار.
بولۇپ كۈندۈزكى كۈن يەلدا تۈنىدەك،
نە قاتتىغ كۈن ــ قىيامەتنىڭ كۈنىدەك.
قايان باقساڭ كۆزۈڭگە ئەل كۆرۈنمەس،
ئىلىك ئالساڭ سۇدىن ئۆزگە كۆرۈنمەس.
بىرەردە چايقالۇر پۇر شۇرى دەريا،
كېمەلەرنىڭ قىلۇر قەئرىنى بەرپا.
يانا قاينار تەقى دەريايى پۇرشور،
قىلىپ قەھرى بىلەن قەئرىغە ئول زور.
ئۆتۈرۈنۈشۈپ خەلايىقنىڭ ئۈنىدۇر،
دېگەيسەنكىم قىيامەتنىڭ كۈنىدۇر.
ئورۇنۇپ بىر ــ بىرىسىگە ئۆتەرلەر،
سىنىپ ــ سىنىپ سۇ تۈبىگە پاتارلار.
قاداقلار سىندى بولدى تەختە پارە،
كى ھېچكىم تاپمادى قاچماقغە چارە.
دېدى راۋى ئۇشۇل تۆرت يۈز كېمە،
ئۇشۇل كۈن بارچە خەلقۇ كۇللى نېمە،
چۇ بولدىلا فەنا دەريا تۈبىدە،
كۆرۈنمەس ھېچ نېمە دەريا يۈزىدە.
يېدى پاكىزە ئول دەريايى خۇنخار،
كى قالمادى ئۇلاردىن زەررە ئاسار.
خۇدانىڭ، كۆر، نەچۈك ئافەتلەرى بار،
كى بىر سائەتدە نە قۇدرەتلەرى بار.

## شەھزادە ئۆلمەيىن خەلاس بولغانى

ۋەلې شاھزادەنى ئول سۇنئى سانىئ،
بەلادىن ساقلادىيۇ قىلدى مانىئ.

ئىنايەت بىرلە تەڭرى قۇدرەتىدىن،
سۇلەيمان يۈزۈكىنىڭ ھۆرمەتىدىن.

www.uyghurkitap.com



تېڭىزكىم ئۇل زەمان پۇر خۇش ئېردى،
ئانىڭ ھەۋلدە شەھ بىھۇش ئېردى.
يوق ئېردى دەر زەمان ئالددا سائىد،
قاتىدىن بولدى غايىب شەھدۇ-شاھىد.
فەلەكنىڭ گەردىشى قىلدى ئىشىنى،
كى كۆرمەي ياردىلار كىشى كىشىنى.
كىشى بىلمەس كېمە قايدا بارادۇر،
خۇدا مۇنداغ بەلالارنى سالادۇر.
سەيفۇل-مەلىك ئۆزىگە كەلدى ناگاھ،
تەفەررۇج قىلدى دەريا يۈزىگە شاھ.
نە ئەل بار، نە كېمەلەر ھەم نە سائىد،
نە بېكەلەر، نە ساھىبلار نە ئابىد.
كۆرەركىم پارە-پارە تەختە يۈرۈر،
قاشىدا ئەللىك-ئاتمىش چەۋرە يۈرۈر.
يار ئېردى دىلبەر ئۈچۈن باغرىدا داغ،
فەلەك قويدى يانا داغ ئۈستىدە داغ.
بۇ غەمدىن ئاھ ئۇرۇپ بىھۇش بولدى،
ئېلىنىڭ دەردىدىن مەدھۇش بولدى.

## شەھزادە چۆرەلەرى بىرلە يىغلاشقانى

مەلىكزادە يەنە كەلدى ئۆزىگە،
تولۇپ خۇنابەلەر نەرگىس كۆزىگە.
نۆكەر يارچە ياقالارىن قىلىپ چاك،
كۆكسلەرىن قىزىل قانغە بوياپ پاك.
بەھەمللىقلار تىلەشىپ بىر-بىربدىن،
قىغانلار قىلادۇر يەرلىك يېردىن.
كۆرۈڭكىم ئىشق ئوتى ئالەمنى ئۆرتەر،
كى ئاشىق نالەسى يۈرەكنى يىرتار.
باغىر خۇنابەسى ھەرگىز تۈگەنمەس،
نەچە خۇنابە ئېچىپ كۆڭلى قانماس.
قىلۇر سەيفۇل-مەلىك ھەر سوزۇ نالە،
تۆكەر خۇنابەلەر مانەندە جالە.
چۇ دەركىم ئاھ ئۇرۇپ: يەلدىن سورارمەن،
بەسى يىغلارمەنۇ سۇدىن تىلەرمەن
قايان ياردىڭ يانىمدىن، سائىدا، سەن،
كېرەك ئېردىڭ بۇ غەمدە، ۋاقىغا سەن.
بۇ قالغانلار قىلۇر فەريادۇ ئەفغان،
ساڭا قۇربان بولاي بىشاھۇ جانان.
قاشىڭدا بىز تەقى قالماغاي ئېردۇك،
بۇ دەرد بىرلە سېنى كۆرمەگەي ئېردۇك.
ئاتا-ئانا كۆرۈپ گىرپان بىزىڭ چۇن،
كى بىز بىريانىدۇمىز، شاھىم، سىزىڭ چۇن.
كېلىنگلار سەبر ئېتىڭلار بۇ بەلاغە،
قىلىپ شۇكرى تەۋەككۇل ھەم خۇداغە.
بۇ ھال بىرلە يۈرۈپ ئۈچ ئاي مۇتلەق،
كۆرۈك، بىچارەلەرگە نە سالۇر ھەق.

## شەھزادە چۆرەلەر بىرلە گىردابىغە تۈشۈپ نالە قىلغانى

بار ئېردى ئاندا بىر گىردابى خۇنخار،
فەنا بولغان كېمەلەر ئاندا بېسيار.
كېلىپ تۈشتى بۇلار ھەم ئول بەلاغە،
تەقى بىچارەلەر قالدى جەفاغە،
قىغان قوپتى بۇلارنىڭ ئوتراسىدا،
چۇ قالدىلار تېڭىزنىڭ ئوتراسىدا.
بۇ كەز يارچە ئۈزۈبان جاندىن ئۈمىد،
كى بولدىلار يارى بىسيار نەۋمىد.
يەلاۋۇ رەنجۇ مىھنەت ئاشىق ئۈچۈن،
ۋەلى زىرۇ بەلالار لايىق ئۈچۈن.
مۇھەببەت بىرلە يىغلارلار خۇداغە،
سەلام ئايتۇر ئۇلار بادى سەباغە.
چۇ دەر شەھزادە: «ئەي بادى شەمالى،
كى كۆرمەس بولدۇم ئول بەدئول-جەمالى.

سەبا، يەتكۈر سەلامىم ئۇل جەمالغە،
پەيامىم يەتكۈر ئۇل ھۆسنى كەمالغە.
سەلام يەتكۈرگىل ئۇل باغى ئىرەمغە،
مۇشەررەف بولمادىم جانى سەنەمغە.
سەلامىم يەتكۈر ئۇل قاشى ھىلالغە،
پەيامىم ئىلتەگىل ئابى زۇلالغە.
سەلامىم يەتكۈزۈڭ كۆرمەي ئۆلەرمەن،
سەبەبدىن بىر دەۋا سورماي ئۇلەرمەن.

سەلامىم يەتكۈز ئەرمانىندا ئۇلدۇم،
دەۋا ئىستەپ تەقى دەرماندا بولدۇم.
سەلامىم يەتكۈزئۇل مىسكىن ئاتامغە،
پەيامىمنى تەقى غەمكىن ئانامغە.
تىرىك بولسە تەقى سائىدغە يەتكۈر،
بۇ قۇلنىڭ ھالىنى ئۇل شاھغە يەتكۈر.
بىھىل بولسۇن بارى بىز خەستەلەردىن،
كى بۇ غەم بەھرىدە ۋابەستەلەردىن.

## شاھزادە چۆرەلەر بىرلە گىردابىدىن چىققانى

بۇلار ئۈچ ئاي ئىدى ئۇشبۇ بەلادە،
كېچە - كۈندۈز گىرىفتار ئۇل جەفادە.
قىلىپ يۈزمىڭ فىغانۇ نالە ئۇل دەم،
كۆزىنى ئۇيقۇ تۇتتى باستى چۈن غەم.
نە كۆرەر بىر مەلەك سۈرەت كىشىدۇر،
چۇ دەركىم: «ھەر بەدۇر تەڭرى ئىشىدۇر.
ئەگەر بولسا ئىدى مۆھرى سۇلەيمان.
تېگىمىز قايناپ چىقار ئىردى بەفەرمان»
ئىشىتكەچ شاھ چۈن بىدار بولدى.
بۇ غەمدىن مەست ئىدى ھۇشيار بولدى.

قوپۇپ دېدى: «يېڭىتلەر كەلدى دەۋلەت.»
ئايىتتى: تۈشىمنى شاھۇ سەئادەت.
سۆيۈندى بارىسى بىچارەلەرنىڭ،
قۇۋاندى بارچەسى ئەۋارەلەرنىڭ.
چىقاردى مۆھرىنى دەرياغە ئۇردى،
تېگىمىز قايناپ بولارنى يولغە سالدى.
قۇۋاندىلار بۇ كەز سەرگەشتەلىقدىن،
قۇتۇلدىلار بارى يول بەستەلىقدىن.
يانا بىر نەچچە كۈن تۈز يولغە تۈشتى،
تەقى كۆرۈڭ فەلەكدىن نې ياپۇشتى.

## شەھزادە چۆرەلەر بىرلەن زەڭگىلەرغە گىرىفتار بولغانى

كەل، ئەي راۋى، رىۋايەت قىل بۇ داستان،
پەرىخانەمۇدۇر ياخۇد گۈلىستان.
دېدى راۋى قىلايىن بۇ ھىكايەت،
قولاق سالۇ ئىشىتكىل بۇ رىۋايەت.
بارۇ ئىردى مەلىكزادە يولغە،
قاراۋۇللار سالۇر ئوڭۇ سولغە.
كۆرەرلەر بىر كېمە توغرا كېلەدۇر،
ۋەلى بىلمەيدۇلار ئوغرى كېلەدۇر.
بولار دەرلەر بىزىڭكى ئەلدىن ئولغاي،
ۋەيا سەۋداگەر ئەھلىدىندۇ بولغاي.
بولار بۇ فىكرى بىرلە شادۇ مەئۇر،

كى ئىش تۈشكەن ئەمەسلەر مەستۇ مەغرۇر،
يېقىن كەلدىلەر ئىرسە كۆردىلەر پاك،
يامان دىيدارلىق رەڭگىنىۇ ناپاك.
دېدى راۋىكى يەتمىش تەن ئىدىلەر،
كى يەپ تويىماس ئىدىلەر ئادەمىلەر.
چۇ كۆردىلەر بولاردەك نۇقلى مەقبۇل،
كى بولدى زەڭگىلەر تۇتماقغە مەشغۇل.
مۇسەللەھ بولدى بولار ھەم ئۇرۇشقا،
ياراغلاپ بارىسى ئۇترۇ تۇرۇشقا.
ئۇرۇشتىلار بەسى تۆكۈلدى كۆپ قان،
ئىلىكدىن كېلۇچە خۇد چەكتىلەر جان،

www.uyghurkitap.com



بارى زەڭگى توپەك ئەنداز ئېردى،
ئۇرۇش بابىدا ئاتەشباز ئېردى،
كىم ئەتتى زەڭگىلەر چۈن زەرب زەڭگىن،
قىزىل قان بىرلە دەريا بولدى رەڭگىن.
كى دەريا بولدى چۈن تۇتاشقان ئوتدەك،
تۇتۇن بىرلە ھەۋا بولدى بۇلۇتدەك.
كى بۇ بىچارەلەر كۆيدىلەر ئەكسەر،
كۆيۈپ كىمە بىلەن بولدىلار ئەخكەر.
تۇتۇپ شەھنى ئون ئىككى چۆرە بىرلە،
ئالىپ دۇرنى بۇ جەمئى مېھر بىرلە.
ئىلىك ئاياغلارىنى باغلادىلار،
ئۇلارنى غەم ئوتىدا داغلادىلار.
ئالىپ تەبرەدىلەر باغلاپۇ چۇلغاپ،
تەمام ئەئزالارىنى قانغە بۇلغاپ.

## زەڭگىلەر شەھزادەنى چۆرەلەر بىرلە ئۆز پادىشاھىغە تارتقانى

بار ئېردى بىر جەزىرە ھەق ياراتقان،
ئانىڭ ئىچىدە زەڭگىلەر تۆرەتكەن.
بار ئېردى چۈن بۇلارنىڭ پادىشاھى،
كى دىۋ ئىفرىتدەك زەڭگى سىياھى.
بۇلارنى ئىلتىبان چۆكتىلەر ئاندا،
كۆڭۈلگە مەرگنى ئىكتىلەر ئاندا.
كۇلۇبان قەھ-قەھ ئول زەڭگىئى خۇنخار،
كېلىبان ئىشتەھى چۈن ئادەمى خار.
دېدىكىم توققۇزىنى ئۆلتۈرۈڭلار،
مۇھەييا قىلىپ ئانى كەلتۈرۈڭلار.
دېدى سەيفۇل-مەلىك: «سۇبۇھۇ قۇددۇس،
مېنىڭ ھالىم ساڭا رەۋشەندۇر، ئەي دوست،
سېنىڭ ئىلكىڭدە ئاساندۇر، رەھىما،
كى بىز سايىلدۇمىز سەنسەن كەرىما.
كەرىم ئالدىڭدا سايىل يوقدۇ نەۋمىد،
رەھىم ئاتلىغ ئاتىڭدىن كۆپىدۇ ئۇممىد.

## زەڭگى شەھزادەنى ئىككى چۆرەسى بىرلە قىزىغە ئىبەرگەنى

تۇرۇپ زەڭگىلەرۇ ئىچىپ شەرابى،
يېدىلەر ئول بارى ئادەم كەبابى.
كى ناگەھ فىكر ئېتىپ زەڭگىيۇ كافىر،
خەيالى قىلدىيۇ بۇيۇردى ئاخىر.
ئول ئۈچىنى قىزىمغە ئىلتىڭىزلەر،
ئاڭا بولدى بىزىڭكى سورغاڭىزلەر.
ئىشتىپ شاھ بۇ سۆزلەرنى ئاندىن،
ئۈمىد ئۈزدىلەر ئاخىر بارى جاندىن.
تورۇپ بىچارەلەر بارى جىگەر خۇن،
ۋەلى شەھزادە دېدى بولدى شۇ كۈن.
ئوچەۋلەننى قىزىغەكىم يىبەردى.
ئۇلارنىڭ بىرىسى شەھزادە ئېردى.
بولۇپ زەڭگىيۇ كافىر مەستۇ خۇرسەندە،
پەرىلەرنى قىلىبان دىۋە دەربەندە.
كوتەردىلەر چۇ زەڭگىنىڭ قىزىغە،
كۆزى چۈشتى مەلىكزادە يۈزىگە.
كۆرۈپ شەھزادەنى قىز بولدى ئاشىق،
پەرىنى كۆردى دېۋ ئۆزىگە لايىق.
دېدىلەر شەھ ئىبەردى سىزگە ئانى،
كەباب ئېتىپ، مەي ئىچىپ، يەڭىز ئانى،
ئاتاسى ھۆرمەتىن بەرجا كەتۈردى،
تەۋازۇ بىرلە قوپتىيۇ ئوتۇردى.
دېدى زەڭگى بەچەكىم: «بىز بىلەلىك،
كېتىڭىز، ھەرنە قىلساق، بىز قىلالىك،»
كەتۈرگەن ئەلچىلەر كەتتى قاتىدىن،
سۆيۈندىلەر بۇ قىزنىڭ ھۆرمەتىدىن
بۇيۇردىكىم: «بۇلارنى ياشۇرۇڭلار،
فەلان مەھرەمغە ئىلتىپ تاپشۇرۇڭلار.»
ئۇنۇتتىلار بۇلارنى زەڭگىلەر ھەم،
كى زەڭگى فېئلىنى بىلدى بۇلار ھەم.

## زەڭگىنىڭ قىزى ياسانىپ شەھزادە قاشىغە كەلگەنى

كى بىر كۈن قىز ئۆزىنى راست قىلدى،
قوپۇپ شەھزادەگە بىخاست كەلدى.
سۇراھىدا شەرابۇ نۇقل بىسيار،
فەراغەت قىلغايۇ بولغاي خەربدار.
يۈزىگە سۈرتىبان ئول ئوفەدەك گەج،
ئارا زۇلفىن قارا يۈزدە قويۇپ كەج.
قازاننىڭ قاراسىن قاشىغە تارتىپ،
قالىن گەج بىرلە يۈزنى ئاقارتىپ
بويىنى كۆرسەڭىز مىسلى مۇنارى،
ئەگەر ئاغزىغە باقساڭ مىسلى غارى.
قارا ئارغامچىنى سالىپ چۇ ساچباغ،
كۆرۈپ ناچاغ بوينىغە ئانى چاغ.
قارا ئۈي تىزىكىن ئەشھىب قىلىبان
قارا چەكمەندىن ئول چۇمبەند قىلىبان.
قىلىپ بىر ئەسكى قاسقاننى بىلەزۈك،
سالىپ نەچچە قىزىل سوغاندىن ئۈزۈك.
چۇ فىلنىڭ تۇۋاقىدەك تىرماغىنە
قىزىل قان بىرلە بۇيار مىسلى ھىنە.
يۈرۈر بولسە يۈرۈر تېۋە ماڭىشىن،
كۈلەر بولسە كۈلەر مايمۇن كۈلىشىن.
ئانىڭ ھەر ئەمچەكىدۇر مىشكى سەققا،
يۈرۈسە ئۈن كېلەدۇر شەققە - شەققا.
ياپىلىپ فىلدەك ئىككى قۇلاغى،
سالىنىپ تېۋەدەك ئىككى دۇداغى.
قۇلاقلارىغە سالىبان سالىنچاق،
ئىسىرغە ئورنىدا سالغان سارىمساق.
كىيىپ ئۆرمەكدىن ئىگنىگە قارا شال،
ھەۋەسلەر بىرلە ئىگرىپتۇر مەھۇ سال.
ئانىڭ ھەركۆزىدۇر مىسلى ئىزەڭگۇ،
قۇلاقلارى ئانىڭ ئەسكى تۇپەڭگۇ.
ئانىڭ ھەر تىشىدۇر مانەندى سەندان،
نەچە دېسە سۇفەت قىلسام نە چەندان.
تىلى ئانىڭ جەھەننەم ئەقرەبىدەك،
يۈزىگە باقساڭىز يەلدا شەبىدەك
چۇ بۇرنىدۇر ئۇلۇغ ئاتاسى گورى،
تۆشۈكىدۇر مەگەر بىر ئەسكى مورى.
بۇ سۆرەتلەر بىلە قىلۇر خەيالى:
يۈزۈم ئايدەك، بويۇم تازە نىھالى.
كى بۇ ئالەمدە بىر مەندەك سەنەم يوق،
پەرىلەر ئاشىقىدۇر ھېچ غەم يوق،
كۆرۈڭ مەندەك سەنەم بارمۇ جەھاندە،
مېنى كۆرسە بولۇر شەھزادە بەندە.
بۇ تەلئەت بىرلە كەلدى شەھ قاتىغە،
كىرىپ دېۋە پەرىلەر سۇھبەتىغە.
قوپۇپ شەھزادە ھەم تەئزىم قىلدى،
زەرۇرەتدىن ئاڭا تەكرىم قىلدى.
ئالىپ زەڭگى بەچە شەھنى يانىغە،
يېقىندۇركىم ئانى سوقسە جانىغە.
كېلىپ شەھزادەغە چۈن بولدى ناخۇش،
يىقىلدى سوستايىپ شەھ بولدى بىھۇش.
دېدى ئۆي قىزلارى كۆردى سېنى بىل،
بولۇپ ئاشىق ئۆزىدىن باردى كۆرگىل.
باشىنى ئالدىيۇ تىزىنە قويدى،
بولۇت يۈزىنى ئاي يۈزىنە قويدى.
قويۇپ يەلدەك لەبىن شەھنىڭ لەبىغە،
ئالىپ گۇل غۇنچەنى گور خارتومىغە.
شورار لەئلى لەبىنى مىسلى ئەژدەر،
قۇچار شاھى پەرىنى دېۋە ھەفت سەر.
خۇمار ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى شەھنى،
قارا بولۇت ئالىپ قوينىغە مەھنى،
ئاياق تولدۇردىلار بۇيۇردى بادە،
بولۇپ زەڭگى بەچە ئىشقى زىيادە
بولۇپ سەر خۇش بۇ تەلئەت بىرلە قوپتى،
قۇچۇپ بوينىن تۇتۇپ ئاغزىغە ئۆپتى.
ئۆپۈپ دېدىكى: «ئەي جانىم، نەچۇكسەن،
كى مەندىن باشقە جانانىم نەچۇكسەن.
مېنىڭ ھەجرىم بىلەن ھالىڭ نەچۇكدۇر،
كى مەنسىز غەمدە ئەھۋالىڭ نەچۇكدۇر.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## شەھزادە زەنگى دۇختەرچەگە جەۋاب بەرگەنى

دېدى شەھزادەكىم: «سەنسىز خۇش ئېردىم،
نىگارىم يادى بىرلە سەر خۇش ئېردىم.
سېنىڭ دىيدارىڭغە مەن خىيرە بولدۇم،
ئۆزۈمدىن باردىمۇ ھەم تىيرە بولدۇم.
كېچەدەك يۈزۈك ئۈچۈن باستى باتنۇ،
مۇنەۋۋەر خاتىرىم بولدى قاراڭغۇ.
قاشىڭ قايغۇسىدىن يادەك پۈكۈلدۈم،
كۆرۈپ گۈل غۇنچەدەك ئاغزىڭغە كۈلدۈم.
ئالا كۆزۈڭ غەمى يەرگە باقۇزدى،
قارا كۆزۈم سۈيىن يەرگە ئاقۇزدى.
يىلاندەك زۇلفۇڭۇز ئەفسۇن قىلىپدۇر،
مېنى مۇندا ئاياغىمنى ئالىپدۇر.
جەمالىڭنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپمەن،
كېتەر بىلمەي، چۇ سەرگەردان بولۇپمەن.
كۆزۈڭىزنى يۈزۈمدىن كۈنلەرمەن،
يۈزۈمگە كۆپ سىڭا باقماق ئۆلەرمەن.
بۇ قۇلنىڭ بويىنغە سالماڭ قولۇڭۇز،
ئۆزۈڭىزگە تەڭ ئەتمەڭ بىز قۇلۇڭۇز.
مەلەكزادە ساغىندى فەھم قىلماس،
زەرافەت سۆزىنى بۇ زەڭگى بىلمەس.

## زەڭگى بەچە شەھزادەنى مېھنەتكە سالغانى

ئىشىتتى زەڭگى دۇختەر ئۇشبۇ سۆزنى،
غەزەب بىرلەن يۈزىگە تىكتى كۆزنى.
كېلىپ قەھرى قۇپۇپ چىمقتى قاشىدىن،
ۋەلى كۆڭلى خەراب ئول ھەسرەتىدىن.
دېدىكىم: «مەن سېنىڭ ئىشىڭ قىلايىن،
سەباھ ئەرتە بىلەن باشىڭ كېسەيىن.»
ۋەلې ئۆلتۈرگەلى ھەيفى كېلەدۇر،
كېچە ـ كۈندۈز ئانىڭ مېھرى بىلەدۇر.
نەچە كۈنلەر بۇيۇردى يارغۇچاققە،
ھەيەل قىلسە ئۇرارلار جاققە جاقە
ئىلىكلەرى قاپارىپ ئۆزنى تارتار،
كۆزىدىن بادەئى گۈلرەڭگى تارتار.
ياڭى ئايدەك ئېگىلىپ تاتار ئول ئۇن،
لەبى لەئلى قۇرۇپ بولدى جىگەر خۇن.
بۇيۇردىكىم: «بۇكەز ئوتۇن توشۇسۇن،
كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئاتنى قاشىسۇن.
قىلۇر بىلقەسد ئۆلارغە بۇ جەفانى،
كى تۈزمەي ئول يەنە قىلغاي ۋەفانى.
كىم ئۇشبۇ ماجەرا بىرلە نەچە يىل
تاشۇدىلار ئوتۇن قۇللۇق قىلىپ بىل.
فەلەكنىڭ جەۋرىنى ئايتىپ تۈگەنمەس،
مۇرادىن تاپمايىن ئاشىق قۇۋانماس.
كېچە بولسە ئۆرۈنۈپ مۇڭلاشۇرلار،
كى مۇڭ تۈشكەنلەرىغە يىغلاشۇرلار.
ئېرۇر بۇ ئىشقنىڭ جەۋرۇ جەفاسى،
بېرۇر خونابەلەر ھىجران بەلاسى.
تۈشەر ئەر ئوغلىغە ئەمگەك جەھاندا،
كى يۈشماس مۇنچەلەر جان بولسە تەندە.
كېڭەشتى بىر كۈنى بۇ ئۈچ گىرىفتار:
«كى مۇندا بولغۇسى يوق بىزگە غەمخار.
بىزنىڭ تىرىكلىكىمىز كىشى بىلەس،
كىشى بىزنى تىلەرگە مۇندا كەلمەس.
بۇلارنىڭ ئىلكىدە ئۆلمەك كېرەك بىز،
بۇ مېھنەت ئوتىدا كۆيمەك كېرەك بىز.
ئەگەر ئۆلسەك سۇ تۈبىدە ئۆلەلى،
نەكىم كۆرسەك سۇ تۈبىدە كۆرەلى.
ئېرۇر ئۇشبۇ زەمان فۇرسەت غەنىمەت،
ئېرۇر قاچماق ئۈچۈن بۇ دەم غەنىمەت.»
يىغىپ خاشاك سالى باغلادىلار،
قاچار يولنى كېلىمبان چاغلادىلار.

كېچە بىلەن كېلىبان مىندىلەر سال،
خۇدا، دەپ كىردىلەر دەرياغە فىلهال.

نەچە كۈنلەر كېچە-كۈندۈز يۈرۈبان،
كى جەھد ئېتىپ بۇلار سالىن سۈرۈبان.

### شەھزادە بىر ياخشى جەزىرەگە يېتىپ كەلگەنى

بار ئېردى بىر جەزىرە بەسكى خۇررەم،
يېتىشتىلەر ھېرىپ بىچارەلەر ھەم.
ئەجايىپ ئول جەزىرە سىررى نېئمەت،
چېكىپ ئېردى بۇلار بىسيار مېھنەت.
شۈكۈر قىلدىلارۇ تۇردىلار ئاندا،
ئەجايىب ھەممەلەر كۆردىلەر ئاندا.
كى كۈن تۇغسە كۇمۇش ئالتۇن تۇغادۇر،
يانە كۈن پاتسەلەر ئالتۇن پاتادۇر.

يەنە بىسيار سۇنبۇل، ئۇدۇ ئەنبەر،
تەقى تۈرلۈك يېمىشلەر كۆپ گۆھەرلەر.
قەبۇل قىلدى ئۇلار ئۇشبۇ جەزىرە،
كى قىلدىلار چۇ بىر يەردە ھۇجىرە.
يىغىپ تۈرلۈك يېمىشلەردىن بەتەمام،
قىلىپ قىشنىڭ ياراغىنى سەرەنجام،
چۇ بىر قىش ئۇشبۇ يەردە ئۆمر كەچتى،
غەرىبلەر شىرەۋۇ شەربەتلەر ئىچتى.

### شەھزادە مەيمۇنلار شەھرىگە كېلىپ تۈشكەنى

يەنە بىر كۈن كۆچۈپ ئول مەنزىلىدىن،
تۇرا بىلمەي فەلەكنىڭ مۇشكىلىدىن.
نەچە كۈنلەر يۈرۈپ دىلگىر بولدى،
كى ناگەھ جەزىرە دەستگىر بولدى.
كېلىپ قوندىلار ئاندا نې كۆرەرلەر،
كى قورقۇپ ھەر زەمان ئۆزدىن بارۇرلار.
كى ناگەھ چىقتىلەر بىسيار مەيمۇن،
بارىنىڭ كۆزلەرى خۇن تاسۇ بەرخۇن.
يانادۇر كۆزلەرى مانەندە مەشئەل،
قۇتۇلماس كىم ئۇلاردىن قاچسە ئەشغەل.
كى بىر ھەمدۇنەدۇر مانەندە يولبارس،
كۆرۈپ سەرگەشتەلەرنى تۇردىلار قارس.
تۇتۇپ، ئەلقىسسە، بۇ دىل خەستەلەرنى،
كۆتەرىپ كەتتىلەر ۋابەستەلەرنى.
بار ئېردى شەھرى ھەمدۇنە دېگەن شەھر،

ئەجايىب شەھر پۇر بىچچۇنە-كەم بەھر.
ئالىپ باردىلار ئول سۇلتانلارىغە،
بۇ تاڭسۇق ھەدىيەلەر ئۆز خانلارىغە.
كۆرۈپ سۇلتانلارى ھەيران بولدى،
بۇلارنىڭ ھالىغە گىريان بولدى.
ئۇشۇل سۇلتان چۇ نەسلى ئادەم ئېردى،
ئاڭا بۇ شەھر ئىچىندە ماتەم ئېردى.
قوپۇپ كۆرۈشتىيۇ ئالدى قاتىغە،
ياقىندۇر ئولكىم ئەۋرۇلسە باشىغە.
دېدىكىم: «ئەي پەرى رۇيۇ گۇل ئەندام،
نەھالىڭ بارۇ قىل ئالدىمدا ئىتمام.»
ئايىتتى شاھزادە دەردۇ ھالىن،
تەمام ئەھۋالىنى ھەم قىلۇ قالىن.
بۇكەز سوردى ئانىڭ ھالىنى شەھزاد،
كىم ئول سۇلتان بۇ سۆزدىن قىلدى فەرياد.

### شەھزادە ئۆزىنىڭ ئەسلى ناسەبىنى مەيمۇنلارغا ئايغانى

دېدى: «بىلگىلكى، ئۇممان شەھرىدىنمەن،
مەگەر تۇشتۇم خۇدانىڭ قەھرىدىنمەن،

ئاتامدۇر تەخت ئېگەسى ئاندا، بىلگىل،
كى تۇشتۇم شوخلۇقۇمدىن مۇندا، بىلگىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خەيال ئەتتىم كېزەي ئۇشبۇ جەھاننى،
كۆرەيىن دۇنيادا ياخشى ياماننى.
يۈرۈپ دەريا يۈزىدە سەير ئېتەرمەن،
نەچە كۆنلەر كېزىپ ئۆيگە كېتەرمەن.
مۇخالىف يەل قوپۇپ سىندى كېمەلەر،
چىرىكىم ئۆلدىيۇ ئاقتى نېمەلەر.
سېنىڭدەك يۈرەر ئېردىم تاغۇ تۈزدە،
قالىن مەيمۇن يولۇقتى ئۇشبۇ يەردە.
بۇلارنىڭ پادىشاھى ئۆلگەن ئىكەن،
ئانىڭ تەختىيۇ رەختى قالغان ئىكەن.
بۇلارغە رەسم ئىمىش سۇلتانى ئۆلسە،
خاتۇنغە ياۋۇماسلار يىللار ئۆتسە.
ئانىڭ ئورنىغە سۇلتان كەلمەگۈنچە،
كى بۇ تەخت ئىگەسى خان بولماغۇنچە.
بۇلار ئۆز ئېلىدىن خان قىلماس ئىمىش،
ئەگەركىم بولسە ھەم تىرىلمەس ئىمىش.
چىقارلار ئىمىش ئاندا سەيرى سەھرا،
كېزەرلەر ئىمىش ئاندا چۆلۇ دەريا.
مەنى سەرگەشتە تالىئ ئۇچرامىشمەن،
ئاتام شۇكرىنى گويا قىلمامىشمەن.
ئەگەر كىمكى يولۇقە ئاندادۇر چار،
قىلۇر ئېرمىشلەر ئانى شاھى مۇختار.
يەنە بىر شەھر ئېرۇر ئىتباشى شەھرى،
ماڭا تابىئتۇرۇر سەھرايۇ بەھرى.
ئانىڭ شاھى قىزىن بىزگە يىبەردى،
تەمامى مۈلكۈ مالىن بىزگە بەردى.
باشى ئىتدەك ئۆكۈن ئەئزاسى ئادەم،
ماڭا بولۇپتۇرۇر ئۆلگۈنچە ماتەم.»
بۇلارنى دېدىيۇ يىغلادى بىسيار،
ئۇرار ھەردەمدە يۈز ئاھى دىل ئەفكار.
تۈشۈپتۇرمەن كۆرۈڭ زىندانى غەمغە،
كىشى بارماس ئاتام بىرلە ئاتامغە،
بۇ مەيمۇنلار تىلىنى كىشى بىلمەس،
ئەگەر مىڭ يىل ئۆتەر ھېچ كىشى بىلمەس.
بۇ ئىتباش شاھىنىڭ مەن قىزىن ئالدىم،
مەنى بىچارە بۇ غۇربەتدە قالدىم.
كى ئەي شەھزادە، سەن بولغىل سەرئەفراز،
مېنىڭ ھالىمدۇر ئۇشبۇ ھەم قىشۇ ياز.
بۇلارنىڭ تەختۇ بەختى بىزگەدۇر مەرگ،
قىلىپمەن دۇنيانىڭ ئىشرەتلەرىن تەرك.

## شەھزادەگە شاھى ئىتباش قىزىنىڭ تەئرىف ۋە تەۋسىفىنى قىلغانى

نەچە كۆن تۇردى بۇ شەھزادە ئاندا،
ئېشىتتى شاھى ئىتباش ئول زەماندا،
ئۆيىدە بار ئىدى بىرنەچچە قىزى،
ياساپ ئىتدەك باشى ھەم كۆزۇ يۈزى،
مۇناسىب كۆردىيۇ يىبەردى قىزىن،
ئۇلۇق كۆيەۋگە ھەم بىلدۈردى سۆزىن.
تەمامى مۇلك ھەم تەختىم ئانىڭدۇر،
تەمامى مال ھەم رەختىم ئانىڭدۇر.
كۆرۈڭ سەيفۇل ـ مەلىكنىڭ ھالەتى بىر،
كەتۈردىلەر ئانىڭ ئالدىغە بىر قىز.
باقار شەھزادە ئول قىزنىڭ يۈزىگە،
كېيىكتەك سەسكەنۇر ھەردەم ئۆزىگە.
كۆرۈپ ئول قىز مەلىكزادە يۈزىنى،
كېيىككە ئىت مەگەر تىكتى كۆزىنى.
ئانى بىلمەس نە سۆزلەگەي نە دېگەي،
ياقىندۇركىم ئانى فىلھال يېگەي.
نە سۇھبەتتۇر كېيىككە ئىت قوشۇلسە،
نە دەۋلەتتۇر كېيىكدىن ئىت قۇتۇلسە.
ئىكى كۆن قىز بىلەن ھەمخانە بولدى،
شەمى ئاشىق بۇكەز دىۋانە بولدى.
قىلۇر فەريادۇ ۋاۋەيلا: «نېتەرمەن،
بۇ ئىت چاڭگالىدىن نەچۈك كېتەرمەن.»
مەلىكزادەگە بۇ قىز ھەمنەفەسدۇر،
مەگەر زاغ بىرلە بۇلبۇل دەرقەفەسدۇر.

بىر ئاخىر شاھ چۈن پۈرغۇسسە بولدى،
بۇ مەئنىدىن يۈرەككە قايغۇ تولدى.
كېلىپ ئۇممان شەھىغە يىغلادى زار،
ئاياغىغە تۈشۈپ شاھى دىل ئەفكار.
قىلىپ زارى دېدىكىم: «بىزنى ئۆتكەر،
تەرەھھۇم قىل بەلادىن بىزنى قۇتقار.»
مۇنىڭ زارىلارى تەئسىر قىلدى،
كىم ئول شەھ ھالىغە دەستگىر بولدى.
نەچە كۈن توي ئېتىپ شەھزادەنى ئول،
ئانىڭ كۆڭلىنى ئاۋلاپ، كۆرسەتىپ يول،
ئىچى كۆيۈپ ئىجازەت بەردى ئاخىر،
سالىپ ئاۋازەكىم قاچتى مۇسافىر.
قىغانلار قىلدى ئۇممان شاھى دىلنەڭ،
چۇ كەتتى ئالدىدىن ھەمجىنسۇ ھەمتەڭ.
سەفەر قىلدى ئۇشۇل گۇل بەرگى لالە،
قىلىپ نالە بارىسى تۆكتى جالە.
فەلەكنى كۆر نە تۈرلۈك ئىشلارى بار،
كى بىر ئۇشى ئۈچۈن يۈز نىشلارى بار.

## شاھزادە ئانىدىن كېتىپ بىر ئەجايىب جەزىرەگە ئۇچراغانى

يۈرۈدىلەر نەچە كۈنلەر كېزىپ يول،
تېگىزۇ تاغۇ تۈزۈ ھەم ئۇزۇن يول.
پىيادە يۈرۈيالماي ئول شەھەنشاھ،
يانا دەيارغە تۈشتى كېلىپ ئول ماھ.
يۈرۈر دەريا ئىچىندە دۇررى شاھى،
تېگىزنى قايناتۇر ئول ئۇتلۇغ ئاھى.
بارۇر ئېردىلەر ئالتە ئاي سۇدا،
ھەمىشە مەشغۇل ئېردى زىكرى ھۇدا.
يانا بىر بەررەئى خۇررەم يولۇقتى،
كېلىپ ئۇشبۇ جەزىرە ئىچرە چىقتى.
ئەجايىب جەزرەئى زىيباۋۇ خۇررەم،
ۋەلېكىن ۋەھىمىدىن ئادەمغە ماتەم.
ئەجايىبلار ئىشىتكىل قۇدرەتىدىن،
ئەجەب ئېرمەستۇرۇر خالىق ئاتىدىن.
كېچە بولسە ياغاچلار شۇئلە ئۇرار،
ياشىن ياشناپ چۇ يۈزمىڭ مەشئەل ئۆتەر.
يانا بەئزى ياغاچلاردۇر سەمەردار،
كىشىنىڭ باشلارىدەك مېۋەلەر بار.
يانا بەئزى ياغاچ يىغلاپ ئولۇشۇر،
يانا بەئزىلەرى قەھ-قەھ كۈلۈشۇر.
بىلىڭ ئۇلۇشغانى دارۇلار ئېرمىش،
ھەرارەتىدىن ئۇلار شۇئلە ئۇرارمىش،
نىھايەتسىز يېمىشلەر كۆپۈ جاڭگال،
ئەجايىب كۆپۈ بىھەد ئۇدۇ سەندال.
ۋەلېكىن كۆپ غەيۇر ئافەتلەرى بار
خۇدانىڭ كۆركى نە سەنئەتلەرى بار.
ئانىڭكى بايقۇشى مانەندە بۈركۈت،
ئۇلۇغ قۇشلارىنىڭ تەئرىفىدىن ئۆت.
تەقى ھەر قەرچەسى بىر قارچىغادۇر،
نە قەرچە بولغاي ئولگىم بىر بەلادۇر،
ئانىڭ ھەر تورغايى مانەندە قازى،
تەقى ھەر قۇچقاچىدۇر مىسلى بازى.
زەبۇن جانۋارلاردۇركىم قومۇرسقە،
مۇقابىلدۇر بۇ يەردە يولبارىسقە.
ئانىڭ ھەر تۈلكىسى مانەندە قاپلان،
بۆرىسىن دېگەسەن ئەۋجى ئارسلان.
ئالۇر بولسە كىشى دارۇ ياغاچىن،
مىنەرلەر ئېرمىش ئاتلار مىسلى لاچىن.
ئالىپ بارۇرلار ئېرمىش خام ئىتلار،
يىغلورلار ئىمىش ئىتلارۇ قۇشلار.
تەمامى جانۋاردىن مەشغۇل ئېتەرمىش،
بۇ مەئنى بىرلە نەفئ ئالىپ كېتەرمىش.
تۇرۇپ شەھزادە نەچچە كۈن بۇ يەردە،
كېچە-كۈندۈز ياشۇنۇپ بىركى يەردە،

تەفەررۇجلار قىلىپ ئافەتلەرىغە،
خۇدانىڭ قۇدرەتى سەنئەتلەرىغە.
كېچە بىلەن قاچىپ كەتتىلەر ئاندىن،
ئۆزۈپ مۇتلەق ئۇمىدلەرىنى جاندىن.
خۇدا گەر ساقلاسا تەگمەس ھېچ ئافەت،
خۇدانىڭ زىكرى دائىم جانغە راھەت.
يۈرۈر ئول سارغارىپ چۇن زەئفەراندەك،
سۇ ئىچرە بولۇبان مىسلى خەزاندەك.
كىشىگە ئىشىق ئۆتىدىن ئوت چاقىلسا،
غەمى يوقدۇر جەھانغە ئوت ياقىلسا.

## شەھزادە ئاندىن يەنە بىر ئاجايىب جەزىرەگە كەلگەنى

كۆرۈندى بىر جەزىرە ئۇترۇ ناگەھ،
سۆيۈنۈپ سۈردى سالىن ئول شەھەنشەھ.
تايانىپ كەلدىلەر چىقتىلار ئاندا،
كۆرەرلەر نې ئەجايىبلار جەھاندا.
فەلەكدىن شەمسى ئەنۋەر بولدى غايىب،
كى چىقتى سۇ يۈزىگە مىڭ ئەجايىب.
بولۇپ دەريا يۈزى چۇن باغى رەۋشەن،
چېچەكدەك بولدى يۈزمىڭ شەمئى رەۋشەن
چۇ يۈزمىڭ مەشئەلە سۇدا يېقىلدى،
مەگەر كىم رەئد دەريادا چاقىلدى.
تەقى يۈزمىڭ سەدالار بولدى پەيدا،
بۇلار قورقۇپ بولۇر بىسيارنى يا.
يانا تاڭ ئاتتى ئېرسە بارى پاتتى،
كى دەريا تۆبىگە پاتمىتيۇ كەتتى.
چۇ مەشئەللەر بىلىقلار كۆزى ئېردى،
سەدالار ھەم ئولارنىڭ سۆزى ئېردى.
كى ھەرقايىسى بىر ئۈن بىرلە خۇدا دەر،
ئانىڭ ياددىدا ھەر تۈرلۈك سەدا دەر.
قۇرۇق ھەم جەزرە ئېردى پۈرمۇشەققەت.
يوق ئېردى خارۇ خەسدىن ئۆزگە راھەت.
تۇر الـمادى يانا كۆچتىلەر ئاندىن،
قاناتلىق قۇش كەبى ئۇچتىلار ئاندىن.
ئىكى بىچارە ھەم كۆڭلىن كۆزەتىپ،
يۈرۈرلەر غۇسسەدە ھەمدەملىق ئېتىپ.
ئەجايىب تىشلەپ ئېردى ھەۋلى دەريا،
بۇلار دەر ئېردى: «بىر يەر بولسە پەيدا.
كىم ئاندىن ئۆزگە ھەرگىز كەتمەگەيمىز،
كۆچەر فىكرىنى ئۆزگە ئەتمەگەيمىز.»
بۇ سۆزنى ئايتۇر ئېردى ئىككى يارى،
تېگەر شەھزادەنىڭ باغرىغە خارى.
ئولارنىڭ كۆڭلىگە ھەق سالۇر ئېرمىش،
ئانىڭ ئۈچۈنكى ئاندا قالۇر ئېرمىش

## شەھزادە ئىسفەندىيار جەزىرەسىگە يېتىپ ئىككى چۆرەسى ئۆلگەنى.

ئولار بۇ سۆز بىلە فىكرى تۇرۇردە،
شەھەنشەھ ئاھ ئۇرۇپ زىكرى يۈرۈردە،
كى ناگەھ بىر ئۇلۇغ جەزرە كۆرۈندى،
تۆزەتىپ ساللارىنى ئاڭا سۈردى.
نە جەزرە بولغاي ئول بىر باغى گۇلزار،
لەتىف ئەلۋانۇ تۈرلۈك مېۋەلەر بار.
دەر ئېرمىشلەر ئانى ئىسفەندىيار باش،
تاپىلۇر كۆپ تۈرلۈك مېۋەلەر ئاش.
چۇ كۆردىلەر مۇنۇڭدىن باغۇ بوستان،
دېدىلەركىم: «تۇرارمىز بىر زىمىستان.
بىلۇرمىز ھېچ يەرگە يەتسە بولماس،
مۇنۇڭدەك يەرنى قويۇپ كەتسە بولماس.
خۇدانىڭ خاھىشىن كۆرمەك كېرەك بىز،
نەكىم كەلسە رىزا بەرمەك كېرەك بىز.

کی سەیفۇل ـ مەلىك کوپ ئەندىشە قىلدى،
تەھەممۇل بىرلە سەبرىنى پىشە قىلدى.
چۇ بىر يىل قالدىلار قىلماي تەبەسسۇم،
فىراق ئۇتىيۇ ھەم سۇدىن تەۋەھھۇم.
يۇرۇرلەر غەم بىلەن خۇرسەند بولۇپ،
تىرگمز ئوتراسىدا دەربەند بولۇپ.
قويۇپ دامۇ گەھى قارماق سالۇرلار،
بىرىن ئىككى بالىقلاردىن ئالۇرلار.
يۇرۇرلەر غەم بىلەن بىچارەلەر شاد،
ئۇشۇل غەمكىنلەر ئول غەم بىرلە دىلشاد.
ئانى مۇنچە كۆرەر بىلمەي بۇ گەردۇن،
ئۇلارنىڭ ھالىنى قىلدى دىگەر گۇن،
ئىكىسىنى خۇدا بىمار قىلدى،
کی سەيفۇل ـ مەلىكىنى ئەفكار قىلدى.
مەلىكزادە قىلىپ بىر ئاي تەييار
يۇرۇش قىلدى ئۇلار چۇن ئاخىرى كار.
قىلىپ سەيفۇل ـ مەلىك ھەيران گىريان،
يۇرەكى پارە بولۇپ باغرى بىر يان.
ئۇلارنىڭ دەردىدىن بىسيار كۆيدى،
كۇمۇشدەك كۆكسىنى ئەفكار قىلدى،
غەرىبلەر روھىغە تەكبىر قىلدى،
غەرىب ئۆلمەك بەسى تەئىسىر قىلدى.

## شەھزادە ئاندىن يەنە گىرىفتار بولغانى

كەل، ئەي راۋى، رىۋايەت قىل بۇ گۇفتار،
نىچۇك بولدى مەلىكزادە گىرىفتار.
قويۇپ ئاھ ئۇردىيۇ شەھ پولغە كىردى،
كىلىپ يالغۇز يانا ئول سۇغە كىردى.
كىشى بىلمەسكى ئول قايان بارادۇر،
كىرىپ دەرياغە سەرگەردان بارادۇر.
تىزىدىن كۆتەرە ئالماس باشىنى،
كۆزىدىن ھەم تىيە بىلمەس ياشىنى.
مەلىكزادە ئۇرار ئاھى چۇ دەريا،
قىلۇر ھەردەم بىر ئۆزگە مەۋج پەيدا.
چۇ قوپتى ناگەھان بىر مۇختەلىف يەل،
کی چايقاپ ھەر سارى شەھنى سۇرەرسەل
نىچۇك بولسە ياساغان خارۇ خاشاك،
يىپشىلدى باغلاغان بۇ شادى خەسناك
ئىلىك يۇۋدى مەلىكزادە جانىدىن،
يۇزىنى يۇرگۇزۇ يۇرەك قانىدىن،
بار ئىردى ئاندا بىر ئۇلۇغ ياغاچ،
قۇرۇپ قوبۇلغانۇ ئاق ھەم يالاڭاچ.
ياغاچقە چىقتىيۇ ئولتۇردى ئاندا،
مۇنگدەك مۇبتەلا بارمۇ جەھاندا.
ئۇ كۆرۇپ يەل كەتۇرۇپ ئۇردى ئاڭا،
قويۇپ جان ھەۋلىدە شاھ بولدى ئاڭا.
گەھى ئاستىن باقارۇ گاھى ئۇستۇن،
کیبولدى بىرتۇتام خەس يۇزمىڭ ئالتۇن.
ئۆزىنى بەركىتىپ بولدى گىرىفتار،
ياغاچ ئۇستىدە قالدى شاھ ناچار.
كىچە يۇلتۇز بارى سۇدا كۆرۇنۇر،
بۇ ئىككى كۆك ئاراسىدا كۆرۇنۇر،
ئىچەر خونابەلەر بىر كۇندە يۇزدەم،
ئانىڭ يولى ئىرۇر ھەر دەمدە يۇز غەم.
تۇگەنمەس دۇنيادا ئاشىق بەلاسى،
چۇ بولماسۇن كىشى ئىشىق مۇبتەلاسى.
قىلۇر ئاشىق جانىغە ئىشىق كۆب جەبر،
تاپار مەقسۇدىنى ئاشىق قىلىپ سەبرە،
چۇ دەركىم: «قادىرا، پەرۋەردىگارا،
نىھان سىرلار ساڭا دۇر ئاشكارا.
نە يازدىم، نە يىڭىلدىم ھىچ بىلمەن،
جەفادىن ياخشىلىققە ھىچ كەلمەن
بۇ يەردە ئۆزگە ھىچ تەدبىر يوقتۇر.
خۇدا سەندىن ئۆكۆن دەستگىر يوقتۇر.»
ئىنايەت قىلدى تەڭرى قۇدرەت ئىلە،
خەلاس ئەيلەپ ئانى نە ھىكمەت ئىلە.



قىلۇر ئېردى مەلىكزادە تەزەررۇئ،
ئىنايەت بىرلە ۋۇ رەھمى تەۋەققۇئ،
قۇلاقىغە سەدايى كەلدى ناگاھ،
كۆزىن ئاچىپ يۇقارى باقتى ئول ماھ.
نەزەر قىلدى ھەۋاغە شاھى شەيدا،
كۆرەركىم بىر ئۇلۇغ قۇش بولدى پەيدا.
يازىپ چاڭگالىنى ئول قەسد قىلدى،
ياغاچىنىڭ ئۈستىدە شاھ بەست بولدى.
ئالا بىلمەي كېلىپ ئولتۇردى ئاندا،
ئېرۇر قەسدى ئانىڭ شاھى جەھاندا.
دېدىكىم: «نەچچە خۇنابە يۇتارمەن،
نە بولسام بولايىن قۇشنى تۇتارمەن.
چۇ تۇتتۇم ھەۋلى جان ئىككى ئاياغىن.
تۇتۇپ دېدىمكى: ئىچتىم مەرگ ئاياغىن.

سالىنىپ قۇش ئاياغىغە مەلىكزاد،
يۇقارى ئول قۇشى دەريايى خۇنزاد.
ياپۇشۇپدۇر تىنىشى تىرماغى بىرلە،
ئاسىلىپتۇر تونۇ ئۇپراقى بىرلە.
چۇ بىر كېچەيۇ كۈندۈز ئۇچتى تايىر،
كى بولدى ناگەھان بىرتاغ زاھىر.
يېتىشتى تاغ ئۆپىگە ھەمكى ئول قۇش،
كېلىپ ئاشيانىغە بولۇپكى ئولقۇش.
مەلىكزادە ئانىڭ كۆردى ياراغىن،
تۇشەر تۇشمەس قويا بەردى ئاياغىن.
ھەۋادىن كېلىبان ئول يەرگە چۈشتى،
كىم ئول يەرگە بەسى قاتتىغ ياپۇشتى.
ياشۇندى بىر قاتار بويىندا مەھكەم،
غەمىنى تاپمادى فىلھال ئادەم.

**شەھزادە بىر ئەژدەرنى ئۆلتۈرۈپ ئول قۇشىدىن خەلاس بولغانى**

چۇ ئۆتتى پۇرسەتى، ناگەھ بىر ئەژدەر
بولۇپ پەيدا مۇلىك ئالەمنى تارتار.
دېدى سەيفۇل ـ مەلىككىم: «يا ئىلاھىم،
ئەقى سەندىن ئۆكۈن يوقدۇر پەناھىم.
بويۇن سۇندۇم ئەزەلدە قىسمەتىڭگە،
ساغىنىپمەن ھەمىشە ئىسمەتىڭگە.
بۇ ئەژدەرغەكى ھەر يىل ئادەت ئېردى،
كى بۇ قۇشنىڭ بالاسىن ئول يەر ئېردى.

كۆرۈپ بۇ قۇش يىلانىغە ھەملە قىلدى،
يىلانىنىڭ ئاغزىدىن ئوتلار چاچىلدى.
چۇ قۇشنىڭ ئۆيىگە قەسد ئەتتى ئەژدەر،
كۆرۈپ شەھزادە دەر: «ئاللاھۇ ئەكبەر.»
كۆرۈپ ئەژدەر ياپۇشتى قۇش يىراقدىن،
كېلە ئالماي فىغان ئەيلەر يىراقدىن
مەلىكزادە كۆرۈپ بۇ ھال قۇشقە،
چۇ بەل باغلادى ئەژدەرنى ئۇرۇشقە.

دېدى: «ياۋاقفى سىررۇل – مۇخەففا،
كى يالغۇزلار مۇنىسى سەن خۇدايا.
سېنىڭ زىكرىڭدىن ئۆزگە ئايتارىم يوق،
باشىم بارسۇن يولۇڭدىن قايتارىم يوق.
كى يالغۇزلۇقدا بولدى ھەمدەمىم ئاھ،
باغىر قانىن ئىچىپ شامۇ سەھەرگاھ.
مېنى مىسر ئېلىگە سۇلتان ياراتتىڭ،
ۋەلى رىزقىم يۈرەكدە قان ياراتتىڭ.
ئەگەرچە شاھ ئاتادىڭ بەندە قىلدىڭ،
جەفا تىغى بىلە باغرىمنى تىلدىڭ.
بارى شەھزادەگە راھەت بېرىپسەن،
مەنى بىچارەگە مېھنەت بېرىپسەن،
بارى شەھلەرنى قىلدى ئەلگە لايىق،
مەنى بىدىلنى قىلدىڭ يەلگە لايىق.
بارى شەھزادەنى مەقبۇل قىلدىڭ،
مېنى بۇ سۇرەت ئۈچۈن قۇل قىلدىڭ.
تىرىك يارىمچە سابىرمەن بەلاغە،
ئانىڭ ياددا شاكىرمەن جەفاغە.»
مەلىكزادە كۆرۈپ بىر ھال قۇشقە،
بىلىن باغلادى ئەژدەر ئول ئۇرۇشقە.
بار ئېردى بىر تەبەر-تىيشە بېلىدە،
كەتۈرگەن زەڭگىلەرنىڭ ئەۋۋەلىدە.
تورۇپ شەھزادەكىم ئۇردى بېلىگە،
كى مىررىخ ئافەرىن قىلدى ئېلىنە.
كېسىلدى ئوترادىن ئەژدەر قەلەمۋار،
بۇ قۇشنىڭ دۇشمەنى بولدى نىكۇكار.
كى قۇش كۆردى يىگىتنىڭ زەرب دەستىن،
تەرەھھۇمدىن كۆتەردى، ئەمدى قەسدىن.
ئالىپ چىقتى قۇش ئۆيىگە يىلانىنى،
مەلىكزادەگە تەگرى بەردى جانىنى.
شۇكۇرلەر قىلدى شەھزادە فەراۋان،
ئەتا قىلدى ئاڭا تەگرى ياڭى جان.
كى ساقلار بولسە تەگرى ھېچ بەلا يوق،
ئەگەر ئالەم ياغى بولسە خەتا يوق.

## شەھزادە ئول تاغ ئاراسىدا يۈرۈپ نالە قىلغانى

شەھ ئول قۇشنىڭ قاتىدىن كەتتى پاتراق،
تەنىگە تەگمەدى بىر زەررە تىرماق.
شۇكۇرلەر قىلدى شەھكىم تاغقە تۈشتى،
مەگەر ئول بۇستانۇ باغقە تۈشتى.
بەسى تىشلەپ ئىدى دەريا ھەۋاسى،
ياراشتى جانىغە سەھرا ھەۋاسى.
ئېرۇر خۇش ساز ئېرۇر ئادەمغە تۇفراق،
مەلىكزادە چۇ بولدى لالە ياپراغ.
كى زىيبا دانەدۇر سەبزەيۇ خۇررەم،
تۈشەر ھەر سۇبھىدەم گۈللەرگە شەبنەم،
دىماغىغە ياقار سەھرانىڭ يىدى،
بۇ يالغۇزلۇقدا ھەمدەم كېرەك ئېردى.
ئەجەب ھەيران بولۇپ قاي سارى بارغاي،
كىشى يوقدۇر ئانىڭ ھالىنى سورغاي،
بەسى خوپ تاغ ئېرۇر نېئمەتلەرى كۆپ،
چۇ ھەمدەم يوق ئۈچۈن مېھنەتلەرى كۆپ.
قىلۇر كۆڭلى شەھەنشەھنىڭ ھەۋالار،
ھەۋا بىرلە قىلۇر يۈزمىڭ نەۋالار.
بۇ ھالەتدە نىگارىن ياد قىلدى،
كۆيۈپ ئول نالەئى بۇنياد قىلدى.
دېدى: «يا ۋاقىفا، سىررۇل — خەفىيا،
كى يالغۇزلارغە سەن مۇنىس خۇدايا.
سېنىڭ زىكرىڭدىن ئۆزگە ئايتارىم يوق،
باشىم بارسە يولۇڭدىن قايتارىم يوق.
بۇ يالغۇزلۇقدا بولدى ھەمدەمىم ئاھ،
باغىر قانىن ئىچىپ شامۇ سەھەر گاھ.
مېنى مىسر ئېلىگە سۇلتان ياراتتىڭ.
ۋەلى رىزقىم يۈرەكدە قان ياراتتىڭ.

ئەگەرچە شاھ ئاتادىڭ، بەندە قىلدىڭ،
جەفا تىغى بىلەن باغرىمنى تىلدىڭ.
بارى شەھزادەگە راھەت بېرىپسەن،
مەنى بىچارەگە مېھنەت بېرىپسەن
بارى شەھلەر سىپاھلارى بىلەن شاھ،
مېنىڭ بولدى سىپاھىم غەم بىلەن ئاھ.
بارى شەھلەرنى قىلدىڭ ئەلگە لايىق،
مەنى مىسكىننى قىلدىڭ يەلگە ئاشىق.
بارى شەھزادەنى مەقبۇل قىلدىڭ،
مېنى بىر سۇرەت ئۈچۈن قۇل قىلدىڭ.
بارى شەھزادەلەر قەندۇ شەكەررىز،
مەنى بىچارە مەن خۇنى جىگەررىز.
تىرىك بارىمچە سابىرمەن جەفاغە،
ئانىڭ يادىدا شاكىرمەن بەلاغە،
ئەگەر يۈزمىڭ جەفا قىلسە فەلەكدىن،
يۈز ئۆگۈرمەن تەقى ئوشبۇ تىلەكدىن.
ئىنايەت بىرلە مەقسۇدۇمغە يەتكۈر،
تەرەھھۇم بىرلە مەتلۇبۇمغە يەتكۈر.
چۇ يەلدىن يەلگە سورارمەن خەبەرلەر،
چۇ ئەلدىن ئەلگە ئىشتەرمەن نەزەرلەر.
سەبا، مەندىنكى يەتكۈزگىل سەلامىم،
گۇلىستانى ئىرەمغە بۇ پەيامىم،
ئول ئاندا ناز بىرلە خۇش خىرامان،
مەنى مىسكىن يۈرۈرمەن زارۇ ھەيران.
ئول ئېرۇر تەخت ئۈزرە ئىشرەت ئەنگىز،
مەنى بىدىل بۇ يولدا دىدە خۇنرىز.
ئول ئېرۇر گۇل كەبى باغى ئىرەمدە،
مەنى بىچارە ئۆلەرمەن بۇ غەمدە
ئول ئاندا نازپەرۋەردۇ چەمەندە،
مەنى بىچارەدۇرمەن بۇ جەھاندە.
ئول ئېرۇر كۆللى چىنلەرگە شەھەنشاھ،
مەنى بىكەس غەرىبنىڭ ئىشىدۇر ئاھ.
ئول ئېرۇر بىنتى شەھبال،ئىبنى شەھرۇخ،
مەنى مىسكىن گەدايى ئولدۇ مەھرۇخ.
كۆچۈم يوقدۇر ھەرەمغە يېتەرغە،
ئىلىك يوقدۇر ئېتەكىنى تۇتارغە.
يۈزىنى كۆرگەلى تاپمان ئۆزىنى،
سوراپ ئالەمدە ئېشتەمەن سۆزىنى.
فىراق ئوتىغە كۆيمەككە سەراسەر،
كېچە ـ كۈندۈز ماڭا بولدى بەرابەر.
غەرىبلىق كويىدا ئۆلگۈمدۇرۇر ئاھ،
غېرىبلەر ھالىدىن ئول ئېرمەس ئاگاھ.
مېنىڭ ھالىم بۇ قىشۇ يازۇ كۈزدە،
كېچە ھىجران بىلەن بۇ تاغۇ تۈزدە.
تەلەب يولىغە كىردىم، قايتارىم يوق،
نەچە خۇناب ئىچسەم قانارىم يوق.
تەۋەككۇلنى ساڭا قىلدىم، خۇداسەن،
بارى بىچارەلەرغە رەھنەماسەن.
بارىنىڭ سىررىنى بىلگۈچىسەنسەن
بارىنىڭ يولىنى تۈزگۈچىسە نسەن.
يۈز ئۆگۈرمەن تەقى كۆللى جەفاغە،
ئۈمىدىم كۆپدۇرۇر ئاخىر ۋەفاغە.
مەسەلدۇر ھەر كىشى چەكسە جەفانى،
ئول ئىشىدىن ئاقىبەت كۆرگەي ۋەفانى.

ئابدۇلجىلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# ئىبنى سىنا شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا 980—1037 - يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئىلىم - پەننىڭ تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، لوگىكا (مەنتىق)، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلىرىگە ئائىت ۋە پەندى - نەسىھەتكە دائىر 47 پارچە ئەسەر يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە «ئەل - ھاسىل ۋە ئەل مەھسۇل» 1) (20 جىلد)، «ئەش - شىفا» 2) (18 جىلد)، «لىسانۇل - ئەرەب» (ئون جىلد)، «ئەل - قانۇن» (14 جىلد) قاتارلىق زور ھەجىملىك ئەسەرلىرىمۇ بار. مەزكۇر ئالىمنى بىزنىڭ خەلقىمىز ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى لوقمان ھاكىمدەك ئۇلۇغ تېۋىپ ۋە مەشھۇر ئاسترونوم سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چوڭ ھەجىملىك سەككىز داستان (تىبابەتچىلىك ھەققىدە) ۋە نۇرغۇن غەزەل، رۇبائىي، قىتئەلەرنى يازغان تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكىدىن ئاساسەن بىخەۋەر. شۇڭا بىز بۇ قېتىم خەلقىمىزنى ئالىمنىڭ شېئىرىي مىراسلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىر قانچە غەزەل، رۇبائىي ۋە قىتئەلىرىنى، جۈملىدىن ئالىمنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدە ئۆز ئاغزىدىن شاگىرتى ۋە سەپدىشى ئەبۇ ئۇبەيد ئەل - جۇز جانىي يېزىۋالغان تەرجىمھالىنى بەردۇق.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئۆز ئاغزىدىن يېزىۋېلىنغان تەرجىمھالى:

«ئاتام سالېھ بەلخ① لىق ئىدى. نۇھ ئىبنى مەنسۇر② زامانىدا ئۇ يەردىن بۇخاراغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇخارا ئەتراپىدىكى خورمايسەن③ دېگەن يېزىدا مەمۇرىي ئىشلارغا باشچىلىق قىلىپتىكەن. (خورمايسەن) بۇخارانىڭ ئەڭ يىرىك يېزىلىرىدىن ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ يېنىدا «ئەفشانە» دېگەن يەنە بىر يېزا بولۇپ، ئاتام شۇ يېزىدىن ئانامغا ئۆيلىنىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپتىكەن. مەن شۇ يەردە تۇغۇلغان. كېيىن ئۇكام④ تۇغۇلدى. كېيىن بىز بۇخاراغا كۆچۈپ كەلدۇق. مېنى قۇرئان ۋە ئەدەب (ئىلىملىرىنى)⑤

① بەلخ — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر.

② نۇھ ئىبنى مەنسۇر (976 — 997)- سامانىلارنىڭ ئەمىرى. ئىبنى سىنا «مەباھىس نەفسانىيە» (نەپسانىي بەھسلەر) دېگەن دەسلەپكى پەلسەپىۋى ئەسىرىنى شۇ ئەمىرگە بېغىشلىغان.

③ خورمايسەن — ھازىرقى رامىتان.

④ ئۇكىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد ئىدى.

⑤ ئەدەب ئىلىملىرى دېگەندە تىل قائىدىلىرى، بايان، ئارۇز ۋە قاپىيە قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئوقۇتىدىغان مۇئەللىملەرگە تاپشۇردى. يېشىم ئونغا توشقاندا مەن قۇرئاننى ۋە ئەدەب (ئىلىملىرىنىڭ) كۆپىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىدىم. ئاتام مىسىرلىقلار دەۋىتىنى قوبۇل قىلغانلاردىن بولۇپ، ئىسمائىلىيلاردىن ھېسابلىناتتى. مەن ئۇلارنىڭ نەپس (جان) ۋە ئەقىل ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، نېمە توغرۇلۇق گەپلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتىم، لېكىن قەلبىم بۇنى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇلار مېنىمۇ ئۆز تەلىماتلىرىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار پەلسەپە، ھەندىسە (گېئومېترىيە) ۋە ھىندى ھېسابى ھەققىدە كۆپ گەپلىشەتتى.

[ئاتام] مېنى ھىندى ھېسابىنى بىلىدىغان بىر مىلىچ مالچىغا ئەۋەتىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭدىن [ھىندى ھېسابىنى] ئۆگەندىم. كېيىن بۇخاراغا ئەبۇ ئابدۇللا خاتىلى كېلىپ قالدى. ئۇ كىشىنىڭ پەيلاسوپلۇق دەۋاسى بار ئىدى. ئاتام ئۇ كىشىنى ماڭا تەلىم بېرىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە ئۆيىمىزگە كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇنمۇ مەن فىقھ① بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ خۇسۇستا ئىسمائىل زاھىد دېگەن كىشىنىڭ ھۇزۇرىغا قاتناپ يۈرەتتىم.

شۇنداق قىلىپ مەن تەلەپ قىلىش يوللىرىنى ۋە جاۋاب بەرگۈچىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئۇلاردا جارى بولغان يوسۇندا بىلىۋېلىپ، بۇ ساھەنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلاردىن بولۇپ قالغانىدىم.

كېيىن ناتىلى دېگەن كىشىدىن «ئىساغورى»② كىتابىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ئۇ ماڭا جىنسنىڭ تەبىرى ھەققىدە سۆزلەپ «جىنس نېمە» دەپ سورالسا، «تۈرلۈك نەۋئىلەردىن ئىبارەت كۆپ نەرسىلەرگە جىنس دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ، — دېگىنىدە، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق تەبىر بەردىمكى، ئۇنداق گەپلەرنى [ناتىلى] تېخى ئاڭلىمىغانىكەن. ئۇ ماڭا بەك ھەيران بولدى. ئاتامغا مېنى ئىلىمدىن باشقا نەرسە بىلەن شۇغۇللاندۇرماسلىقنى ئۇقتۇردى.

ئۇ ماڭا قايسى مەسىلە ھەققىدە گەپ ئۇرمىسۇن، مەن بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مەن ناھايىتى مەنتىقىنىڭ ئاددىي مەسىلىلىرىنى ئۇ كىشىدىن ئوقۇدۇم، لېكىن مەنتىقنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنىمۇ ئۇ كىشى بىلمەيدىكەن.

شۇنداق قىلىپ [مەنتىققە ئائىت] كىتابلارنى ئۆز ئالدىمغا ئوقۇشقا كىرىشتىم، ئۇلاردا يېزىلغان شەرھلەرنى مۇتالىئە قىلىشقا باشلىدىم. ئاخىرى مەنتىق ئىلمىنى پۇختا بىلىۋالدىم.

ئۇقلىدۇس③ كىتابىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ باش قىسمىدىن 5 – 6 تېئورمىنى

① فىقھ — ئىسلام قانۇن شۇناسلىقى.

② ئىساغۇرى — ئىساگوگى مەنتىق ئىلمىگە كىرىش. بۇ يەردە پارفىرىنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ ئۇقلىدۇس — ئېۋكلىد — مىلادىدىن ئىلگىرى 315 – 355 – يىللاردا ياشىغان قەدىمكى يۇنان ماتېماتىكى.

ئۇنىڭ ئالدىدا ئوقۇدۇم. ئۇندىن كېيىن كىتابىنىڭ قالغان قىسمىدىكى [مەسىلىلەرنى] ئۆز ئالدىمغا يېشىشكە كىرىشتىم. كېيىن «ئەل — مەجىستى»① گە ئۆتتۇم. ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇپ بولۇپ ھەندەسە شەكىللىرىگە يەتكەندە ناتىلى ماڭا شۇنداق دېدى:

«ئەمدى سەن ئۇنى ئۆزۈڭ ئوقۇپ، ئۆز ئالدىڭغا يېشىشكە ھەرىكەت قىلىۋەر. كېيىن سەن ماڭا ئېيتىپ بېرىسەن. مەن ساڭا توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن».

ئۇ كىشى بۇ كىتابتىن تۈزۈكرەك خەۋەردار ئەمەس ئىكەن. مەن بۇ كىتابنى ئۆز ئالدىمغا ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتىم. ئۇ كىشىگە نۇرغۇن - نۇرغۇن شەكىللەرنى چۈشەندۈرۈپ بەردىم. شۇنىڭغىچە ئۇ شۇ نەرسىلەرنى بىلمەيدىكەن.

كېيىن ناتىلى مېنى تاشلاپ گورگەنچ تەرەپكە كېتىپ قالدى. مەن بولسام «فوسۇس»② كىتابىنى، تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەتكە ئائىت شەرھلەرنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندىم.

مەن ئۈچۈن ئىلىم ئىشىكلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. كېيىن تىببىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىختىيار قىلدىم ۋە ئۇنىڭغا ئائىت كىتابلارنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. تىببىي ئىلىم قىيىن ئىلىملەردىن ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن بۇ [پەندە] ناھايىتى ئىلگىرىلەپ كەتتىم، ھەتتا بىلىمدان تېۋىپلارمۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مەندىن دەرس ئالىدىغان بولدى. كېسەللەرنىمۇ كۆرۈپ تۇردۇم ۋە [شۇ يوسۇندا] قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرىم نەتىجىسىدە داۋالاش ئىشىكلىرى ماڭا شۇ قەدەر كەڭ ئېچىلىپ كەتتىكى، ئۇنى تەرىپلەپ بېرىش تەس.

شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزەن فىقھنى ھەم ئۆگىنىشنى داۋام قىلدۇراتتىم. شۇ چاغدا مەن 16 ياشتا ئىدىم. كېيىن يەنە بىر يېرىم يىل ئىلىم ۋە مۇتالىئەگە بېرىلدىم. مەنتىق ۋە پەلسەپىنىڭ ھەممە قىسىملىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ چىقتىم. شۇ ۋاقىتلاردا مەن بىرەر كېچىمۇ تولۇق ئۇخلىمايتتىم، كۈندۈزلىرىمۇ ئىلىمدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بىلەن شۇغۇللانمايتتىم. [مەنتىققە ئائىت] روشەن ۋە ئېنىق بىر قانچە [قائىدىلەرنى] جەملىدىم. ھەربىر ھۆججەتنى تەكشۈرۈۋاتقىنىمدا بىر قانچە قىياسىي مۇقەددىمىلەرنى ئىسپات قىلىپ، ئۇلارنى شۇ روشەن [قائىدىلەر] نۇقتىئىنەزىرىدىن تەرتىپكە سالاتتىم. كېيىن ئۇ مۇقەددىمىلەرنىڭ شەرتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇلاردىن چىقىدىغان خۇلاسىگە قارايتتىم. ئاخىرى بۇ مەسىلىدە ھەممە نەرسىنىڭ ئەسلى — ماھىيىتى ماڭا ئايان بولۇپ قالاتتى.

ئەگەر بىرەر مەسىلىدە بېشىم قېتىپ، قىياسەن ئوتتۇرىچە تەرىپىنى تاپالمىسام، جامائە مەسچىتىگە بېرىپ ناماز ئوقۇپ، ياراتقۇچىغا يالۋۇراتتىم، نەتىجىدە قاراڭغۇ نەرسىلەر ماڭا ئايدىڭلىشىپ، مۇشكۇللەر ئاسان بولاتتى.

كەچقۇرۇن ئۆيۈمگە قايتىپ كېلەتتىم - دە، ئالدىمغا چىراغنى قويۇۋېلىپ، پەقەت ئوقۇش

① ئەل - مەجىستى — قەدىمكى يۇنان ئاسترونومى «پتولېمېي» نىڭ (11 - ئەسىر) «ئەلمەگىست» ناملىق ئەسىرى.

② ئەل - فوسۇس — بۇ يەردە پەيلاسوپ فارابىنىڭ «فوسۇس - ئەل - ھەكەم» («پەلسەپىنىڭ قىممەت باھا تاشلىرى») ناملىق ئەسىرى ھەققىدە سۆز بولۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە يېزىش بىلەنلا بەند بولاتتىم. مۇبادا ئۇيقۇ باسسا، ياكى ئۆزۈمنى ھارغىن ھېس قىلسام، قۇۋۋەتنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بىر قەدەھ شاراب ئىچىپ، كېيىن يەنە ئوقۇشقا چۈشەتتىم. ئەگەر بىرئاز ئۇيقۇغا كەتسەم چۈشۈمدىمۇ شۇ ئوقۇمدىكى مەسىلىلەرنى كۆرەتتىم ۋە كۆپ مەسىلىلەر چۈشۈمدە ئايان بولاتتى. ئەنە شۇ تەرىزدە ھەممە ئىلىملەرنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ ئالدىم ۋە ئۇلاردىن ئىنسان ئىمكانىيىتى دەرىجىسىدە خەۋەردار بولدۇم. شۇ ۋاقىتتا بىلگەنلىرىم ھازىر بىلگەنلىرىمچىلىك ئىدى؛ بۈگۈنكى كۈنگىچە [شۇ بىلگەنلىرىمگە] بىرەر نەرسە قوشۇلمىدى.

شۇ يوسۇندا مەنتىق، تەبىئەت، ماتېماتىكا ئىلىملىرىنى پۇختا ئۆگىنىۋالدىم. كېيىن ئىلاھىيەتكە ئۆتۈپ «مابائىدە ـ تەبىئە»① نى ئوقۇشقا كىرىشتىم. لېكىن ئۇنىڭدا نېمىلەرنىڭ دېيىلگىنىنى چۈشىنەلمەيتتىم ۋە كىتاب يازغان كىشىنىڭ مەقسىتى مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ ئىدى. ھەتتا ئۇنى قىرىق بىر قېتىم ئوقۇدۇم ۋە ماڭا ياد بولۇپ كەتتى. لېكىن شۇنداقمۇ مەن كىتابنى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمىدىم. ئاخىرى ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، «بۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان كىتاب» دېدىم.

ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناماز ئەسىر بىلەن كىتابپۇرۇشنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدىم. ئۇ يەردە بىر دەللال مۇقاۋىلانغان بىر كىتابنى قولدا تۇتۇپ ئۇنى ماختاۋاتاتتى. ئۇنى ماڭىمۇ كۆرسەتتى. مەن بۇ ئىلىمدىن پايدا يوق، دېگەن خىيالدا ئۇنىڭغا قىيا باققىمۇ كەلمىدى، رەت قىلدىم. دەللال ماڭا: «بۇ كىتابنى سېتىۋال، نەرخى ئەرزان، ئۈچ دەرھەمگە بېرىمەن، ئىگىسى پۇلغا موھتاج ... — دېدى. مەن كىتابنى سېتىۋالدىم. قارىسام بۇ ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ ھېلىقى «مابائىدەئەت تەبىئە» دېگەن كىتابىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە يازغان ئەسىرى ئىكەن. ئۆيگە قايتىپ، دەرھال ئۇنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. كىتاب ماڭا ياد بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭ مەقسەتلىرى ماڭا دەرھال ئايان بولدى. بۇنىڭدىن ئاجايىپ خۇرسەن بولۇپ كەتتىم ۋە تەڭرى تەئالاغا شۈكرى ئېيتىپ، ئەتىسىلا كەمبەغەللەرگە ئاز ـ تولا سەدىقە بەردىم.

بۇ چاغدا بۇخارانىڭ پادىشاھى نۇھ ئىبنى مەنسۇر ئىدى. كۈتۈلمىگەندە ئۇ بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، تېۋىپلار ئۇ ھەقتە بىر پىكىرگە كېلەلمەپتۇ. كۆپ ئوقۇيدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن نامىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار پادىشاھقا مېنىڭ ھەققىمدە گەپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن مېنى چاقىرىشنى سوراپتۇ. مەن بېرىپ [تېۋىپلار بىلەن] بىللە [شاھنى] داۋالاشقا قاتناشتىم ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا تونۇلدۇم.

بىر كۈنى شاھتىن كۈتۈپخانىسىغا كىرىشكە ۋە ئۇ يەردىكى تىبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىشقا رۇخسەت سورىدىم. شاھ ماڭا رۇخسەت بەردى. مەن كۆپ خانىلىق كۈتۈپخانىغا كىردىم. ئۇنىڭ ھەربىر خانىسىدا نۇرغۇنلىغان كىتاب ساندۇقلىرى بار ئىدى ۋە كىتابلار ئۈستى ـ ئۈستىگە تەقلەپ قويۇلغانىدى. خانىلارنىڭ بىرىدە ئەدەب

① بۇ يەردە ئارستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا» كىتابى نەزەردە تۇتۇلغان.

كىتابلىرى، شېئىرلار بولسا، يەنە بىردە فىققىگە ئائىت [ئەسەرلەر] بار ئىدى. ئەنە شۇ تەرتىپتە ھەربىر خانىغا مەلۇم بىر پەنگە دائىر كىتابلار [قويۇلغانىدى]. مەن ئۇ يەردە بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئالىملار كىتابلىرى روييختىنى ئوقۇپ چىقتىم ۋە ئۇلاردىن كېرەكلىرىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ يەردە شۇنداق كىتابلارنى كۆردۈمكى، كۆپچىلىك ھەتتا ئۇلارنىڭ نامىلىرىنىمۇ ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك. ئۆزۈممۇ ئۇلارنى بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇچراتمىدىم. شۇ كىتابلارنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر مۇئەللىپنىڭ ئىلمىدىكى دەرىجىسىنى بىلىۋالدىم.

يېشىم 18 گە بارغاندا بۇ ئىلىملارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ بولغانىدىم. شۇ چاغلاردا ئىلىمنى كۆپرەك يادىمدا ساقلاپ قالاتتىم. ھازىر بولسا، ئىلمىم كۆپرەك يېتىلگەن، ئەمما بىلىم بىرلا ۋە شۇندىن بېرى ماڭا يېڭى بىر نەرسە قوشۇلغىنى يوق.

ئەبۇلھەسەن ئەل - ئادۇزىيى دېگەن بىر قوشنام بار ئىدى. ئۇ مەندىن بۇ ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر كىتاب يېزىپ بېرىشىمنى سورىغانىدى. مەن ئۇنىڭغا «ئەل - مەجمۇئى» (توپلامى) نى تۈزۈپ بەردىم. ئىسمىنىمۇ شۇنداق «توپلام» دەپ قويدۇم. ئۇنىڭغا رىيازىيات (ماتېماتىكا) تىن باشقا ھەممە ئىلىملەرنى كىرگۈزدۇم. شۇ چاغدا مەن يىگىرمە بىر ياشتا ئىدىم.

خارەزمدە تۇغۇلغان ئەبۇ بەكرى ئەل - باراقى دېگەن يەنە بىر قوشنام بار ئىدى. ئۇ كىشى تەبىئەتەن فىقھ بولۇپ، فىقھ، تەپسىر ۋە زاھىدلىقتا يىگانە ئىدى. شۇ كىشى مەندىن كىتابلارغا شەرھى يېزىپ بېرىشىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا يىگىرمە جىلدچە كېلىدىغان «ئەل ھاسىل ۋە ئەل - مەھسۇل» دېگەن كىتاب يېزىپ بەردىم. بۇنىدىن تاشقىرى ئۇنىڭغا ئەخلاققا دائىر يەنە بىر كىتاب يېزىپ بەردىم. نامىنى «كىتابۇل - بىررۇۋەل - ئىسىم» («ساخاۋەت ۋە جىنايەت ھەققىدە كىتاب») دەپ قويدۇم. بۇ ئىككى كىتاب ئۇندىن باشقا ھېچ كىشىدە يوق. چۈنكى ئۇ كىشى ئۇلاردىن نۇسخا كۆچۈرۈپ ئېلىش ئۈچۈن ھېچكىمگە بەرمىگەن.

بۇ ئارىدا ئاتام ۋاپات بولۇپ① ئەھۋالىمدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. سۇلتان ھۇزۇرىدىكى ۋەزىپىلەردىن بىرىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. كېيىن زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بۇخارانى تەرك قىلىشقا، گورگەنچ② تەرەپكە كۆچۈشۈمگە توغرا كەلدى. ئۇ يەردە ئىلىم سۆيەر ئەبۇل - ھۇسەيىن ئەس - ساھلى ۋەزىر ئىدى. ئۇ يەرنىڭ ئەمىرى ھۇزۇرىغا باردىم. ئەمىر ئەلى ئىبنى مەئمۇن③ ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ئۈستۈمگە تەيلەسون④، ۋە تەختە ئولخەنەك⑤ لىك پېقىرلەر كىيىمىنى كىيىۋالغانىدىم. مەن ئۈچۈن ماڭا ئوخشى-

---

① ئىبنى سىنانىڭ ئاتىسى 1002 - يىلى ۋاپات بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇئەلى 22 ياشتا ئىدى.

② گورگەنچ — خارەزم ئۆلكىسىنىڭ قەدىمكى پايتەختى.

③ قەلى ئىبنى مەئمۇن — 997 — 1009 - يىللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان خارەزم شاھى.

④ تەيلەسون — شەيخلەر بويىنىغا ئورايدىغان كەڭ شارپا.

⑤ تەختە ئولخەنەك (سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى ئېڭەك ئاستى) سەللىنىڭ بىر ئۇچىنى ئېڭەك ئاستىدىن چىقىرىپ ئوراش ئۇسۇلى.

غانلارغا يېتەرلىك مىقداردا ئايلىق تەيىن قىلىشتى. كېيىن زۇرۇرىيەت نىسا① غا كۆچۈشۈمگە مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭدىن ئۇبىۋەد② گە، ئۇنىڭدىن تۇسقا، ئۇنىڭدىن شىققانغا، ئۇنىڭدىن سەمەنقانغا، ئۇنىڭدىن خوراسان چېگرىلىرىدىكى جاجۇرم③ گە، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇنجانغا [كۆچتۇم]. مەقسىتىم ئەمىر قابۇسنىڭ④ ھۇزۇرىغا بېرىش ئىدى. شۇ پەيتتە قابۇسنى تۇتۇپ قەلئەلەرنىڭ بىرىگە قاماپ قويۇشتى ۋە شۇ يەردە ئۆلدى. كېيىن دېھىستانغا كەتتىم. ئۇ يەردە قاتتىق كېسەل بولۇپ قالدىم. شۇڭا يەنە جۇرجانغا قايتىپ كەلدىم. ئۇ يەردە ماڭا ئەبۇ ئۇبەيد ئەل-جۇزجانى كېلىپ قوشۇلدى. شۇ ۋاقىتتا ئۆز ھالىمنى ئىپادىلەيدىغان بىر قەسىدە يازدىم. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى بېيىتمۇ بار ئىدى:

مەن ئۇلۇغ بولغاندا سىغدۇرالمىدى ھەم كەڭ شەھەر،
قىممىتىم ئاشقاندا بۇ ئۆمرۈم خەرىدارسىز ئۆتەر،

## غەزەللەر

بولۇرمەن ئاخىرى مەجنۇن، يۈرەك سىرنى تۇتۇپ پىنھان،
مېنىڭ كۆرگەنلىرىم كۆرمەس نە دىۋە، جىن ۋە يا ئىنسان،
ھالاكەتكە گىرىپتار بولمىسام ئاخىر بۇ ئىشلاردىن،
زەھەر تىل ئىغىغا قارشى تېپىلماس ھېچ بىرەر قالقان،
مېنىڭ توغرامدا قوشنىلار بېخىللىق بىرلە ئويلايدۇ:
«خەسىسلىكتىن سۆڭەكنى ئۆزىنىڭ ھەم سورار ھەرئان»،
ئەقىل رەد ئەيلىگەي تۆھمەت ئوقىنى قانچە ياغدۇرسۇن،
قىيىن ئىش بولمىغاي ھەرگىز كۆتۈرسۇن خالىسا ئىسيان،
ئەگەر ھەل بولمىغى مۈشكۈل بىر ئىش پەيدا بولۇپ قالسا،
ئۇ مەيداندا كۆرۈنمەيدۇ بىرەرمۇ گەپتە چوڭ پالۋان،

* *

جايلىرى يادىمغا كەلتۈرمىش ئۇلارنى دەممۇ دەم،
ئۆزگىرىپتۇ، يوق بولۇپتۇ ھېچ بىلىپ بولمايدۇ ھەم،
سەل ۋە يامغۇرلار يۇيۇپتۇ مەنزىلىنى پاكىزە،

① نىسا — ھازىرقى تۈركمەنىستانىدىكى بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى.
② ئۇبىۋەرد — بەزىدە «ۋۇۋەرد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، جەنۇبىي تۈركمەنىستاندىكى بىر شەھەر.
③ تۇس، شىققان، سەمەنقان، جاجۇرم — خوراساندىكى شەھەرلەرنىڭناملىرى.
④ قابۇس — شەمسۇلمەئالىي قابۇس ئىبنى ۋۇشماگىر (بەزى مەنبەلەردە ۋاشمەگىر)، جۇرجانىنىڭ ئەمىرى.

كۆز يۇرەك قانى بىلەن يۇزلەرنى يۇغاندەك شۇ دەم.
ئول ئەسەرلەرمۇ يوقالدى ھەمدە ياشلىقىم مېنىڭ،
چاچىم ئاقى كەلدى غالىب، ئىككىسى چەكتى ئەلەم.
قېرىلىقتىن چىن نىشاندۇر ئىككى ماڭلاي ئاقلىقى
دەيدۇ ياۋۇزدىن ئۇلار قورقۇپ: «ھەزەر قىل، ھەي ئەدەم!».
دېسە گەر: «ساقال بوياپ» دەيمەن «بۇ ئىش ياخشى ئەمەس»
چۈنكى ئاجراتماس ئەجەل ئاق يا قارا رەڭ بولسا ھەم.

*　　　　*

سۈپسۈزۈك مەي ھەقىقەتتە ئۇدۇر رۇھنىڭ غىزاسى،
چېچەك، گۈللەردىن ئۇزدۇر ھەم بۇيى، رەڭگى، ساپاسى.
گۆھەردەك چاقنىسا، ياقۇت ۋەيا لەئلى سۈپەت بولسا،
كىمىكىم ئىچسە بىر جام باشىغا قونغاي ھۇماسى.
قۇيۇلسا تاك بىلەن، خۇشتارلىرىنىڭ جامىغا «قۇلت ـ قۇلت»
يېقىملىق بارچە ئاۋازدىن، يېقىملىقتۇر ساداسى.
ئاتا پەندى كەبى ئاچچىق ۋە لېكىن پايدىسى سانسىز.
نادان دەر ساختا ئەمما بۇدۇر دانا راۋاسى.
ئەقىل پەتىۋاسى شۇنداقكىن: ھالالدۇر ئىچسە دانالار،
لېكىن ئەخمەققە مەكرۇدۇر ئۇنىڭ كەيپى ـ ساپاسى.
بىلىمدانغا ھالالدۇركى، ھارامدۇر ئەھلى نادانغا
پۈتۈن ياخشى ـ يامانىنى ئاجرىتار مەينىڭ زىيا③سى.
ھارام بولمىش شاراب ئالەمدە راست ئەسلى جاھىلغا،
ئىچتى جاھىل نەچچە رەت بولدى ئۇ مەينىڭ ئاداسى.
ئەگەر ئەبلەخ شاراب ئىچسە گۇناھى ھەددىدىن ئاشقاي،
تىلىدىن لاپ ياغاركى ئۆزگىرىپ ئوي، مۇددىئاسى.
ئەبۇ ئەلى تىنىق مەينى گويا ھاكىم كەبى ئىچ
خۇدا ھەققى شۇدۇر ھەقنىڭ يولىن تاپماق دەۋاسى.

*　　　　*

نەچچە كۈندۇر ياشىدىم ئۇشبۇ جاھاندا سالامەت،
توپىسى ھەم شامىلىغا قىلىپ ھەمدە كۆپ تاقەت.
بىر مىنۇتلۇق ئىلتىپاتۇ يەنە پات ـ پات قەھرىدىن،
پاك بۇ جانغا ئوت تۇتاشتى، تۇتاشتى بەك قاباھەت.
ئەقىلسىزنى ماختىدىم ھەم بەزىدە تەمە بىرلەن،
گاھىدا ئاقىلنى قىلدىم ھەجۋىي بىلەن مالامەت.
كۆيدى دىل ئوتتا، ئۇنى مەن يالقۇنلاتتىم تېخىمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆز يېشىم بەردى بۇ ئوتتىن، بەردى ئىسپات، شاھادەت،
باسالمىدىم نەپسىمنى ھېچ، ئارزۇيۇم ئىسيان قىلىپ،
شاد ـ خورام بولدۇمۇ ئەمما ئارقىسىدىن خىجالەت.
ئاخىرى ئاخىرقى مەنزىلگە بېرىپ يەتتى ئۆمۈر،
نېمە ئەكسەم شۇنى ئالدىم، شۇنى ئالدىم ئاقىۋەت.
قايتتى يەنە گەۋھەردىم ئۆز ئەسلىگە، ئۆز ئەينىگە،
يەنە ساق بولدۇم كېتىپتۇ بارلىق مەندىكى ئىللەت.
ھېچ كىشى بىلمەس مېنى مەن قايدا كەتتىم، قايدا مەن،
نەگە كەلدىم، مەن ئۆزۈممۇ بۇنى بىلمەسمەن پەقەت.

*　　　*

دىلىڭنى دۇنيا غېمىدىن جۇدا قىلۇرسەن،
باقىلىق ئۆيدە كەيپى ـ ساپا قىلۇرسەن.
ئەگەر ئاھۇ رىيازەتتە ئۆتسە كۈنلىرىڭ،
دىلىڭ گۆدرىتىنى پاكۇ تازا قىلۇرسەن.
ھەۋەس مەنزىلگاھىدىن كېتەلىسەڭ يىراق،
بېھىشنىڭ باغىدا بەلكىم ناۋا قىلۇرسەن.
ئۆز تەشۋىشلىرىڭدىن خالاس بولالىساڭ گەر،
پەلەك تەشۋىشلىرىنى ھەم بەجا قىلۇرسەن.
لېكىن بارلىق كىشى قادىر ئەمەس بۇ ئىشقا
سېنىڭدەك نازىنىن قانداق ئادا قىلۇرسەن.
ئېھتىمال قول ـ ئايىقىنى باغلىيالايسەن جىم،
نە ئامال رەڭگى ـ روھىنى پانا قىلۇرسەن.
مىسالى ئەلى دىل ئۆز خەلقتىن بولغىن دەرۋىش
شۇندىلا پەيلۇ دىلىڭنى دەريا قىلۇرسەن.

## رۇبائىيلار

ساقى، جەننەتى ساپ زۇلالىڭ قېنى؟
ھەق كۆرۈنەر ئەينەك مىسالىڭ قېنى؟
ئىچمىنى تازىلاپ يۇيۇش نىيىتىم،
چولاق قومغان، سۇنۇق ساپالىڭ قېنى؟

*　　　*

گاھى شاراب ئىچسەم خاملىقتىن نىشان،
ئۆزۈلدۈرمەي ئىچسەم بەدناملىقتىن نىشان.
مەيىنى شاھ يا ئاقىل، دانا بولساڭ ئىچ،
بولمىسا دۈشمەنگە زاڭلىقتىن نىشان.

*　　　*

مەي مەستكە دۈشمەنۇ ھوشيارغا ياردۇر،
ئاز بولسا ھۇزۇرى، كۆپى ئازاردۇر.
كۆپ بولسا زىيىنى ئاز ئەمەس ئۇنىڭ،
ئاز بولسا ئۇندا كۆپ مەنپەئەت باردۇر.

*          *

مېنى كاپىر قىلماق ئەمەستۇر ئاسان،
ھەممىدىن كۈچلۈكرەك مەندىكى ئىمان.
يۈز يىلدا بىر كېلۇر مەن كەبى ئىنسان،
دېمەك بۇ دۇنيادا يوق بىر مۇسۇلمان.

*          *

غەم ـ دەردتىن قالمىدى ھېچبىر تاقىتىم،
تەڭرى، بەر ماڭا مەي ئۇرۇر راھىتىم.
ئىشقىڭ دەردىگە شىپاتەك قىزى
داۋا تاپسۇن ئۇنىڭدىن دىل جاراھىتىم.

*          *

ياشلىق ئىشىن قىلىپ بولماس قېرىغان زامان،
قېرىلىقىڭ ئايان بولۇر، قالمايدۇ پىنھان.
نېمە قىلساڭ قىلىۋەردىڭ قاراڭغۇ تۈندە
ئايىئاق تاڭدا ئۇئىشلارغا يول يوق ھېچقاچان.

*          *

ئەي قۇياش يوق سەندەك كەزگۈچى ئالەم،
ماڭمۇ يول كۆرسەت يولۇچى مەن ھەم.
مۇھەببەت يولىدا كۆردۈڭمۇ بىرەر —
يۈزدە غەم، دىلىدا دەردى يوق ئادەم.

*          *

ھېچبىر گەپ قالمىدى مەلۇم بولمىغان،
قالدى سىر بەكمۇ ئاز مەفھۇم① بولمىغان.
بىلىمىم ھەققىدە ئويلىسام چوڭقۇر،
بىلدىمكى، ھېچنەرسە مەلۇم بولمىغان.

*          *

ياخشىدۇر كەتمەستىن ئۇشبۇ جاھاندىن،
خالاس بولسا ئەقلىڭلار ھەر پۇشايماندىن.
قولۇڭدىن كەلگەننى قىلىشقا ئەتە —
ئاجىزسەن پايدىلان بۈگۈن ئىمكاندىن.

*          *

ئۆتۈپ كەتتى ياشلىق — ئۆمرۈم باھارى،
ھايات سەرمايىسى بەلىنىڭ مادارى.

چاچلىرىم ئاقاردى، ئۈمىد كۆكرىكى
ئاق سۈت بەرمەس، قۇيار قاپقارا دارى.

*          *

ئۆزىنى دانا دېگەن ئۈچ ـ تۆت نادان،
قىلۇر ئىشەك تەبىئەتىن نامايان.
ئۇلار بار سۆھبەتتە سەن ھەم ئىشەك بول
بولمىسا «كاپىر» دەپ قىلىشار ئېلان.

*          *

قارا يەر ئاستىدىن تا ئۈستى زۆھەل
كائىنات سىرىنىڭ بارىن قىلدىم ھەل.
كۆپ مۇشكۇل تۈگۈننى چۈشەندىم، يەشتىم،
يېشىلمەي قالغىنى بىرغىنا ئەجەل.

*          *

ھەي، كاشكى بىلسەمدىم، مەن قانداق ئىنسان،
ئالەمدە نە ئىزدەپ مۇنچە سەرگەردان.
كېرىكىم بولسا گەر ياشىسام خەندان
بولمىسا مىڭ كۆزدىن ياش تۆكسەم شۇئان.

*          *

دىل بۇ چۆل ئىچىدىن قانچە چاپمىدى،
قىرىقتا بۆلۈندى، بىر قىل تاپمىدى.
قەلبىمدە مىڭ قۇياش نۇر چاچتى، ئەمما
كامالغا زەررىچە ھەم يول تاپمىدى.

*          *

دوستۇم دۈشمىنىڭگە بولۇپتۇ مېھمان،
ئۇ بىلەن بىر موماي ئەمدى ھېچقاچان.
ھەزەر قىل شەكەردىن زەھىرى بولسا،
پاشىدىن قاچ، قونۇش جايى گەر يىلان.

*          *

ئەرسىلەردىن گويا قالماس نام ـ نىشان
لېكىن خەزىنىگە يىغىندۇ زامان.
چەرخ يەنە خۇددى شۇ ھالەتكە كەلسە
ئۇلارنى پەردىدىن چىقىرار دەۋران.

---

① مەفھۇم — پەملەنگەن، چۈشىنىلگەن مەنە.

www.uyghurkitap.com



*  *

ياخشىيۇ ـ ياماندىن قىلىپ ئار بىز،
ھەق ئىلتىپاتىدىن ئۈمىدۋار بىز.
لۇتۇف ئەتسەڭ قىلغان ئىش قىلمىغان بولۇر،
يا ھېچبىر گۇناھسىز گۇناھكار بىز.

*  *

ھەق جاھانىنىڭ جىندۇر، بەدەندۇر جاھان
پەرىشتىلەر بۇ تەنگە سەزگۈ بىگۇمان.
جىسىملارنىڭ ھەممىسى مەۋالىد① ئەزا
شۇدۇر بارلىق، قالغىنى خىيالۇ يالغان.

## قىتئەلەر

ئالەمگە قاراڭغۇ چۇشۇرمەك بولۇپ،
ئۆرۈمە چېچىنى يايغان ئىدى يار.
ۋە لېكىن جامالى نۇرلىنىپ كېتىپ،
مەقسەتكە يېتەلمەي قالدى ئۇ نىگار.

*  *

سۆيگىنىنى يوقىتىپ مەن يۈرۈيمەن،
قارا كىيىپ، ماتەم تۇتۇپ ئالەمدە.
قاراڭغۇ تۈن نېمىسىنى يوقاتقان
نېچۈك قارا كەيمىش ئۇشبۇ ئالەمدە.

*  *

ئەتراپىنى جاھالەت قاپلىغان چاغدا،
باغرىڭنى زامانە قىلۇر قارا قان.
ئۆيۈڭنىڭ يېنىدا دېڭىز بولسىمۇ،
ئۇچۇمۇڭ ياقۇتقا تولمايدۇ ئاسان.

*  *

ئالەمگە ئوخشاشلا باستىم مەن قەدەم،
قارىشىمدا ھەممىسى بولدى نامايان.
«تووۋا!» دەپ ئۇچلىسام ساقىلىمنى، شۇ ــ
ساقالدىن باشقىسى بولمىدى ئايان.

*  *

تەقدىر گەردىشىدىن ۋە پېشانەمدىن،
خۇداغا قىلاي مەن ئەمدى شىكايەت.
ياشلىقىمنى ئالدى، ئۆزى نەۋقىران
بىر ماگىنىت بولدۇم مەن، تومۇرۇم زەخمەت.

*  *

ئاتىلىق ھېكمىتى شۇدۇركى بىلسەڭ،
بارىنى پەرزەنتكە بېرىش بىمىننەت.

ئاتىدىن نارازى بولمىسۇن پەرزەنت
زامانە بېشىغا كەلتۇرسە غەم ـ دەرد.

*  *

قېرىلىقتۇر كەتكەن ھايات نىشانى،
ئەمما چەكسىز دىل ئارزۇسى، ئارمىنى.
دىلدا غۇرۇر، ئارزۇ، تىلەك كۆپ لېكىن،
تۈگىمەكتە ھايات شۇدۇر يامىنى.

*  *

سورىسا ھەر كىم سىرىڭنى ئېيتمىغىن پىنھانە تۇت،
ھەر كىمىكى سۆزلىدى ئاز كۆڭلىدە چوتۇسى بار.
بولسا پىنھان گەر سىرىڭ ئىچىڭدە سېنىڭ ئەسىرىڭ،
ئۆزۈڭ ئۇڭا ئەسىرسەنكى قاچان قىلساڭ ئاشكار.

*  *

ئالىي مەقسەتلەرگە يەتمەكلىك ئىدى مەيلىم مېنىڭ،
بەك تۆۋەن مەرتىۋىگە رازى ئەمەسمەن ھېچقاچان.
يا يېتەرمەن مەقسىتىمنىڭ چوققىسىغا ئاخىرى
يا بۇ يولدا شۇم ئەجەلدىن تاپقۇسى ئارام بۇ جان.

1981 ـ يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ شېئىرلىرى ۋە تىببىي داستان» ناملىق توپلامدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

① مەۋالىد ــ بارلىققا كەلگەن نەرسىلەر؛ تۇغۇلغانلار؛ پەرزەنتلەر.

# ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا *

دىلبەر روزىيېۋا [سوۋېت ئىتتىپاقى]

ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش — ئۇنى پاسسىپ ھالدا تەكرارلاش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنى روشەن تەسۋىرىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، فۇزۇلىدىن كېيىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋر ئىچىدە «خەمسە» سېيۇژىتلىرى ئاساسىدا ئەسەر يېزىپ ئۆز قەلەم كۈچىنى سىناپ كۆرگەن شائىرلار ئىچىدە نەۋائىنىڭ غايىلىرىنى يۇقىرى چوققىغا كۆتۈرەلىگەن ۋە ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان سەنئەتكارلارنىڭ بىرى شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىدۇر.

ئۇستازدىن ئۆگىنىش، تەسىرلىنىش دېگەن سۆز ئىجادىيەتتە ئۇنىڭغا تەقلىدلىشىش، ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلىشىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تەسىرلىنىش ئىجادىي خاراكتېردا بولغاندىلا، ئۇ شاگىرتقا شۆھرەت كەلتۈرىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتى پەقەت تەسىرلىنىشكىلا باغلاپ قويۇلسا ۋە شۇ مەنىدىلا ئىزاھلانسا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى كەمسىتىش ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرگە ئالماسلىق خاھىشى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق خاھىشلار ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى بەزى ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە كۆرۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەسىر مەسىلىسى تەتقىق قىلىنغاندا، ئەڭ ئاۋۋال شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە ئاساس بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىيات ۋە شۇ شائىردىكى تۇغما تالانت، قابىلىيەت، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەشتىكى چىدام - غەيرەت كۆزدە تۇتۇلۇشى لازىم.

نىزارىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى نەۋائىنىڭ شۇ ناملىق داستانلىرىغا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش كېرەك. ئادەتتە، ئىككى شائىرنىڭ ئىجادىيىتى

* بېشى ئالدىنقى ساندا.

www.uyghurkitap.com



سىلىشتۇرۇلغاندا، تەھلىل قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سيۇژىت لىنىيىسىنىڭ بىرلىكى، مەزمۇنەن ئوخشاشلىقى، پىرزاژ تەسۋىرى، ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى، ۋەقەلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ۋەھاكازالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن بىز ھەر ئىككى شائىرنىڭ داستانىنى سىلىشتۇرۇپ، نىزارىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىمىز.

نەۋائىي بىلەن نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرى مەزمۇنەن ئوخشاش بولۇپ، كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ ئاساسەن بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ھەر ئىككى داستاندا پاك مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىنسانىي بۇرچ، ئىلىم-مەرىپەت، ئەدەپ-ئەخلاق مەسىلىسى كۆيلىنىدۇ. نىزارى «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنى نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانىغا ئاساسلىنىپ يازغان. لېكىن نەۋائىينىڭ داستانىدىكى مۇرەككەپ ۋە كۆپ لىنىيىلىك سيۇژىتلار نىزارىنىڭ داستانىدا خېلىلا قىسقارتىلغان. مەسىلەن، خۇسرەۋنىڭ ئەرمەنىستان گۈزىلى شىرىنغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئېپىزوتنى نىزارى نەۋائىيدىن سەل باشقىچىرەك ئورۇنلاشتۇرغان. نەۋائىينىڭ داستانىدا خۇسرەۋنىڭ شىرىنغا ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. نىزارىنىڭ داستانىدا بولسا بىرىنچى قېتىم كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ تەلىپى رەت قىلىنغاندىن كېيىنلا خۇسرەۋنىڭ غەزەپكە كېلىپ، دەرھال ئەرمەنىستانغا ناجاۋۇز قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، نىزارى خۇسرەۋنى تېخىمۇ بەك قانخورراق قىلىپ ئىپادىلەشنى لايىق تاپقان.

نىزارى ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ۋەقەلەرنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە نەۋائىينىڭ داستانىدىكى زورۇر ئېپىزوتلارنى ئۆز پېتى ساقلاپ قالغان، مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىغان ۋەقەلەرنى چەتلەپ ئۆتۈپ كەتكەن ياكى قىسقىچە ئىپادىلىگەن.

«شەرقتىكى ئىسلام ئەللىرى شائىرلىرى ئارىسىدا ھەر قانداق ئەسەرنى باشلاشتىن ئاۋۋال خۇدا ۋە پەيغەمبەرلەرگە مەدھىيە ئوقۇش، كېيىن شۇ دەۋر ھۆكۈمدارىنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنە بولۇپ قالغانىدى»①. نەۋائىيمۇ شۇ دەۋرنىڭ ۋەكىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەربىر ئەسىرىنى باشلاشتا شۇ ئەنئەنىگە ئەمەل قىلغانىدى. ئۇنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ 1 - بابىدىن 13 - بابىغىچە بولغان 1254 مىسراسى شۇ زامانىدىكى پادىشاھلارنى ئۇلۇغلاشقا بېغىشلانغان. داستانىنىڭ ئاخىرقى 53 -، 54 - بابلىرىدا (442 مىسرا) پەند-نەسىھەت ۋە داستانىنىڭ تاماملانغانلىقى بايان قىلىنغان.

بۇ ئەنئەنە شەرق شائىرلىرى ئارىسىدا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلغان. ئابدۇرېھىم نىزارى ياشىغان دەۋردە بۇ ئەنئەنىنىڭ تەسىرى خېلىلا سۇسلىشىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇنداق مەدھىيىنەرگە ئورۇن بېرىلمىگەن. ئۇ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ 1 - بابىدىن باشلاپلا ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىشقا كىرىشكەن. نىزارى بۇ ئەسەردە بەزى دېتاللارنى نەۋائىيغا قارىغاندا باشقىچىرەك ئالغان، بەزى بۆلەكلەرنى يېڭىدىن كىرگۈزگەن، بەزى ۋەقەلەرنى چىقىرىۋەتكەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، نىزارىنىڭ داستانى نەۋائىينىڭ داستانىدىن بەزى دېتاللارنىڭ يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەنلىكى ياكى ئايرىم ۋەقەلەرنىڭ باشقىچە ئىپادە قىلىنى

غانلىقى بىلەنلا ئەمەس بەلكى يېڭى پىكىرلەرنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكى بىلەنمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، نىزارى «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىغا پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ئەسەرلەرگە خاس پەندى-نەسىھەتلەرنى كىرگۈزگەن. بۇ، نىزارىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانلىرىدا كۆرۈلمىگەن ئەھۋالدۇر.

پەرھاد ئوبرازى پەيدا بولغاندىن بويان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ گېئوگرافىك ئورنى ھەققىدە ھەر خىل پىكىرلەر ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. پەرھاد ئوبرازىنى تىلغا ئالغان ھەربىر قەلەم ئىگىسى ئۇنى ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە غايىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. مەسىلەن، نىزامىنىڭ داستانىدا پەرھادنىڭ ۋەتىنى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. لېكىن ئوقۇغۇچى نىزامى ياراتقان پەرھاد ئوبرازىدىن مېھنەتكەشلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان غايىۋى قەھرىماننى كۆرەلەيدۇ.

پەرھادنىڭ چىنلىق ئىكەنلىكى ئەڭ دەسلەپتە خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنىدى. خۇسرەۋ دېھلىۋى نىزامىدىن پەرقلىق ھالدا پەرھادنى ئاددىي مېھنەتكەش سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى چىن شاھزادىسى دەپ تەسۋىرلىدى. خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ پەرھادنى چىنلىق دەپ ئاتىشىدا ئۇنىڭ ئېنىق مەقسىتى بار ئىدى. شائىرنىڭ ئاتىسى موڭغۇللار ئىستىبلاسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى ۋە شۇ يەردە ياشىغانلىقى تارىخىي پاكىت. خۇسرەۋ دېھلىۋى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنىنى، شۇنىڭدەك، ۋەتەنداشلىرىنى كۆپ ئەسلىگەن. بىز، شائىرنىڭ كۆڭلىدە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنىگە نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى بولغاچقا پەرھادنى چىن شاھزادىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن، دەپ قارايمىز.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ داستانىدىمۇ پەرھاد چىن شاھزادىسى، دېيىلگەن. نەۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن چىن مەملىكىتى شۇ چاغدىكى خوتەن بولۇپ، چىن خانى — خوتەن خانى دېگەنلىكتۇر.

قايۇ زەررىن غەزالە تۈركى چىن دەي،
قارا تۇفراقغە كىرمەكنى چىن دەي.

نەۋائىي پەرھادنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى خوتەن شەھىرى ئىكەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

دېدى كىم بىز گۇرۇھى تاجىر ئېردۇك. چۆكۈپ دەريا تۆبىگە بارۇ يوق پاك.
يەمەن سارى خوتەندىن سايىر ئېردۇك. ماڭا روزى بولۇب بۇ تەختە پارە.
قىلىباي كېمەمىزنى غەرقە كۇلاك، بولۇپ سىز تەختەئى ئۇمرۇمغە چارە

نەۋائىينىڭ قەلىمى بىلەن يارىتىلغان پەرھاد چىن خاقانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، خوتەنلىكتۇر. بۇ ھەقتە سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بېرتېلىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە ئۆزبېك ئالىمى پروفېسسور ۋ. زاھىدوۋلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدە پەرھادنىڭ ئانا يۇرتى خوتەن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن①. نەۋائىي «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا خوتەن شەھىرىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

خوتەن مۇلكىكى، جەننەتدىن نىشاندۇر، خەلايىق جانىبى تۇشسە گۇزارلىك.
سەۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر. ھەمانا تۆرت باغى رەۋزە ئايىن،
گەر ئاندە سەيىر بولسە ئىختىيارلىك، ئىچىندە تۆرت قەسرى خۇلدى تەزيىن.

خۇسرەۋ دېھلىۋى ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ داستانلىرىدا تىلغا ئېلىنغان چىن مەملىكىتىنى نۇرغۇن ئەدەبىياتشۇناسلار جۇڭگو دەپ چۈشىنىپ كەلمەكتە. چىن، يەنى، پەرھاد تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەملىكەت قەدىم زامانلاردىن، بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ياشاپ كەلگەن شىنجاڭدۇر. پەرھادنى جوڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دەپ چۈشىنىش، چىن ۋە جوڭگو ئاتالغۇلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش — چىن ۋە جوڭگو تارىخىنى ياخشى بىلمىگەنلىكىنىڭ، بۇ ئىككى يۇرتقا گېئوگرافىك نەزەر بىلەن قارىمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنداق ئەھۋاللار كونا تارىخلاردا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇستازى نەۋائىنىڭ پىكىرلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، پەرھادنىڭ ئانا يۇرتى خوتەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە ئۆز داستانىغا بەزى كىچىك بۆلەكلەرنى كىرگۈزگەن. مەسىلەن، پەرھادنىڭ ئىسكەندەر تىلسىمىنى ئېچىش ئۈچۈن خوتەندىن يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە بېيجىڭنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى، كېيىن يەمەن مەملىكىتىگە راۋان بولغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

يۈرۈپ نېچە كۈن ۋادىئي دەشت ئەرا چىقىپ ئالدىغە بارچە ئەھلى شەھەر.
كى، تەيىي مەراھىل قىلىپ گەشت ئەرا. ھەمە ھېكمەت ئەھلى چىقىپ پىشباز،
قاراسى كۆرۈندى بېيجىن شەھرىنىڭ، تەھىييە قىلىپ ئەيلەپ ئەرزى نىياز.
سەفاسى نەمۇدار ئولۇپ بەھرىنىڭ. ئىتائەت قىلىچىن بويۇنغە ئاسىپ،
يەمەن مۇلكىغە يەتتى چۈنكىم خەبەر، كى، شاھ ئالدىغە كەلدى بىر بىر باسىپ.

نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدا ۋەقەلەر بىلەن خاراكتېرلار بىرلىكى شۇ قەدەر جىپسىلىشىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭدا خاراكتېرگە مۇناسىۋەتسىز ھالدا تەسۋىرلەنگەن بىرەر ۋەقەنىمۇ ئۇچرىتىقىلى بولمايدۇ. ھەتتا پىرىزاژ تەسۋىرىمۇ پېرسوناژنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت قىلغان. مەسىلەن، «ئەيىنۇل-ھەيات» بۇلىقىدىن «بەھرۇن-نەجات» ئېرىقىغا ئېقىپ كەلگەن سۇنىڭ تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئېقىشى پەرھادنىڭ شىرىنغا ئىنتىلگەن پاك قەلب ھېسلىرىغا سىمۋول قىلىنغان. سۇ تاشقىنى بولسا پەرھادنىڭ ئارزۇ-ئارمانغا تولغان قەلب تاشقىنىغا ئوخشىتىلغان. بۇ

ئۇخشىتىش بىر تەرەپتىن ئەسەر قەھرىمانىنىڭ روھىي ھالەتلىرىنى ئىچىپ بىرىشكە خىزمەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتورنىڭ بەدىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشقا نەقەدەر ماھىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە، شائىر پەرھادنىڭ سەنئەتكار قارەنىدىن تاش يونۇش سەنئىتىنى ئۆگىنىش جەريانىنى تەسۋىرلىگەندە مۇنداق سۆز ئويۇنلىرىنى ئىشلەتكەن:

چۇ فەرھاد ئاندە تۇرۇپ بىر زەمان، ياغاچدەك ھەجەرنى يەساپ دىلپەزىر.
كى تاش سەنئەتىگە بولۇپ شادىمان. سوراپ ئاندا شەھزادە ئۇستادىنى،
چۇ ئەسباب ساز ئەتكەن ھەددادىنى③. چۇ ئەسباب ئالدىدە تاشدۇر خەمىر،

تاشنىڭ خېمىرغا ئۇخشىتىلىشى ۋە سەنئەتكارنىڭ تاشنى ياغاچ يونغاندەك ئاسانلا يونۇشى شائىر تەرىپىدىن ماھارەت بىلەن قوللىنىلغان مېتافورادۇر. شائىر مېتافورا ئارقىلىق قارەنىنىڭ ماھىر سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. نىزارىنىڭ ئەسىرىدە تاش خېمىرغا ئۇخشىتىلغان بولسا، نەۋائىنىڭ ئەسىرىدە سېرىق ياغقا ئۇخشىتىلغان:

ئۇقۇپ ھەر سارى قۇللە ـ قۇللە خارا، ئىتىك تىشەلەرىگە ھەر قارا تاغ،
قىلىبان پارە ـ پارە بىمەدارا. پىچاق ئالىندە ئانداغكىم، سارىغ ياغ④.

جادۇگەر موماينىڭ ئوبرازى ھەر ئىككى شائىرنىڭ داستانىدا ماھىرلىق بىلەن گەۋدىلەندۇرۇلگەن. نەۋائى جادۇگەر موماينىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئىچكى دۇنياسىغا ماسلاشتۇرۇپ يىرگىنىشلىك ھالەتتە تەسۋىرلىگەن:

قەدى ئىككى پۈكۈلگەن پىرى زالى، چۇ ساز ئەيلەپ فۇسۇنۇ ھىيلەئى شۇم،
فەلەك زالى كەبى ھىيلەت سىگالى. قولىدە خارە يۇمشاپ ئويلەكىم مۇم.
خۇتۇتى مەكرىدىن يۈزىندە يۈز چىن، بىرىپ، سۆرگەچ فۇسۇنلۇق ماجەرانى،
تىلىغە ئۆتمەيىن ئۇمرىدە سۆز چىن. ئاتاغە قىزنى، ئوغۇلغە ئەنانى⑤.

نىزارى بولسا جادۇگەر موماينىڭ ئوبرازىنى ئۆزگىچە ياراتقان. ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنى بەكمۇ قورقۇنچلۇق، ئىچكى دۇنياسىنى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك يىرگىنىشلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن:

ئەجەب شۇم تەلئەت قارى پىرەزەن، تەقابۇل بولۇپ ئاندا ئىككى دەھەن.
كۆزى گەجگەسىدە داغى كەج دەھەن. يۇرۇسە ئەگەر مەكر دەمنى ساچىپ،
قاراقى ئانىڭ گەجگەسىغە يەقىن، قاراسىنى كۆرگەندە شەيتان قاچىپ.
ھەمە شەيئىلەرنى كۆرەر كەينىدىن. فۇسۇنى قىلۇر خانۇماندىن جۇدا،
بىلى خەملىكىدىن باشدۇر تۆبەن، نە ئۇل خانۇمان، بەلكى جاندىن جۇدا⑥.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



نىزارىمۇ پەرهاد ئوبرازىنى نەۋائىمدەك غايىۋىلاشتۇرغان، ئۇنىڭغا غەيرىي ـ تەبىئىي كۈچ بېغىشلىغان. پەرهاد دېگەن ئىسىمغىمۇ ئۇلۇغ مەنىنى سىڭدۇرگەن. نەۋائىي بىلەن نىزارىنىڭ پەرهاد دېگەن ئىسىمغا بېغىشلانغان بىرنەچچە مىسرالىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، هەر ئىككى شائىرنىڭ ئۆزلىرى ياراتقان ئىجابىي قەهرىمانلىرىغا بولغان كۆز قارىشىدىكى ئومۇمىيلىق بىلەن ئۆزگىچىلىكنى بايقاپ ئالالايمىز. نەۋائىي پەرهاد دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسىنى تۆۋەندىكىچە تەرىپلىگەن:

ئاڭا فەرزانە فەرهاد ئىسىم قويدى، بىرەر هەرف ئىبتىدادىن ئەيلەبان فەرد.
هۇرۇفى مەخزەنى بەش قىسىم قويدى. بارىن ئۇستادى ئىشق ئەتكەچ مۇرەككەب،
فىراقۇ رەشكۇ هەجرۇ ئاه ئىلە دەرد، تەرەككۇبدىن بۇ ئىسىم ئولدى مۇرەتتەب[7].

نىزارى بولسا پەرهاد دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسىنى يېڭىچە ئىپادىلىگەن:

چەراكىم ۋۇقۇئات زاتىدە بار، «ئەلىف» دەك قەددىدۇر ئەلەمگە يەقىن.
بۇ بەش هەرف ئىلە ئىسىم تاپتى قەرار. چۇ «دال» ئولدى چەكمەككە دەردى بەلا،
بىلىڭ كىم چۇ «فا» هەرفى فۇرقەتكە دال، كى، ئاستىدەكى نۇقتەغە مۇبتەلا.
كى «را» سى ئانىڭ مەيلى رىغبەتكە دال. بۇ گەۋهەر بولۇب ئىشقىنىڭ لايىقى،
يەنە «ها» سى هىجرانغە بولدى قەرىن، تەرىقى مۇهەببەت ئارا سادىقى[8].

نىزارى ئەسەر تىلىنىڭ راۋانلىقىغا، جۈملىلەرنىڭ ئىخچام، مەنىنىڭ چوڭقۇر بولۇشىغا ئالاهىدە دىققەت قىلغان. بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا، يېڭى ئوبرازلار ئارقىلىق پوئىزىيە دۇنياسىنى بېيىتىشقا تىرىشقان. خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ناهايىتى ماهىرلىق بىلەن قوللانغان ۋە ئۇنى ئەسەرلىرىگە سىڭدۇرۇۋەتكەن:

بۇ ئىشلار ئۇمۇرىدە مەن بىگۇناه. نە ئەمر ئەيلەسە شاه بەهرام بىلۇر،
ئاتام زۇلم ئېتىپ بولدى هالى تەباه؛ تۇرۇپمىزكى ئۇل هەرنە قىلسە قىلۇر.
كى فەرهاد ئۈچۈن ئەيلەدىم مەن قىساس، چۇ سۇنغان بويۇننى قىلىچ كەسمەگەي،
ئەزىر جانىدىن ئانى قىلدىم خەلاس. مېنىڭ ئەرزى هالىمنى نامەم دېگەي[9].

شائىر بۇ يەردە «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەس» دېگەن خەلق تەمسىلىنى ناهايىتى مۇۋاپىق ئىشلەتكەن.

نىزارى ئۆز ئەسەرلىرىدە بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن — مەجاز، مۇبالىغە، ئىستىئارە، كىنايىلەردىن ناهايىتى كەڭ پايدىلانغان. ماقالىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا شائىر قوللانغان بەدىئىي ۋاسىتىلەر هەققىدە ئالاهىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت بولمىغانلىقتىن، بۇ هەقتىكى تەھلىلىمىزنى كېيىنكە قالدۇرىمىز.

نىزارىنىڭ نەۋائىي «خەمسە» سىنىڭ سيۇژىتى ئاساسىدا يازغان ئىككىنچى داستانى «لەيلى ۋە مەجنۇن» دۇر. شەرق كلاسسىكلىرى ئۆز غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقستىدە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «لەيلى ۋە مەجنۇن» ئەپسانىسىنىڭ سيۇژىتىدىن پايدىلانغان. لەيلى ۋە مەجنۇن ئەپسانىسىنى ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى ئەڭ دەسلەپتە يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن. ئۇ ئۆز ئەسىرىنى مىلادى 1188 – 1189 – يىللاردا پارس تىلىدا يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق داستانى مىلادى 1298 – 1299 – يىللاردا دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇراھمان جامى بولسا «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى مىلادى 1484 – 1485 – يىللاردا يازغان. تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ كاندىداتى تەتقىقاتچىسى ت. ئەخمىدۇۋنىڭ ئېنىقلىشىچە، نىزامىدىن كېيىنكى 750 يىل مابەينىدە 116 ئاپتور شۇ سيۇژىت ئاساسىدا ئەسەر يازغان. «لەيلى ۋە مەجنۇن» ئەپسانىسىنىڭ سيۇژىتى ئاساسىدا ئەڭ دەسلەپتە تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغان شائىر ئەلىشىر نەۋائىيدۇر. ئۇ ئۆز ئەسىرىنى ھىجرىيىنىڭ 889 – يىلى (مىلادى 1484 – يىلى) يازغان. نەۋائىيدىن كېيىن مىلادى 1555 – 1556 – يىللاردا مۇھەممەت فۇزۇلىمۇ شۇ ئەپسانىنىڭ سيۇژىتى ئاساسىدا تۈركىي تىلدا «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق داستان يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قانچىلىغان شائىرلار شۇ سيۇژىت ئاساسىدا ئەسەر يېزىپ ئۆز قەلەم كۈچىنى سىناپ كۆرۈشكەن. شۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارىدۇر.

نىزارىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى گەرچە نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانىنىڭ سيۇژىتى ئاساسىدا يېزىلغان بولسىمۇ، نىزارى ئۇنىڭدا ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان. شائىر ئۆزىنىڭ ئارزۇ – ئارمانلىرىنى، ئوي – پىكىرلىرىنى ۋە ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «لەيلى ۋە مەجنۇن» ئەپسانىسىنىڭ سيۇژىتىنى تاللىۋالغان. بەزى ئالىملار نىزارى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى ئۆمەر باقى (17 – ئەسىر) نىڭ ئەسىرىنىڭ سيۇژىتى ئاساسىدا يازغان، دەپ قارايدۇ⑩. لېكىن بىز بۇ پىكىرگە قوشۇلالمايمىز. چۈنكى نىزارى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنى نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانىنىڭ سيۇژىتى ئاساسىدا يازغانلىقىنى تۆۋەندىچە قەيت قىلىپ ئۆتكەن:

بۇ سۆز «خەمسە» دە ئانچە تەتۋىل ئېرۇر، ئەمىر «خەمسە» سىگە رىئايەت بىلە.
مەراتىب بىلە ئانچە تەفسىل ئېرۇر. كىفايەت قىلىپ مۇتەدە تەقسىرىغە،
دېيىلدى بۇ سۆزنى خىجالەت بىلە، ھەۋالە قىلىپ مىر ئەلىشىرغە ⑪.

غەزەل شەكلىدىن پايدىلىنىپ داستان يېزىش شەرقلەكلەرنىڭ ئەنئەنىسىدۇر. نىزارىمۇ بۇ داستانىنى يېزىشتا شۇ ئەنئەنىگە مۇراجىئەت قىلغان. ئۇ ئۆز تالانتىنى ئىشقا سېلىشتا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كەسىپداشلىرىنىڭ مىراسلىرىدىن ئىجادىي يوسۇندا پايدىلانغان. ئۇنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا غەزەل شەكلىنى قوللانغانلىقى فۇزۇلىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ نەۋائىينىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ سيۇژىتىدىن، فۇزۇلى داستانىنىڭ غەزەلچىلىك شەكلىدىن پايدىلىنىپ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ ئۆزگىچە يېڭى نۇسخىسىنى ياراتقان.

www.uyghurkitap.com



نىزارى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا پاك مۇھەببەتنى، سەمىمىي دوستلۇقنى، ھۆرلۈكنى، ئىنسانىي بۇرچ ۋە ئىلىم - پەننىڭ ئەۋزەللىكىنى كۈيلىگەن. شائىرنىڭ بۇ داستانىمۇ باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاش غايىۋىلىكى ۋە يۈكسەك بەدىئىيلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر بولغان لىرىك - ئېپىك ئەسەردۇر. شائىر بۇ داستانىدىمۇ بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئورۇنلۇق پايدىلانغان. ئاجايىپ ئوخشىتىش، كۈچلۈك مۇبالىغە، ھەر تۈرلۈك سۆز ئويۇنلىرى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا خاس بولغان ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەسەر مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، پىكىرنى راۋانلاشتۇرغان، مىسرالارنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرغان. ئەمدى، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا ئۇچرايدىغان بەزى تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

شائىر بۇ داستانىدا مۇبالىغىنى كۆپ قوللانغان.

جەفا تەركىن تۇتۇب، ئى چەرخى زالىم، بىر تەرەھھۇم قىل،
جەھان كۈل بولغىدەك بولدى مېنىڭ ئاھۇ فىغانىمغە.
قۇرۇتتى سەر - سەرى ھىجران ۋۇجۇدىم ئەيلەدى خاشاك،
تۇتۇب ئوت ئاھىمدىن ھەردەم خەزانلىق بوستانىمغە⑫.

شائىر بۇ غەزەلدە مەجنۇننىڭ لەيلىنىڭ ئىشقىدا تارتقان ئازابلىرىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مۇبالىغە ۋاسىتىسىدىن پايدىلانغان. غەزەلدە مەجنۇننىڭ بىر ئاھ ئۇرۇشى بىلەن جاھان كۆيۈپ كۈل بولغۇدەك ھالغا چۈشكەنلىكى، ھىجران ئازابىدا مەجنۇننىڭ ۋۇجۇدى قاقشالدەك بولۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئوتلۇق ئاھىدىن باغۇ - بوستانلار خازان بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ئىككى جىسمىغە ئەيلەدى بىر كەفەن، چۇ بىر نەئىش ئەمارىغە كىردى ئىكەۋ،
كىرىب بىر كەفەنگە بۇ ئىككى بەدەن. كى، ئۆلگەن كېيىن بىرلە جانسىز كۈيەۋ⑬.

شائىر بۇ شېئىردا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئومونىم سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. «ئۆلگەن كېيىن»، «جانسىز كۈيئوغۇل» دېگەن ئىككى ئىبارە بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن بىر سۆزنىڭ تەكرارلىنىشى ئەمەس.

كۆرۈندۈك ماڭا مېھرىبانلىق قىلىپ، بۇ قىلغانلارنىڭ شۈكرىگە مىڭ تىلىم،
مېنى باشقارىپ ئۆرفىشانلىق قىلىپ. ئەگەر شۈكر قىلماس بولۇر مىڭ تىلىم⑭.

نىزارى بۇ بېيىتتا سۆز ئويۇنى ئىشلەتكەن. باشتىكى «مىڭ تىلىم» دېگەن سۆز مەجنۇننىڭ لەيلىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا مىڭ مەرتە شۈكرى قىلغانلىقىنى بىلدۈرسە، كېيىنكى «مىڭ تىلىم» دېگەن سۆز ئەگەر شۈكرى قىلمىسام بۇ تىلىم مىڭ تىلىم بولۇپ كەتسۇن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. داستاندا بۇنداق سۆز ئويۇنلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

نىزارى تەكرارلاش سەنئىتىدىنمۇ جىق پايدىلانغان.

گەھى لەيلى مەجنۇن ئاياغىن ئۆپۈپ، گەھى ھۇشىدە گاھى بىھۇش ئىدى،
گەھى تەلبە بۇ گۈل سەقاغىن ئۆپۈپ. گەھى يىغلابان گاھى مەدھۇش ئىدى⑮.

شائىر ئالدىنقى ئىككى مىسرادا «گەھى» دېگەن سۆزنى تەكرار ئىشلىتىش ئارقىلىق، لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ ئۇچراشقان چاغلىرىدا بىر بىرىگە ئىنتىلگەن ھالىتىنى ئىپادىلىگەن. كېيىنكى ئىككى مىسرادا «گەھى، گاھى» دېگەن سۆز تۆت قېتىم تەكرارلانغان. بۇنىڭدىكى ھەربىر تەكرارلىق مەجنۇننىڭ روھىي كەيپىياتىنى روشەن تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

نىزارى مەجنۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يىغلاپ نالە قىلغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

خەتاكار شەرمەندە كەلدىم ساڭا،
ئۆلۈكلەر كەبى زىندە كەلدىم ساڭا[16].

بۇنىڭدا مەنۇچىنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغانلىقى ئىپادىلەنگەن. شائىر «كەلدىم ساڭا» دېگەن سۆزنى تەكرارلاش ئارقىلىق مەجنۇننىڭ روھىي ئازابلىرىنى يەنىمۇ كۈچلۈكرەك ئىپادىلەپ بەرگەن. «كەلدىم ساڭا» دېگەن سۆز ھەم تەكرارلاش ھەم رادىپ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

نىزارىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى، كۆپ خىللىقى ۋە تىلىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى ئالاھىدە تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر. بىز بۇ ئەمگىكىمىزدە شائىر قوللانغان بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۈستىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى قويۇپ ئۆتتۇق.

نىزارى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئاددىيلىقى، راۋانلىقى، ئاھاڭدارلىقى، نەپىسلىكى، مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن نەۋائى ئەسەرلىرىگە يېقىن تۇرىدۇ. نىزارى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنىڭ ئاددىيلىقىغا تۆۋەندىكى مىسرالار روشەن مىسال بولالايدۇ:

جىگەر پارەمىزگە بۇ تەقدىردۇر، ئاقىپ ياش رەنجى ئىمنا دەردىگە.
ساغەيماقلىقىغە نې تەدبىردۇر؟ چۇ تەدبىرىگە ئەيلەگىمىز مەسلەھەت،
قاتىب باشىم ئەمدى بالا دەردىگە، مىزاجىغە قىلغاي نە ئىش مەنفەئەت[17].

نىزارى يالغۇز پەرزەنتىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەتلەردىن ئېزىلگەن ئاتىنىڭ ئائىلاج قالغان ھالىتىنى ئاددىي تىل بىلەن چىرايلىق تەسۋىرلىگەن. مەقسەتنى روشەن ئىبارىلەر بىلەن ئۇچۇق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلىگەن.

داستان باشتىن ئاخىرىغىچە پېرسوناژلارنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھاياجانلىق تەسۋىرلەرگە تولغان. قەھرىمانلارنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرى ناھايىتى مۇڭلۇق ۋە گۈزەل لىرىك كەيپىياتتا بايان قىلىنغان. نىزارى كلاسسىك داستانلارنىڭ ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىپ، قەھرىمانلارنىڭ مونولوگىنى غەزەل شەكلىدە ئىپادىلىگەن. نەۋائىنىڭ داستانىدا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ چەككەن دەرد ـ ئەلەملىرى، ھىجران ئازابىدا قىينالغانلىقلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان سالام خەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولسا، نىزارىنىڭ داستانىدا غەزەل بىلەن ئىپادىلەنگەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



### مەجنۇننىڭ غەزىلى

مۇھەببەت ناردىن ئوت ياقتى ئول ئاي خەستە جانىمغە،
كى ھىجران شۇئلەسى نەيلەي تۇتاشتى خانۇمانىمغە.
ئانىڭ كويىدەكى ئىتلارغە قىلسام ئاشنالىق بەس،
بىرىب كۆڭلۈمنى قىلسام مىزباتلىق مېھمانىمغە.
كۆڭۈلنىڭ تەختىگاھىدە خەيالى پادىشاھ ئولمىش،
نەۋا يەتكۈردى ئۇل شاھ تەن ئارا رۇھى رەۋانىمغە.
جەفا تەركىن تۇتۇب، ئەي چەرخى زالىم، بىر تەرەھھۇم قىل،
جەھان كۆل بولغۇدەك بولدى مېنىڭ ئاھۇ فىغانىمغە.
قۇرۇتتى سەرسەرى ھىجران ۋۇجۇدۇم ئەيلەدى خاشاك،
تۇشۇپ ئوت ئاھدىن ھەردەم خەزانلىق بوستانىمغە.
مۇيەسسەر بولسە ئۇل ئاي ئۇشبۇجاننى ئەيلەسەم قۇربان،
كى، داغ ئولسە ئەجەب يوقكىم، بويالسە لالە قانىمغە.
فەلەك ئەشكىن تۆكۈپ ھەر سۇبھ ھالىمغە تۇتار ماتەم،
كۈلەر خۇرشىد تەن ئەيلەپ بۇ چىھرە زەئفەرانىمغە.
بەيابانى مەلامەتدە ئانىڭ دەردى بىلە قالدىم،
پەيامىمنى، سەبا، يەتكۈر مېنىڭ شىرىن زەبانىمغە.
بولۇپ مەجنۇن جەھاندە يارنىڭ يادى بىلە ھەيران،
نىتاك رەھم ئەيلەبان ئۇل يارى ھەمدەم كەلسە يانىمغە.

### لەيلىنىڭ غەزىلى

ئوتلۇغ ئاھىمدىن بولۇپ شەمئى شەبىستان بۇ كېچە،
ئىشق ئوچقۇنى قىلىپ كۆكنى گۈلستان بۇ كېچە.
رەھم ئېتىب مەن ناتەۋان ھالىمغە كىردى كۈنج ئارا،
پەردەسىن ياپىپ جەھانغە ماھى تابان بۇ كېچە،
ياردىن تاپماق نىشان بىزگە مۇيەسسەرمۇ ئىكىن،
ئاھ كىم، بولغايمۇ، يارەب، ۋەسلى جانان بۇ كېچە.
كەتتى كۆڭلۈم يار ئۈچۈن ئەرزىنى ئەئيان ئەتكەلى،
ئەرگەشىپ كۆڭلۈمنى چىقتى تەندەگى جان بۇ كېچە،
ئىشق توغيان ئەيلەبان بىچارەنى زار ئەيلەدى،
دەشتى ھىجران ئىچرە قىلدى بىزنى ھەريان بۇ كېچە.
يارنى تاپماق تەمەنناسىدە بولدۇم ئەسرۇ لال،
ئەندەلىب يەڭلىغ چېكىمېدۇر نالە ـ ئەفغان بۇ كېچە.
ئەي فەلەك، كەجرەۋلىغىڭ قوي، بىر زەمان ھالىمغە باق،

غۇنچەدەك كۆڭلۈم بولۇپدۇر تەھ ـ بەتەھ قان بۇ كېچە،
ياردىن كەلدى شەممى تازە، جان تاپتىم داغى،
ئۆلكى بولغايمۇ ئىكىن جان ئىچرە مېھمان بۇ كېچە،
لەيلىنىڭ ھالى زەبۇندۇر يار ئۈچۈن لەيلۇ نەھار،
ئەيلەگىل، يارەب، ماڭا مۇشكۈلنى ئاسان بۇ كېچە.

نىزارى بىلەن نەۋائىنىڭ داستانلىرى پەقەت ئەسەر مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىشتە قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەنلا ئەمەس بەلكى سيۇژىتلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقى بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىنىڭ داستانىدا لەيلى بىلەن مەجنۇن ئاخىرقى نەپەسىدە بىر بىرىگە كۆز تىكىپ يېتىپ، بىرلىكتە جان ئۈزگەن بولسا، نىزارىنىڭ داستانىدا لەيلى ئانىسىغا ۋەسىيەت قىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن مەجنۇن يېتىپ كېلىدۇ.

نىزارى لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ۋىدالىششىقا مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق زاماننىڭ شەپقەتسىزلىكىنى، ئاشىقلارغا رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

نىزارى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىمۇ نەۋائىنىڭ شۇ ناملىق داستانىغا نىسبەتەن خېلى كىچىك ھەجىمدە يازغان. داستاننىڭ ۋەقەلىكلىرىنى ئۆز مەقسىتىگە بويسۇندۇرۇپ، نەۋائىنىڭ داستانىدىكى بەزى بابلارنى ۋە بۆلەكلەرنى چىقىرىپ تاشلىغان ياكى ئىخچاملىغان. نىزارى بۇ ھەقتە:

بۇ سۆز «خەمسە» دە ئانچە تەتۋىل ئېرۇر،
مەراتىب بىلە ئانچە تەفسىل ئېرۇر[18]

دەپ يازغان.

نەۋائىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى قەدىمكى داستانچىلىق ئەنئەنىسىگە ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمىدىكى 10 بابى ئابدۇراھمان جامى بىلەن ھۆسەيىن بايقاراغا بېغىشلانغان مەدھىيىلەردىن ئىبارەت. داستان 38 بابتىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىي 3042 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان. لەيلى بىلەن مەجنۇنغا مۇناسىۋەتلىك سيۇژىتى 10 ـ بابتىن باشلانغان. نىزارى بولسا داستانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىنى 1 ـ بابتىنلا باشلاۋەرگەن. نىزارىنىڭ ئەسىرى 10 بابتىن ئىبارەت بولۇپ، 856 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان.

نەۋائى پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ، لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببىتىنىڭ كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلىرىنى ئۆزى ياشىغان مۇھىتقا، يەنى، 15 ـ ئەسىر شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن بولسا، نىزارى بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ سۆيگۈ پاجىئەلىرىنى 19 ـ ئەسىردىكى فېئوداللىق مۇھىت بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلاپ تەسۋىرلىگەن. نىزارىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com



«پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرى قارىماققا ئىشق-مۇھەببەت داستانىدەك كۆرۈنسىمۇ، شائىر ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ناچار ئىللەتلىرىنى، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رەزىللىكلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان. نىزارى پەرھاد-شىرىن، لەيلى-مەجنۇنغا ئوخشاش مىڭلىغان ياشلارنىڭ 19-ئەسىر فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتى ۋە زالىملارنىڭ زۇلمى تۈپەيلى ئارزۇسىغا يېتەلمەي نابۇت بولۇۋاتقانلىقىغا شاھىد بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز دەۋرىدىكى دەھشەتلىك قانۇن-تۈزۈملەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن. پاك سۆيگۈنى مەدھىيىلىگەن.

دېمەك بۇنىڭدىن نىزارىنىڭ ئادالەتنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى كۈيلىگۈچى ئىلغار پىكىرلىك شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شائىرنىڭ بۇ داستانلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرى قاتارىدىن جاي ئېلىپ كەلگەنلىكىمۇ شۇ سەۋەبتىندۇر.

### ئىزاھاتلار

① «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى 1960-يىللىق 9-سان 127-بەت.
② «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى 1948-يىللىق 5-سان.
③ نىزارى كۇللىياتى 48B-ۋاراق.
④ ئەلشىر نەۋائى «پەرھاد ۋە شىرىن» 42-بەت.
⑤ ئەلشىر نەۋائى «پەرھاد ۋە شىرىن» 185-بەت.
⑥ نىزارى كۇللىياتى 61A-71B ۋاراق.
⑦ ئەلشىر نەۋائى «پەرھاد ۋە شىرىن» 34-بەت.
⑧ نىزارى كۇللىياتى 48A-ۋاراق.
⑨ نىزارى كۇللىياتى 64A-ۋاراق.
⑩ «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى 1963-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى، «مۇھەببەت داستانلىرى ھەققىدە».
⑪ نىزارى كۇللىياتى 70A-ۋاراق.
⑫ نىزارى كۇللىياتى 74A-ۋاراق.
⑬ نىزارى كۇللىياتى 78B-ۋاراق.
⑭ نىزارى كۇللىياتى 68A-ۋاراق.
⑮ نىزارى كۇللىياتى 75A-ۋاراق.
⑯ نىزارى كۇللىياتى 76B-ۋاراق.
⑰ نىزارى كۇللىياتى 71B-ۋاراق.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت جۇمە.

# ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم — نەسىرىددىن ئەل تۇسى

قۇتلۇق قادىر

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم نەسىرىددىن — ئەل - تۇسى 1201 - يىلى 18 - فېۋرال خۇراسان ئۆلكىسىنىڭ تۇس شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. تۇسى ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ساۋادىنى ئانا يۇرتى تۇسدا چىقارغاندىن كېيىن، خۇراساندىكى ئاتاقلىق ئۇستاز كامالىددىن ئىبىن يۇنۇسنى ئۇستاز تۇتۇپ دەرس ئالغان ۋە كامالىددىن ئىبىن يۇنۇسنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. تۇسى ئۆزىنىڭ زېرەك، ئۆتكۈر، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن ھەم پارس تىلىدا يازغان لىرىك شېئىرلىرى بىلەن ناھايىتى تېزلا پارس زېمىنىدا يۈز-ئابرۇي، شۆھرەت قازىنىپ كوھىستان ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى نەسىرىددىن ئابدۇل - رەھمان ئىبىن ئەلى مەنسۇر تەرىپىدىن ئالمۇتاغا تەكلىپ قىلىنغان. تۇسى ئالمۇتىدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، 1256 - يىلى ئالمۇت ھۇلاكۇخان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. تۇسى بۇ چاغدا تەكلىپ بىلەن ھۇلاكۇخاننىڭ ئوردا مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

1258 - يىلى باغداد خانلىقى موڭغۇللارغا تەسلىم بولۇپ، باغداد تالان - تاراج قىلىنغاندا تۇسى ھۇلاكۇخاننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئىراقنىڭ جەنۇبىدىكى «شىئەتى» مەدرىسىگە بارغان. تۇسى بۇ يەردە ئەرەبىي، تۈركىي تىللارنى ۋە گرېك تىلىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. كېيىن تۇسى شۇ مەدرىستە مۇدەررىس بولغان. تۇسى 60 ياشقا كىرگەندە ھۇلاكۇخان ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر ھەم يېتەكچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. تۇسى بۇ مەنسەپكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن باغدادتا چوڭ تىپتىكى مەدرىسلەرنى سېلىشنى تەۋسىيە قىلغان ۋە ئۆزى ماراغا تېغىدا دۇنياغا مەشھۇر رەسەتخانا قۇرغان. بۇ رەسەتخانىغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ ئىلغار ئۇسكۇنىلەرنى، ئاتاقلىق ئىسلام ئاسترونوملىرىنى، مەشھۇر تەبىئىي پەن تەتقىقاتچىلىرىنى يىغقان. تۇسى ئۆزىنىڭ بۇ رەسەتخانىسىدا ئىلمىي ئاسترونومىيىلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ موڭغۇل خانلىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ئۆزلۈكسىز تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تاكى ئاباكا دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپلىگەن مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

تۇسى مىلادى 1274 - يىلى 26 - ئىيۇن كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم تۇسى ئۆز ئۆمرىدە ئىسلام دۇنياسىغا تۆرلۈك ساھەلەرگە ئائىت قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن. تۇسى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن بەلكى تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ئۇرغۇنلىغان كىتابلارنى گرېكچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. تۇسى پۈتۈن ئۆمرىدە 56 پارچە كىتاب يېزىپ قالدۇرغان. لېكىن نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئالىمنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى يوقىلىپ كەتكەن. تۇسى گرېكچە يېزىلغان «كىتابۇل - ھەيا مۇتەۋەسسىتات بەئىن ئەل - ھەندەسەۋەل ھەيا»، «گېئومېترىيە ۋە ئاسترونومىيە ھەققىدىكى كىتاب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى گرېك تىلىدىن پارس تىلىغا مۇكەممەل تەرجىمە قىلغان. تۇسى ئۆزىنىڭ زامانىدىكى

www.uyghurkitap.com



بولغان مۇتەپەككۇر شائىر جالالىددىن رۇمى ۋە ئەدىب نەجامىددىن كاتىبى قاتارلىق ئالىملار بىلەن ئىلىم - پەن ۋە تەتقىقات مەسىلىلىرى ھەققىدە داۋاملىق مۇھاكىمىلەر ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. تۇسى ئۆزىنىڭ «تەلخىس مۇھەسسەل» نامىلىق كىتابىنى تارىخشۇناس ئالائىددىنغا «ئەۋسافۇل - ئەسراف» نامىلىق كىتابىنى ساھىب دىۋان شەمسىددىنگە تەقدىم قىلغان.

تۇسى 12 يىل جاپالىق ئاسترونومىيىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «پىلانېتلار جەدۋىلى» تۈزۈپ ھۇلاكۇخانغا تەقدىم قىلىپ ئۇنى ھەيران قالدۇرغان. تۇسى يەنە ئاسترونومىيىدە ئىزدىنىپ مەشھۇر ئەسىرى «كىتابۇل تەزكىرە ئەل - نەسرىيە» (ئاسترونومىيە تەزكىرىسى) نى يېزىپ تاماملىغان. بۇ كىتاب ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مىلادى 1256 - يىلى يېزىلىپ تامام بولغان. بۇ كىتاب شەرق، غەرب ئەللىرىدە تەرجىمە قىلىنىپ زور شۆھرەت قازانغان. تۇسى يەنە «زۇبدەتۇل - ھەيا»، «كىتابۇل - تەھسىل فىل نۇجۇم»، «كېچە ۋە كۈندۈز»، «كۈن ۋە ئاي» قاتارلىق ئەسەرلەر يازغان. تۇسى بۇ ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا ئاسترونومىيىسىگە زور تۆھپە قوشۇپ كەلگۈسى ئاسترونومىيە تەتقىقاتىغا يول ئاچقان. تۇسىنىڭ ماراغا تېغىدىكى رەسەتخانىسى مىسىر، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ رەسەتخانا قۇرۇشىغا ئاساس ۋە ئۈلگە بولغان.

تۇسىنىڭ پارس تىلىدا يازغان «مۇختەسەرفى ئىلمۇل - تەنجىم» ۋە «مەئرىفەتۇن - تەقۋىم»، «قىسقىچە ئاسترونومىيە ۋە كالىندار»، «كىتابى فەسىل» نامىلىق ئەسەرلىرىمۇ بار. تۇسىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدە بولۇپمۇ ئالگېبراغا ئائىت بولغان «كىتاب ئەلجەبىر ۋەل مۇقابىلە» (ئالگېبرا ھەققىدە مۇھاكىمە) نامىلىق ئەسىرى ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر. تۇسى گېئومېترىيىدىمۇ «قەۋائىدۇل-ھەندەسە» (گېئومېترىيە قائىدىسى) نامىلىق كىتابنى يازغان. ئۇ يەنە ترىگونومېترىيە ساھەسىدە خېلى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى فرانسۇزچە ۋە ئىنگلىزچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

تۇسى لوگىكىدا «كىتابوت - تەجردفى ئىلمول-مەنتىق» (لوگىكا ھەققىدە) نامىلىق ئەسەرنى يازغان.

ئۇلۇغ تەپەككۇر ئالىم تۇسى مۇزىكا ساھەسىدىمۇ كۆپ ئىزدىنىپ «كىتاب ئىلىم ئەل- مۇ سىقى» (مۇزىكا ھەققىدە ئىلىم) نامىلىق ئەسەرنى يازغان ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇزىكا شۇناسلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنبەلىرىدىن بولۇپ قالغان.

ئۇلۇغ ئالىم تۇسى مېتافىزىكا ھەققىدە «كىتابۇل - فۇسۇل» نامىلىق ئەسەرنى تاماملىغاندىن كېيىن بۇ ئەسەر ئەلجۇرجانى تەرىپىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تۇسىنىڭ پەلسەپە ساھەسىدە ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللىرىدا يازغان «تەجرىدئەل ئەقائىد» نامىلىق مەشھۇر ئەسىرىمۇ بار.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم تۇسىنىڭ ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدىكى «ئەخلاقىي نەسىرىي» نامىلىق داڭلىق ئەسىرى تا ھازىرغىچە ئىسلام ئەللىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق دەرسلىكى بولۇپ كەلمەكتە. ئالىمنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەسەرلىرى ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللىرىدىن باشقا يەنە ھىندى، نېمىس، ئىنگلىز، فرانسۇز، ئىسپان تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم نەسرىددىن ئەل تۇسى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىغا شانلىق تۆھپە قوشۇپ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقاتىغا نۇرلۇق يول ئاچقان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىمدۇر.



# شاھزادە بەھرام ۋە مەلىكە دىلئارىز

(داستان)

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، رۇم شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى، ئىسمى ئادىل شاھ ئىدى. ئۇنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ چېھرى قۇياشتەك ۋە بەلكى سائادەت يۇلتۇزىدەك كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلاتتى، جانغا راھەت بېغىشلايتتى. قەددى - قامىتى سەرۋىدەك تۈپتۈز ئىدى. بەللىرى چۈمۈلىنىڭ بەللىرىدەك ئىنچىكە، كۆزلىرى كېيىك كۆزىدەك قارا ئىدى. لەۋلىرى غۇنچىدەك بولۇپ، بۇدۇر چاچلىرى سۇمبۇل ھالقىلارنى ھاسىل قىلغانىدى. نەزمە:

پەرىزادە، پەرى چېھرە، پەرىۋەش،
تۇشۇپ خالى خەتىدىن جانغا ئاتەش.

ئەلقىسسە، ئۇ ساھىبجامالنىڭ ئىسمى مەلىكە دىلئارىز خۇبان سەنەم ئاغىچا دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ قىز شۇنداق ئەقىللىك ۋە چېچەن ئىدىكى، ھەر كۈنى ئاتىسىنىڭ تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ دەۋاگەرلەرنىڭ ئەرز - دادلىرىنى سورايتتى. بارا - بارا بۇ قىزنىڭ ھۆسن - جامالى جاھان خەلقىگە مەشھۇر بولۇپ كەتتى. شەھەر - شەھەرلەردە، ۋىلايەت - ۋىلايەتلەردە قانچىلىغان پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەر بۇ قىزنىڭ تەرىپ تۇسىپىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئاشىقى بىقارار بولۇشتى. ئۇلار ئادىل پادىشاھقا: «قىزىڭىزنى ماڭا بېرىڭ» دەپ ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئاللاھازەل يەتمىشچە شەھەردىن ئەلچى كەلدى.

ئەلقىسسە، ئادىل شاھنىڭ ئەملاق ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ خەتلىرىنى پادىشاھقا كۆرسەتتى. پادىشاھ بۇ مەكتۇپلارنى كۆرۈپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا تەپەككۇر دەرياسىغا غەرق بولدى.

— ھەي ئەملاق، بۇ ئەلچىلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟ — دېدى پادىشاھ ۋەزىرىگە، — بۇنىڭغا ئۆزۈڭ بىر مەسلىھەت كۆرسەتكىن. بىر قىزغا بۇنچىۋالا پادىشاھلار ئەلچى ئەۋەتسە قايسىبىرىگە بېرىمىز. بىرىگە بەرسەك بىرىنىڭ كۆڭلى رەنجىيدۇ. بىز ئالدى بىلەن بىر مەسلىھەتلىشىۋالايلى. ئاڭغىچە سەن ئەلچىلەرگە قونالغۇ جاي تەييارلەپ بەرگىن.

ئەملاق ۋەزىر ئەلچىلەرگە قونالغۇ راسلاپ بەرگەندىن كېيىن پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ: «بۇ ئەلچىلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟» دېگەن خىيال بىلەن ئۇخلاپ قالدى.

ئەلقىسسە، ۋەزىر ئەملاق پادىشاھنىڭ يېنىدىن چىقىپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىردى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى ۋەزىر ئۇنىڭ-

غا، — ئۆزلىرى توغرۇلۇق پادىشاھقا يەتمىش شەھەردىن ئەلچى خەت ئېلىپ كېلىپتۇ. پادىشاھ بىرلا قىزىم بار تۇرسا قايسىبىرىدىگە بېرىمەن، بىرىدىگە بەرسەم يەنە بىرىنىڭ كۆڭلى رەنجىيدۇ» دەپ تەڭلىكتە قالدى ۋە بۇ توغرۇلۇق مېنىڭ مەسلىھەت بېرىشىمنى سوردى. ئەلچىلەرگە قونالغۇ راسلاپ بەردىم. سىز ئاقىل ۋە چېچەن قىز. بۇ ھەقتە بىر مەسلىھەت بەرسىڭىز.

— ئەي ئەملاق، — دېدى مەلىكە ۋەزىرگە، — ئاتامغا ئېيتقىن. بۇ ئىشتىن تولا غەمكىن ۋە پەرىشان بولمىسۇن. ئەلچىلەرنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتسۇن، ئۇلارغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن.

ئەتىسى ئەملاق ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام قىلدى. پادىشاھ:

— ئەي ئەملاق، — دېدى ۋەزىرگە، — بۇ ئەلچىلەرگە قانداق مەسلىھىتىڭ بار؟

— ئەي پادىشاھى ئالىيلىرى، — دېدى ئەملاق ۋەزىر، — مەن قىزىڭىز مەلىكە دىلرىزنىڭ قېشىغا كىرىپ نۇرغۇن شەھەر-ۋىلايەتلەردىن ئەلچىلەرنىڭ خەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشتا پەرىشان بولۇۋاتقانلىرىنى ئېيتقانىدىم، مەلىكە دىلرىز ماڭا: «ئاتامغا ئېيتقىن، بۇ ئىشتىن تولا پەرىشان بولمىسۇن. ئەلچىلەرنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتسۇن، ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دەۋاتىدۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولۇپ ئەلچىلەرنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئەلچىلەر مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرگەندىن كېيىن خەتلىرىنى بېرىشتى.

— ئەي ئەلچىلەر، — دېدى مەلىكە خەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، — ھەرقايسىڭىزلار ھەرقايسى شەھەر ۋە ۋىلايەتلەردىن كېلىپسىزلەر. بۇ ناھايىتى ياخشى. ئەمما مېنىڭ بىر شەرتىم بار. ئاتام ماڭا بىر ئورۇن تەييارلىسۇن. ئۇنىڭغا بىر مۇنار بىنا قىلدۇرسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر جۈپ ئالتۇن ناغرا، بىر جۈپ كۈمۈش چوكا تەييار قىلىپ قويسۇن. ئۇنىڭ ئەتراپى مەيدان بولسۇن. مەيداننىڭ ئەتراپى چاھارباغ بولسۇن. بۇ باغقا يەتمىش ئىككى خىل مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلسۇن. باغنىڭ ئىچىدە بىر كۆلچەك بولسۇن، كۆلچەكنىڭ لېۋىدە بىر شاھانە سۇپا بىنا قىلدۇرسۇن. سۇپىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئالەمدە بار ھەممە گۈللەرنى كۆچۈرسۇن. گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرسۇن. مېۋىلەر پىشىپ تۇرسۇن. ئېرىقلاردىكى سۇلار راۋان ئېقىپ تۇرسۇن. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە خۇش ئاۋاز جانىۋارلار سايرىشىپ تۇرسۇن. ئۇ مەيداننىڭ كەڭلىكى بىر پەرسەڭ① چامىسىدا بولسۇن. بىنا قىلىنغان مۇنارمۇ ناھايىتى ئېگىز بولسۇن، ئۇنىڭ يېنىدا قەسىر-ئايۋان ۋە ھۇجرىلار بىنا قىلدۇرسۇن. قەسىر-ئايۋانلارغا رەڭمۇرەڭ زىلچىلارنى سالدۇرسۇن، مەن كېنىزەكلىرىم بىلەن ئۇ ئايۋانغا چىقىپ ئولتۇرىمەن. ھەر كىم ماڭا ئاشىق بولسا، مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كۈمۈش چوكا بىلەن ئالتۇن ناغرىنى چالسۇن. مەن بۇ ئاۋازنى ئىشىتكەندىن كېيىن، يۈزۈمگە نىقاب تارتىپ، كېنىزەكلىرىم بىلەن مەيدانغا چىقىپ، مەيدان ئوتتۇرىسىغا تەخت قويۇپ ئولتۇرىمەن. ئاشىق بولغۇچى كىشى مەن بىلەن

① پەرسەڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ھەربىر پەرسەڭ تەخمىنەن 6·24 كىلومېتىر.

بېيت ئوقۇشۇپ شېئىر ئېيتالىسا، ئۇ ئادەم شاھ ياكى گاداي، باي ياكى مالاي، ياش ياكى قېرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا قوبۇل قىلىمەن. ئەگەر مەن بىلەن بېيت ئېيتىشىپ شېئىر ئوقۇيالمىسا، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئاشىقلار مۇنارىغا ئاستۇرىمەن. مېنىڭ شەرتىم شۇ.

ئەلچىلەر بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ مەلىكىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. پادىشاھ:

— ئىختىيار قىزىمدا. قىزىمنىڭ دېگىنى ھېساب، — دەپ ئەلچىلەرنى يولغا سالدى. ئاندىن ۋەزىر ئەملاققا:

— بۇ ئىشقا سەن مەسئۇل بول، — دېدى.

ئەلچىلەر ئۆز شەھەرلىرىگە قايتىپ شاھزادىلەرگە مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىنى مەلۇم قىلىشتى.

ئەلقىسسە، ئەملاق ۋەزىر رۇم شەھەرىگە تەۋە بارلىق شەھەر، يۇرت، كەنتلەرگە، سەھرالارغا ھاشار ئاتۇنگى قويۇپ شۇنداق يارلىقنامە چىقاردى:

«يۇرت بېگى، مىلك بېگى، قازى بېگى، دىۋان بېگى، مىراب بېگى، تۈمەن بېشى، مىڭ بېشى، يۈز بېشى، كۆك بېشى، قاپ بېشى قاتارلىق ئىسمى يوق بەگلەرگە جىسمى يوق باشلارغا، قاپىقى يوق باراڭلارغا، مېڭىسى يوق ساراڭلارغا، چوڭ-كىچىك، ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممە يۇرت خەلقىگە مەلۇم بولسۇنكى، ھەممەيلەن رۇم ئوردىسىنىڭ ئالدىدا مەلىكىنىڭ چاھارباغ ئارام گۈلىستانى ۋە شەۋكەتلىك مەيدانى ئۈچۈن ئىشلىسۇن. ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىسىدىن باشلاپ قىرىقى ئادەملەر بىردىن كەتمەن، بىردىن زەمبىل، ئوزۇق-تالقان، قىلىچ-قالقان، چويۇن-داڭقان قاتارلىق نەرسە-كېرەكلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ ئەملاق ۋەزىرگە ئىشلەپ قايتقاي. مۇبادا بۇ ئىشتا ھايال بولساڭلار، قاتتىق جازالاپ زىندانغا تاشلايمەن. ئاسانلىقچە گۇناھىڭلاردىن ئۆتمەيمەن.»

چاپارمەنلەر پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاش بىلەنلا يۇرت-يۇرتلاردىن ھاشارلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئەملاق ۋەزىرگە تاپشۇردى.

ئەلقىسسە، ئەملاق ۋەزىر رۇم شاھى ئوردىسىنىڭ ئالدىدا بىر كەڭرى مەيدان ياسىدى. مەيداننىڭ يېنىغا بىر چاھار باغ بىنا قىلدى. ئۇ باغقا يەتمىش ئىككى خىل مېۋىلىك دەرەختىن كۆچەت قويدى. كۆچەتلەردىن ئالدى بىلەن خورما، ئەنجۈر، ئالما، ئۈزۈم، ئانار، جىنەستە، ئالۇچا، بالۇچا، ئەينۇلا، شاپتۇل، زەردولا، بىھى، ئامۇت، نەشپۈت، ياڭاق، چىلان، جىگدە، ئۈجمە، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى بەرپا قىلدى. باغ ئوتتۇرىسىغا بىر كۆل قېزىپ، يېنىغا بىر شاھانە سۇپا بىنا قىلدى.

ئۇنىڭ ئەتراپىغا جاھاندا بار گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى كۆچۈردى. گۈللەردىن ئالدى بىلەن قىزىلگۈل، سېرىقگۈل، تاجىگۈل، ئەنبەرگۈلى، رەيھانگۈل، ساباگۈل، مەخمەلگۈل، ھىندىستان گۈلى، خىتاي گۈلى، ھەمجۇگۈل، باھارگۈل، ئارجانگۈل، ياسەمەنگۈل، لەيلىگۈل، چىمەنگۈل، قازاقگۈل، ھەشقىپىچەك گۈلى، زەپەرگۈل، زەيتۇنگۈل، سەۋزىگۈل، تولدۇرماگۈل، قامچىگۈل، ساپاق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىمز گۈل، قاراگۈل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چاھارباغقا كۆچۈردى.

گۈللەر ئېچىلدى. مېۋىلەر چېچەكلەپ پىشتى، ئېرىقلاردىكى سۇ راۋان ئېقىشقا باشلىدى. جانىۋارلار بۇلبۇل، شاتۇتى، كەكلىكلەر قىزىلگۈللەر ئارىسىدا سايراشقا باشلىدى. باغنىڭ تۆت ئەتراپىغا جاھاندا بار دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى تىكتى. بۇ چاغدا شۇنداق خۇش ھاۋالىق باغچە بولدىكى، يەر يۈزىدە بۇنداق باغچىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى. ھېچقانداق بىر پادىشاھ بۇنداق باغچە ياسىتىپ باقمىغانىدى. باغچىنىڭ خۇش پۇراقلىرى ئادەمنىڭ دىماغلىرىغا ئەتىر ھىدلىرىنى تولدۇراتتى.

ئەلقىسسە، باغنىڭ يېنىغا بىر مۇنار ياساتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتمىش پەلەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولاتتى، مۇنار ئۈستىگە ئالتۇن ناغرا بىلەن كۈمۈش چوكا تەييار قىلىپ قويدى. مۇنارنىڭ يېنىغا بىر قەسىر بىنا قىلدۇردى. ئۇ يەردە كۈمۈش كۇرسى، ئالتۇن تەخت قويدۇرۇپ ئۈستىگە رۇمنىڭ قىممەت باھالىق ماتالىرىدىن پاياندار سالدۇردى. كارىۋات سۇپىلارغا ھەر خىل ئەتىۋارلىق بىساتلاردىن تۆشەكلەرنى سالدۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مولۇن تېرىسى، كىمخاب، مەخمەل، تەتىللا قاتارلىق ئېسىل يوپۇقلارنى يېپىپ قويدى. قەسىر يېنىدا بىر ئازادە مەيدان بىنا قىلدۇرۇلدى. ئەملاق خالايىقنى شۇنداق قاتتىق ئىشلەتتىكى، بۇ ئىمارەتلەر مەلىكىنىڭ دېگىنىدىن يۈز ھەسسە زىيادە ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسالدى. بۇيرۇلغان ھەممە نەرسىلەر تەييار بولدى. ئادىل پادىشاھ ھاشارغا ئىشلىگەنلەرگە يۈز تەڭگىدىن پۇل، يۈزدىن نان ئىنئام بېرىپ ئۆز يۇرتلىرىغا ياندۇردى. ئۇلار بۇ زۇلۇم-جاپادىن قۇتۇلغانلىقىغا يۈز مىڭ شۈكرى-سانالارنى ئېيتىپ ئۆز كەنتلىرىگە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئەملاق ۋەزىرگە جار سالدۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئەملاق ۋەزىر جارچىغا جار سالدۇردى. جارچى خالايىققا: «ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇ خاس، پادىشاھ ئادىلنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ساھىبجامال قىزى بار، ھەرقايسى شەھەر ـ ۋىلايەتتىن ھەرقانداق بىر كىشى مەلىكە دىلرىز خۇبان سەنەم ئاشىچىغا ئاشىق بولسا، خاھى شاھ، خاھى گاداي بولسۇن، خاھى مالاي بولسۇن، خاھى قېرى، خاھى ياش بولسۇن مەلىكە بىلەن تەڭ بېيىت ئوقۇپ شېئىر ئېيتىشالىسا، شۇ كىشى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ كىشىدىن تويغا ھېچ نەرسە ئېلىنمايدۇ. شاھنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ. ئەگەر بېيىت ئوقۇش، شېئىر ئېيتىشتا مەلىكىگە تەڭ كېلەلمىسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ بېشى كېسىلىپ، ئاشىقلار مۇنارىغا ئېسىلىدۇ...» دەپ جار سالدى. مەلىكە ئۆزىگە زىبۇ زىننەت بېرىپ چاھارباغقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ باغقا «باغى ئىرەم جەننەت بېغى» دەپ ئات قويۇلدى.

ئەلقىسسە، مەلىكىنىڭ داڭقى پۈتكۈل ئالەمگە تارالدى. ئۇنىڭ شائىر ۋە دانالىقى جاھانغا پۇر كەتتى، مەلىكىنىڭ داڭق تۇسىپىنى ئاڭلاۋېرىپ خالايىقنىڭ قۇلاقلىرى گاس بولاي دېدى. مەلىكىنىڭ خەۋرىنى شاھزادىلەرگە ئېيتقان كىشىلەر

كاتتا ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلاندى. مەلىكىنىڭ چىرايلىق، خۇش خۇي، چېچەن شائىرلىقىنى ئاڭلاپ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈرىكى داغلاندى. مەلىكىنىڭ ئېغىر شەرتلىرى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن قورقۇنچاق كىشىلەرنىڭ يوللىرى باغلاندى.

ئەلقىسسە، نۇرغۇن شاھزادىلەر مەلىكە بىلەن شېئىر ئېيتىشقىلى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەلىكىگە تەڭ كېلەلمەي باشلىرىدىن ئايرىلدى. مەلىكە شۇ يوسۇندا تۆت يۈز سەكسەن ئاتتە شاھزادىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئاشىقلار مۇنارىغا ئاستى، بۇ خەۋەر پۈتۈن ئالەمگە تارقالدى.

ئەلقىسسە، رۇم شەھىرىدە قۇبەيس ئىسىملىك بىر بوۋاي بار ئىدى. يېشى يەتمىشتىن ئاشقانىدى. ئۇ مەلىكىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، غايىبانە ئاشىق بولدى. بىر كۈنى قۇبەيس بوۋاي مەلىكە بىلەن بېيىت ئېيتىشىش ئۈچۈن ئوردا ئالدىدىكى مۇنار بېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مەلىكىنىڭ يۈز مىڭ ناز ۋە نازاكەتلەر بىلەن مۇنار ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇنى كۆرۈش بىلەنلا بوۋاينىڭ يۈرەك باغرىغا ئوت تۇتىشىپ مەلىكىنىڭ ئىشتىياقىدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

تۇتاشتى ئىشق ئوتى جانغا چىغىن چاق-
قاندەك ئەي ساقى،
بولاي بىر بادە تۇتساڭ يېڭى جان تاپ-
قاندەك، ئەي ساقى.
بۇ جانغا ئىشق ئوتى چۈشتى يۈرەكنى
پارىلەر ئەيلەپ،
تەجەللى يۈزىدىن تور ئۈزرە ئوت سالغان-
دەك، ئەي ساقى.
سېنىڭ ھۆسنى جامالىڭ مىسلى ئوتدۇر
بەرق ئىلە باران،
يادا تاشىغە قان يەتكەچ ياغمىن ياغقاندەك،
ئەي ساقى.
ياغار يامغۇردەك ئىشكىم چۈن بولۇر لەئى-
لىڭ شاراب ئالۇد،
قوشۇلماق ھەم مۇيەسسەردۇر مېنى تۇت-
قاندەك، ئەي ساقى.

ئەلقىسسە، ئۇ بوۋاي مەلىكىنىڭ ئىشتىياقى بىلەن مۇنارىنىڭ يېنىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ياتتى. كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئىشق ئوتىدا شەيدا بولۇپ كۈنلەرنى تۈنگە ئۇلىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مەلىكە يەنە مۇنار ئۈستىگە چىقتى. مەلىكە يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بۇ بوۋاينى كۆرۈپ:

— ئەي بوۋا، بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي مەلىكەم، — دېدى بوۋاي، — سىزنىڭ ھۆسن جامالىڭىزنى كۆرۈپ ئاشىقى شەيدا بولدۇم، ئۈچ كۈندىن بېرى جامالىڭىزغا ئىنتىزاردۇرمەن. سىز بىلەن بېيىت ئوقۇپ، شېئىر ئېيتىشىپ قېرىغان ۋاقتىمدا سىز بىلەن كۈنۈمنى راھەتتە ئۆتكۈزەي، دەپ بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

مەلىكە كۆڭلىدە: «بۇ بوۋاينىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشمۇ قىيىن بولسا كېرەك. مەن بۇ بوۋايدىن بىر سوئال سوراپ كۆرەي، جاۋاب بېرەلمەي كېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ بوۋايدىن:

— ئەي بوۋا، — دېدى مەلىكە، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىزنى بۇ يەردىن كېتىدىك دېسەم ئۇنىمە-
غۇدەكسىز. ئەگەر ماڭا راستىلا ئاشىق
بولسىڭىز بېيىت ئېيتىپ بېقىڭ.
قۇبەيس بوۋاي دەرھال بۇ بېيىتنى
ئېيتتى. نەزمە:

ھېچ كىشى سەندەك جاھاندا، دىلبىرىم،
رەنا ئەمەس.
بىر مېنىڭدەك ھېچ كىشى يارىم ساڭا
شەيدا ئەمەس.

مەلىكە كۆڭلىدە: «بۇ بوۋاي بېيىتنى
ياخشى ئوقۇدى. ئەمما ئۇ ياشلىق مەۋسۇ-
مى كېتىپ، قېرىلىق مەزگىلىگە يەتكەن
بوۋاي ئىكەن» دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قېرىلار يايىنى تارتار، ئوت ئاتالماس،
ئەگەر ئاتقان بىلەن ھەرگىز قادالماس.
قاشىدا ياتسا ناگاھ نازىنىن قىز،
كېچە تاڭ ئاتقۇچە بىر سۆز قاتالماس.

بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي بۇ بېيىتنى
ئوقۇدى:

ئەي مەلىكەم مەن سېنى ھەر كۈندە مىڭ
كۆرگۈم كېلۇر،
كۆرمىسەم ئايدەك يۈزۈڭنى، كۈندە مىڭ
ئۆلگۈم كېلۇر.
تەقدىرى ئاللا بىلە بىزگە ۋىسال بولغان
زامان،
لەۋلىرىڭگە، ئەي مەلىكەم، كۈندە مىڭ
سۆيگۈم كېلۇر.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي بوۋاي، كەتكىن بۇ يەردىن سەن ماڭا
ئاشىق ئەمەس،
سەن قېرى، مەن ياش قاراپباق ئىككىمىز
لايىق ئەمەس.
نەچچە يۈز شاھزادىلەر ئىشقىمدا كەتتى
دۇنيادىن،
ساڭا خۇش ياققان بىلەن كۆڭلۈم مېنىڭ
مايىل ئەمەس.

مەلىكە بېيىت ئوقۇپ بولۇپلا كۆڭ-
لىدە: «بۇ بوۋاي بېيىتنى ياخشى ئوقۇدى.
ئۆزى قېرىغان بولسىمۇ كۆڭلى ياش
ئىكەن. ئىشنىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا
ئۇنىڭدىن قۇتۇلاي» دەپ ئويلاپ «جاللات»
دەپ ۋارقىرىدى، بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي
جېنىنى غەنىيمەت بىلىپ بىر كوچىغا قاراپ
يۈرۈپ كەتتى. بوۋاي جېنىنىڭ ئامان
قالغانلىقىغا يۈز مىڭ شۈكرىلەرنى ئېيتىپ
ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئاردىن يەتتە
ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى بوۋاي چۈشىدە
مەلىكىنى كۆرۈپ ئويغاندى. ئۇ مەلىكى-
نىڭ ھىجرىدە سەرگەردان بولدى-دە،
مۇنار يېنىغا يەنە كېلىپ، بىر بۇلۇڭدا
يىغلاپ ئولتۇردى.
ئەلقىسسە، مەلىكە دىلرىز خۇبان سەنەم
ئاغىچىنىڭ گۈلئەندام ئىسىملىك بىر
كېنىزىكى بار ئىدى. گۈلئەندام بوۋاينىڭ
بۇلۇڭدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.
ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ئەي بوۋاي، نېمە ئۈچۈن يىغلاي-
سەن؟ — دەپ سورىدى.
— نېمىشقا يىغلىماي، — دېدى
بوۋاي، — مەلىكىنىڭ ھۆسن-جامالىنى
كۆرگەندىن بېرى ماڭا ئاراملىق يوق.
بۈگۈن كېچە مەلىكىنى چۈشۈمدە كۆرۈپ
ئىچىمگە قايتىدىن بىر ئوت تۇتاشتى.
مەلىكىنىڭ ئىشق پىراقىدا يۈرىكىم كۆيۈپ

كاۋاپ بولدى. شۇڭا مەلىكىنىڭ هۆسن-جامالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇردۇم.

— ئەي بوۋا، — دېدى مەلىكە، — سەن قېرىپ قاپسەن، ساقىلىڭغا ئاق كىرىپتۇ. يەنە ئاشىقلىق دەۋاسى قىلىۋاتىسەن. سەن ئەمدى خىلۋەت بىر جايدا ئولتۇرۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە توۋا قىلىپ، ئاخىرەتنىڭ غېمى بىلەن كۈن ئۆتكۈزسەڭ بولماسمۇ؟

— ئەي مەلىكەم، بۇ دېگەنلىرىڭغۇ راست، — دېدى بوۋاي، — لېكىن مەلىكىنىڭ ئىشق ئوتى ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ هېچ تاقىتىمنى قويمىدى. مەلىكىنىڭ هۆسن-جامالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالسام، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق.

گۆلئەندام بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ مۇنداق مەلۇم قىلدى:

— ئەي خانىم، ئىلگىرى بىر قېتىم كېلىپ بېيىت ئوقۇغان بوۋاي يەنە كېلىپ مۇنار يېنىدا ئولتۇرىدۇ. «بۇ يەردىن كەتكىن» دېسەم، «مېنىڭ يۈرەك باغرىم مەلىكىنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولدى. ئۇنىڭ هۆسن-جامالىنى يەنە بىر كۆرسەم مۇرادىم هاسىل بولاتتى. شۇ چاغدا ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. شۇنچە سۆزلەرنى قىلساممۇ كەتكىلى زادى ئۇنىمىدى. ئامال قىلالماي قايتىپ كىردىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مەلىكە، — بىر تاختايغا سۈرىتىمنى سىزىپ بوۋايغا بېرەي، ئۇنى كۆرسە مېنى كۆرگەندەك بولار، بۇنىڭغا ئۇنىمىسا ئۆلتۈرىمەن.

مەلىكە قولىغا دۇۋەت قەلەم ئېلىپ بىر تاختايغا سۈرىتىنى سىزىپ گۆلئەندامغا بېرىپ:

— بۇنى بوۋايغا بەرگىن. ئۆيىگە ئاپىرىپ كۆڭلىنى خۇش قىلسۇن، — دېدى.

— گۆلئەندام سۈرەتنى ئېلىپ چىقىپ بوۋايغا بەرگەندىن كېيىن:

— بۇ سۈرەتنى مەلىكەم سىزىپ بەردى. ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ، سۈرەتكە قاراپ كۆڭلۈڭنى خۇش قىلغىن. ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ مەلىكە سېنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىڭنى ئاشۇ قەلئەلار مۇنارىغا ئاسىدۇ، — دېدى.

قۇبەيس بوۋاي سۈرەتنى كۆرۈپ خۇشال بولغان هالدا ئۆيىگە قايتتى. بوۋاي هەر كۈنى سۈرەتكە قاراپ زار-زار يىغلايتتى. بوۋاينىڭ بالىسى ئاتىسىنىڭ بۇ هالىنى كۆرۈپ «ئاتام دىۋانە بولۇپتۇ» دەپ مەسخىرە قىلدى. بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ، بالا ۋە ئۆي بىساتىنى تاشلاپ سۈرەتنى ئېلىپ باياۋانغا قاراپ يولغا چىقتى. چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، بىر تاغنىڭ باغرىغا يەتتى. ئۇ تاغدىن بىر غارنى ماكان تۇتتى. مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى ئۆزىدىن يېرىم سائەتمۇ يىراق قىلماي، سۈرەتكە قاراپ كېچە-كۈندۈز يىغلايتتى. قورسىقى ئاچسا قومۇشنىڭ يىلتىزىنى تاماق قىلىپ يەيتتى. بوۋاينىڭ كۈنى ئەنە شۇنداق ئۆتتۈەردى.

ئەلقىسسە، ئەمدى داستاننى شاھ بەهرامدىن ئىشىتىڭ. چىن خاقانىنىڭ بەهرام ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى شاھزادە شىكار قىلىشنى ئىختىيار قىلدى. سەپەر تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن ئوۋ قۇشلىرىدىن قارچىغا، لاچىن-

لارنى ئېلىپ بىر توپ يىگىتلەر بىلەن شىكارغا ئاتلاندى. تۇساتتىن بىر كىيىك شاھزادە بەھرامنىڭ ئالدىدىن قاچتى. شاھزادە كىيىكنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. كىيىك تاغنىڭ باغرىغا كىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. شاھزادە نائىلاج قايتماقچى بولۇۋىدى، قۇلقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ باقتى. ئاۋاز تاغدىكى غاردىن چىقىۋاتاتتى. شاھزادە ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى بىر تۈپ چىنارغا باغلىدى-دە، غارنىڭ ئالدىغا كىلىپ قۇلاق سالدى. شاھزادە غار ئىچىگە قارىسا بىر بوۋاي تاختايغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. نەزمە:

غېرىبىۇ مىسكىنۇ بىچارىدۇرمەن،
مەلىكەم ئىشقىدا ئەۋارەدۇرمەن.
كى مەندەك ئاجىزۇ ئەۋارەلەرنى،
كى ئىشق ئوتىدا كۆيگەن زارەلەرنى.
ھەممە ھاجەتلىرىمنى سەن راۋا قىل،
كەرەم لۇتفىڭ بىلە دەردىم داۋا قىل.
ئانىڭ ئىشقى مېنى قىلدى پەرىشان،
كېچە-كۈندۈز يۈرۈرمەن زارۇ ھەيران.
ھەمە مۇشكۇل ئىشىم ئالدىڭدا ئاسان،
قاۋۇشتۇرماق، خۇدايا، ساڭا ئاسان.
ئىلاھا، بۇ غېرىبنى شاد قىلغىن،
مەلىكەمنى ماڭا ئىرشاد قىلغىن.

شاھزادە بەھرام قۇبەيىسنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي بوۋا، نەدىن‌كەلدىڭ؟ نېمە دەپ بۇ غار ئىچىدە يالغۇز يىغلاپ ئولتۇرىسەن؟ قولۇڭدىكى نېمە قىلىدىغان تاختا؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىسىنى سورايسەن، يىگىت، رۇم پادىشاھىنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ناھايىتى گۈزەل بىر قىزى بار. مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانمەن. بۇ تاختايدىكى شۇ مەلىكىنىڭ سۈرىتى، — دەپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى بوۋاي.

شاھزادە بەھرام تاختايدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ، بىر ئاھ ئۇردى-دە، ھوشىدىن كەتتى. ئۇ مەلىكىگە ئاشىق بىقارار بولدى. شاھزادە شۇ ياتقانچە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئاندىن مەلىكىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تاختاينى قولىغا ئېلىپ:

— بوۋا، سەن مەلىكىنى شۇنچە ماختىدىڭ، ئۇ راستىنلا مۇشۇ سۈرەتتىكىدەك گۈزەلمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ مەلىكىنىڭ ھۆسن-جامالى بۇ سۈرەتتىكىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق گۈزەل، — دېدى بوۋاي ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىغىنىچە ئاندىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

ئاتلارى چۇن مەلىكە دىلرىزدۇر،
ھۆسنىنى كۆرمىگەنلەر ئۈسسۈزدۇر.
ساچلارى چۇن كۆكۈلنى بەند ئەتمىش،
قاشلارى خەتتى خالى قۇندۇزدۇر.
قەدى قامەتلەرى سەنەۋەردەك،
ھېغزى يوق بىر ئەلىف كەبى تۈزدۇر.
كۆزلەرى ھەم قافاقلارى قىيغاچ،
ھەم ئۇ زارى مەڭىزلارى ئۇزدۇر.
لەبى لەئل بەسى ئېرۇر جان بەخشش،
ھەم بىنا گۇشە زۆھرە يۇلدۇزدۇر.
بويىنى سۇقسۇر كەبى نەراۋەتلىك،
سىينەسىدە ئىككى ئالما قىرمىزدۇر.
قىلدى تەئرىق ئول پەرىۋەشنى،
بۇ قۇبەيس ئىشق ئوتىدا جاندۇردۇر.

شاھزادە بەھرام بۇ بېيىتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي بوۋاي، مەلىكىمنىڭ ئىشقىدا كۆپ جاپالارنى تارتىپسەن. مەن بىلەن بىزنىڭ شەھەرگە بارغىن. ساڭا قولۇمدىن كېلىشىچە ئىلتىپات قىلاي، — دېدى.

قۇبەيس ماقۇل بولۇپ شاھزادە بەھرامنىڭ كەينىدىن يولغا راۋان بولدى. شاھزادە ئادەملىرى بىلەن تېپىشىپ، بوۋاينى ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەرگە قايتتى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن قۇبەيسكە بىر ئۆينى مېھمانخانا قىلىپ بەردى. بوۋاي شاھزادىنىڭ ئىلتىپاتىدىن خۇش بولدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە بەھرام شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەلىكىگە غايىبانە ئاشىق بولدى. مەلىكىمنىڭ ئىشقىدا كېچە-كۈندۈز كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، تاماقتىنمۇ قالدى. خىزمەتچىلەر شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى خاقانى چىنغا مەلۇم قىلدى. بىر كۈنى خاقانى چىن شاھزادىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، ئۈچ-تۆت كۈن بولدى. چىرايىڭىز سارغىيىپ كېتىپتۇ. مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ ياكى بىر غەم-غۇسسىگە گىرىپتار بولدىڭىزمۇ؟ بولارنى يوشۇرماي ماڭا ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى.

— ئەي ئاتا، مەندە غەم-غۇسسىدىمۇ، كېسەلدىنمۇ ئەسەر يوق. مەن بىر دەردكە گىرىپتار بولدۇم، — دېدى شاھزادە.

خاقانى چىن:

— ئەي بالام، نېمە دەردكە گىرىپتار بولدۇڭ؟ قانداق دەردىڭ بولسا ماڭا دەۋەرگىن، — دېدى.

شاھزادە بەھرام:

— ئەي ئاتا، رۇم شەھىرىدە ئادىلشاھ دېگەن بىر پادىشاھ بار ئىمىش. بۇ پادىشاھنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىكەن. ئۆزى شائىر ۋە دانا ئىكەن. مەن ئاشۇ مەلىكىمنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. رۇخسەت قىلسىڭىز، رۇم شەھىرىگە بېرىپ ئۇنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولسام. بولمىسا ماڭا بۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلگىنىم ياخشىراق، — دېدى.

— ئوغلۇم، — دېدى چىن خاقانى، — بۇ ئىشقا بەش-ئون كۈن سەۋر قىلغىن. مەن بىر كېڭەش قىلاي.

شاھزادە ماقۇل بولۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. شاھزادىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە يامانلاشتى. ئاخىر ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئاتا، ماڭا رۇخسەت بەرگىن. مېنىڭ تاغدەك بەدىنىم سىمابتەك زەئىپ بولدى. بۇنداق دەرد-ئەلەمدە يۈرگىچە ئۆلگىنىم ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

چىن خاقانى نائىلاج ئوغلىغا رۇخسەت بەردى. پادىشاھ شاھزادىگە بەش يۈز تۆگىگە لەئل-ياقۇت، ئۈنچە-مارجان، مەرۋايىت، زۇمرەت، دۇررى-جاۋاھىر ۋە يۇرتنىڭ ماتالىرىدىن راسلاپ بەردى. تۆت يۈز ئالتۇن مەپە ياسىتىپ بىر مىڭ بەش يۈز يىگىتنى قوشۇپ بەردى. يۈز كېمە بىلەن خاقانى چىن شاھزادىنى ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە بەھرام لەشكەرلىرى بىلەن ئالتە كۈن يول يۈرۈپ بىر مەنزىلگە چۈشتى. شاھزادە لەشكەرلىرىنىڭ ئاھ-پەرياد چېكىشىۋاتقانلىقىنى

www.uyghurkitap.com



ئاڭلاپ قۇلاق سېلىپ تۇردى. ئۇلاردىن بىرى: «ۋاي خۇدايىم، ۋاي پەرزەنتىم» دېسە، يەنە بىرى «ئاھ ئاتام، ئاھ ئانام» دەيتتى. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئاھ-پەريادلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە: «بۇلارغا ھەقىقەتەن ئۇۋال بولۇپتۇ. ئۇلارغا رۇخسەت بېرەي قايتىپ كەتسۇن» دەپ ئويلىدى ۋە:

— سىلەر قايتىپ بېرىپ بالا-چاقاڭلار بىلەن جەم بولۇڭلار. رۇم شەھرىگە ئۆزۈم بارىمەن، — دەپ ئۇلارنى قايتۇردى-دە، ئۆزى يالغۇز رۇم شەھرىگە قاراپ راۋان بولدى. نەچچە كۈن چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپ، جاپا-مۇشەققەتلەر تارتىپ مەلىكىنىڭ چاھار بېغىغا يەتتى. شاھزادە ئاشىقلار مۇناردا ئېسىقلىق تۇرغان تۆت يۈز سەكسەن ئالتە شاھزادىنىڭ بېشىنى كۆرۈپ، ئۆز جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئۆز ئايىغىم بىلەن ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپتىمەن» دەپ ئويلىدى. ئاندىن يەنە «ئاشىقلىق دەۋاسىنى قىلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئەمدى قايتىپ كېتىش مۇناسىپ ئەمەس» دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شاھزادە مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئالتۇن ناغرىنى كۈمۈش چوكا بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، ناغرا ساداسى شەھەرنى بىر ئالدى. بۇ چاغدا مەلىكە دىلرىز قەسىردە ئۇخلاۋاتاتتى. ناغرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ گۈلئەندامنى چاقىردى.

— سەن چىقىپ قاراپ باققىن، — دېدى ئۇ گۈلئەندامغا، — يەنە قايسى ئەجەللى ئۇشقان كەلدىكىن.

گۈلئەندام چىقىپ قارىسا بىر ياش يىگىت تۇرۇپتۇ. كېنىزەك بەھرامدىن:

— ئەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭىز؟ نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى.

شاھزادە بەھرام:

— ئەي كېنىزەك، مەلىكىگە خېرىدار بولۇپ كەلدىم، — دېدى. كېنىزەك:

— ھەرقانداق كىشى مەلىكىگە بېيىت ئوقۇشتا تەڭلىشەلمىسە ئاندىن ئۇ كىشىگە ئۆزىنى قوبۇل قىلىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭغا قىلچە رەھىم قىلماي بېشىنى كېسىپ ئاشىقلار مۇنارىغا ئاسىدۇ، — دېدى.

— دېگەنلىرىڭ بەرھەق، — دېدى شاھزادە، — مەن مەلىكىگە چىن كۆڭلۈمدىن ئاشىق بولۇپ بۇ يەرگە كەلدىم. مەلىكە بىلەن كۆرۈشمەي كەتمەيمەن.

گۈلئەندام مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي مەلىكەم، بىر كېلىشكەن ياش يىگىت سىزگە خېرىدار بولۇپ كېلىپتۇ. شۇنچە نەسىھەت قىلساممۇ قوبۇل كۆرمىدى، — دېدى.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، كىيىملىرىنى كىيدى. يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرتتى. قۇلىقىغا ھالقىلارنى سېلىپ ئۆزىنى تۈزدەك ياساپ، كېنىزەكلىرىنى كەينىگە سېلىپ مۇنارنىڭ يېنىدىكى مەيدانغا كەلدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كۈمۈش كۇرسى ئالتۇن تەخت قويدۇرۇپ تۆپىسىگە زەرباپتىن يوپۇق ياپتۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلىكە قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئولتۇردى. ئاندىن شاھزادىگە كۈمۈش كۇرسى قويدۇرۇپ بەردى. شاھزادە بەھرام مەلىكىگە شاھانە سالام ۋە تەزىم رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. مەلىكە شاھزادە بەھرامنى كۆرۈپ شاتۇتىدەك سۆزگە كىردى:

— ئەي يىگىت، قايسى باغنىڭ گۈلسىز، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلسىز؟ قايسى سەدەپنىڭ گۆھەرسىز؟ قايسى ئۇۋۇدىن پەرۋاز قىلىپ كەلدىڭىز؟ نامە-نەسەبىڭىزنى ماڭا بايان قىلىڭ،— دېدى.

— مەن خاقانى چىن پادىشاھىنىڭ ئوغلىمەن،— دېدى شاھزادە بەھرام. سىزنىڭ تەرىپ-تۆسىپىڭىزنى ئاڭلاپ، بېلىمنى ئىككى يەردىن باغلاپ، سىزنىڭ ئىشق-پىراقىڭىزدا يۈرىكىمنى داغلاپ، چىن ۋىلايىتىدىن كەلدىم. نېمە قىلسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە،— دېدى.

— مېنىڭ ئىسمىم سەنەم ئاغىچا. سىز ئىسمىمنى قوشۇپ تۆت مىسرا بېيىت ئوقۇڭ. ئەنە شۇ چاغدا سىزنىڭ ماڭا ئاشىق ئىكەنلىكىڭىز ئاشكارا بولىدۇ،— دېدى مەلىكە.

شاھزادە بەھرام خۇشال بولۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

ئەي سەنەم، لەئلى لەبىڭ بىسيار مەيگۇندۇر بۇگۈن،
كۆزلەرىڭ فەغفۇرى چىن يا تازە پەرخۇندۇر بۇگۈن.
يا مېنىڭ خاسىيەتىمدۇر ياكى ئەكسى ئارەزىڭ،
گۈلشەنى كۆردۈم مەگەر جەننەتتىن ئەفزۇندۇر بۇگۈن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

ئاي يۈزۈم سۈزۈكلىكى چۇن سەرۋى مەۋزۇندۇر بۇگۈن،
بارچە ئالەم ئىشتىياقىمدا جىگەر خۇندۇر بۇگۈن.
بۇ قىزىل كېيگەن تەمام قىزلار كېنىزەكىم مېنىڭ،
جىلۋە-جىلۋە ھەر تەرەف سەد باغى كەلگۇندۇر بۇگۈن.

شاھزادە بەھرام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

ئارى-ئارى ئارەزىڭ تىغى نەمايانىدۇر بۇگۈن،
ۋەھشەتىڭدىن دەشتۇ سەھرا قىپقىزىل قاندۇر بۇگۈن.
رەھىم قىلماي كۆپ كىشىنى خۇنى ناھەق ئەيلەدىڭ
بۇ سېنىڭ زۇلمىڭگە يۈز ھۇججاج ھەيراندۇر بۇگۈن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

بۇ يىگىتنىڭ چېھرەسى چۇن تۇرفە كەلگۇندۇر بۇگۈن،
ياخۇمارى شوربىدۇر يا مەستى ئەفيۇندۇر بۇگۈن.
يا ئۆلۈمنىڭ ۋەھمىدىن ھەر سۆزنى بىلمەي ئايتادۇر.
يا مەگەر دىۋانەمۇ يا زادە مەجنۇندۇر بۇگۈن.

شاھزادە بەھرام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

دىلبەرىمنىڭ قەددى رەشكى سەرۋى مەۋزۇندۇر بۇگۈن،
باردۇر لەئلى لەبى گوياكى مەيگۇندۇر بۇگۈن،
كەلدى يۈزمىڭ ئادەمنىڭ باشىنى كەسكەن كىشى،
ئەي كۆڭۈل، مەردانە بول ئاشىق ئۆلەر كۈندۇر بۇگۈن.

مەلىكە كۆڭلىدە: «بۇ قالتىس يىگىت ئىكەن» دەپ ئويلىدى. مەلىكىنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدىكى، ھەرقانداق بىر كىشى شېئىردا ئۇنى يېڭىۋالاي دېسە، دەرھاللا يۈزىدىكى نىقابىنى ئاچاتتى. مەلىكىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرگەن ھەرقانداق دانا شائىرمۇ ھوشىنى يوقىتىپ ئەقلىدىن ئازاتتى. بەزىلىرى بىھوش بولۇپ يىقىلاتتى. شۇ چاغدا مەلىكە ئۆلۈمگە بۇيرۇيتتى. مەلىكە يۈزىدىكى نىقابىنى كۆتۈردى. شاھزادە بەھرام مەلىكىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ «ئاھ» دەپ ھوشىدىن كەتتى. مەلىكە: «جاللات» دېگەندى، توققۇزدىن ئون سەككىز جاللات كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى پۈت ۋە قوللىرىنىڭ تىرناقلىرىنى ھالقا قىلىپ بويىنغا ئېسىۋالغانىدى.

— لەببەي، ھۆرمەتلىك مەلىكەم. كىمنىڭ ئەجىلى يەتتى؟ بۇيرۇق قىلسىلا، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، يەر يۈزىدىن يوق قىلغايمىز، — دېيىشتى جاللاتلار.

مەلىكە تۆت جاللاتقا:

— بۇ يىگىتنى ئېلىپ چىقىپ بېشىنى كېسىڭلار، كېسىلگەن بېشىنى ئاشىقلار مۇنارىغا ئېسىڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى.

جاللاتلار شاھزادە بەھرامنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. يولدا ئۇلارغا مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسى ئۇچراپ قالدى. ئىنىكئانا قارىسا نۇرانە ساھىبجامال يىگىت ئىكەن. شاھزادىنىڭ ئاپئاپپاق جامالىنى كۆرۈپ ئىنىكئانىنىڭ رەھمى كەلدىدە، جاللاتلارغا:

— مەن چىققۇچە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. بۇ يىگىتنىڭ گۇناھىنى مەلىكىدىن تىلىۋالاي. گۇناھىدىن ئۆتسە ئەجەب ئەمەس. ئەگەر گۇناھىدىن ئۆتمىسە، مەن بەرگەن سۈتۈمگە رازى ئەمەس، — دېدى.

ئىنىكئانا مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي قىزىم، مەن جاللاتلارنىڭ ساھىبجامال بىر يىگىتنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ گۇناھىنى سىزدىن تىلەيمەن، ئۇنى ئۆلتۈرمىسىڭىز، — دېدى.

— بۇ يىگىت، — دېدى مەلىكە، — ماڭا شېئىر ئېيتىشتا تەڭ كېلەلمىدى. شۇڭا ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇم.

— ئەي قىزىم، — دېدى ئىنىكئانا، — تۆت يۈز سەكسەن ئالتە شاھزادىنىڭ بېشىنى كەستىڭىز، بۇنىڭدىن سىزگە ھېچقانداق مەنپەئەت يەتمىدى. ھازىر پۈتۈن ئالەم خەلقى سىزنى «مەلىكە دىلرىز» دېمەي، «مەلىكە خۇنرىز» دەيدىغان بولۇپتۇ. نۇرغۇنلىغان ياخشى يىگىتلەرنى ئۆلتۈردىڭىز. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىساسىغا قانداق جاۋاب بېرىسىز؟ سىزگە بەرگەن سۈتۈمنىڭ ھەققى ئۈچۈن بولسىمۇ، بۇ يىگىتنىڭ خۇنىنى تۆكمىسىڭىز.

مەلىكە سەنەم ئاغىچا شاھزادە بەھرامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. ئىنىكئانا جاللاتلارنىڭ قېشىغا كېلىپ شاھزادە بەھرامنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلدى. شاھزادە ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنى ئۈچۈن ئاللاتائالاغا يۈز مىڭ شۈكرى سانالارنى ئوقۇپ، شەھەردىن چىقتى. دەريا بويىغا بېرىپ غۇسلى تەرەت قىلدى. ئىككى رەكئەت شۈكرى نامىزى ئوقۇدى. تەڭرىگە ئۆز ھاجىتىنى ئېيتىپ، باياۋاندا قىرىق كۈن دۇئا - تەلەپ قىلىپ يىغلىدى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھىممەت.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# شاھ ئادىلخان

(چۆچەك)



زامان - زامانلار ئىلگىرى ئادىلخان ئىسىملىك بىر پادىشاھ ياشىغانىكەن. ئۇ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان، غېرىب - مۇساپىرلارغا باشپاناھ بولىدىكەن.

بىر كۈنى خانىش ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ ۋە ئاي كۈنى توشۇپ قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدا خانىشقا يۇقىرى مەرتىۋە بېرىپتۇ. پۈتۈن يۇرتنى چاقىرىپ مەرىكە ئۆتكۈزۈپتۇ. پۇقرالارغا خەزىنىسىدىن پۇل، ئاشلىق تارقىتىپتۇ. ئاخىر ئۆلىمالارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇ بالىلارنىڭ بىرىگە ھەسەن، يەنە بىرىگە ھۈسەن دەپ ئات قويۇپتۇ. بالىلار ساغلام، ئەخلاقلىق، ئەقىللىك چوڭ بوپتۇ. بۇلار ئونبەش ياشقا تولغان كۈنى پادىشاھ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بالىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپتۇ. زىياپەت ئاخىرلىشاي دېگەندە غېرىب - مىسكىنلەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئون قاراقچى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— بىز قاراقچىلارغا ئۇچراپ مال - دۇنيالىرىمىزدىن ئايرىلغان سودىگەرلەر بولىمىز. تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئاران بۇ يۇرتقا يېتىپ كەلدۇق. ئاغزىمىزغا بىر چىشلەم نان سالمىغىلى ئىككى كۈن بولدى. ئۆزلىرىدىن خەير خاھلىق تىلەيمىز...، — دېيىشىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىگە قاراپ:

— بۇ مۇساپىرلارغا زىياپەت بېرىڭ، — دەپ بۇيرۇپتۇ. بۇ «سودىگەر» لەر تويغۇچە يەپ - ئىچىشىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن پادىشاھ بۇلارنى مېھمانخانىسىدا قوندۇرۇپتۇ.

قاراقچىلار ئۇخلىغان بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئەتراپ تىنچىغاندىن كېيىن بىر - بىردىن ئورنىدىن تۇرۇشۇپتۇ ۋە خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاغارلارغا قاچىلاپ پادىشاھنىڭ ئات - قېچىرلىرىغا ئارتىپتۇ. شۇ ئارىدا خانىشنى ھاجەت قىستاپ، ھۇجرىسىدىن چىققانىكەن، قاراقچىلار ئۇنىڭ ئاغزىغا پاختا تىقىپ بىر قېچىرغا مىنگۈزۈپتۇ ۋە ئات، قېچىرلارنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ قېچىشىپتۇ.

پادىشاھ سەھەر ئويغىنىپ قارىسا خانىش يوق تۇرغۇدەك. شۇ ئارىدا ۋەزىر كىرىپ:

— ۋاي پادىشاھىم، خەزىنىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ئالتۇن - كۈمۈشلەر يوق تۇردۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر مېھمانخانىغا كىرىپ قارىسا ئاخشامقى سودىگەرلەرنىڭ سايىسىمۇ يوقتەك. پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ دەرھال ئىككى ئوغلى بىلەن ۋەزىرنى ۋە بىر قانچە چاپارمەنلەرنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنىپ قاراقچىلارنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپتۇ، ماڭا - ماڭا سەھرا - جاڭگاللاردىن، چۆل - جەزىرىلەردىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاغ ـ جىلغىلاردىن ئۆتۈپ بىر دەرياغا توغرا
كېلىپ قاپتۇ. بۇ دەريانىڭ سۈيى بەكمۇ
ئۇلۇغ بولۇپ، ھەيۋەتلىك دولقۇنلاپ ئا-
قىدىكەن. پادىشاھ ۋەزىرنى دەريادىن ئۆت-
كۈدەك جاينى چاغلاپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ.
ۋەزىر دەرياغا كىرىپ ئون قەدەم ماڭا ـ
ماڭمايلا كۈچلۈك دولقۇن ئۇنى يىقىتىپ
تاشلاپتۇ. ۋەزىر:

— مېنى قۇتقۇزۇڭلار، — دېگىنىچە
بىر لەيلەپ ـ بىر چۆكۈپ ئېقىپ كېتىپ-
تۇ. پادىشاھ چاپارمەنلەرگە ۋەزىرنى قۇت-
قۇزۇشنى بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەرمۇ دەريا-
غا سەكرىشى بىلەنلا يىقىلىپ قايتا ئور-
نىدىن تۇرالماي سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ-
تۇ. پادىشاھ دەريا بويىدا ئىككى ئوغلى
بىلەنلا قاپتۇ.

— تەڭرىگە تەۋەككۇل...، — دەپ-
تۇ پادىشاھ ۋە ئىككى ئوغلى بىلەن قول
تۇتۇشۇپ سۇغا كىرىپتۇ. 15 قەدەمچە
ماڭغاندىن كېيىن ھوسەن مۇدۇرۇلۇپ
يىقىلىپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ قولىدىن ئاج-
راپ ئېقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ھوسەننىڭ
قولىنى چىڭ تۇتۇپ مېڭىپتۇ. دەريانىڭ
ئوتتۇرىغا بارغاندا تاغدەك بىر دولقۇن
بۇلارنى يىقىتىپتۇ. دادا ـ بالا بىر ـ بىرى-
دىن ئايرىلىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ لەيلىگەندە تىنىۋېلىپ،
چۆككەندە ئېغىز ـ بۇرنىنى چىڭ يۇمۇۋې-
لىپ ئېقىۋېرىپتۇ. ئېقىپ ـ ئېقىپ بىر
چاغدا قىرغاققا چىقىپ قاپتۇ. پادىشاھ
ئۆزىنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ خۇ-
داغا شۈكرى قىپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ
يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ يۇرتمۇ يۇرت
كېزىپ قاراقچىلارنى ئىزدەپتۇ، تاپالماپتۇ.
بۇ يۇرتلاردا ھېچكىم ئۇنى تونۇمىغاچقا
تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ باشقا بىر
يۇرتقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇچىنچى
كۈنى قاتتىق بوران چىقىپ پادىشاھ
يولدىن ئېزىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا بو-
ران توختاپتۇ. قارىسا بىر چۆل ـ باياۋان-
دا تۇرغۇدەك. يەي دېسە نان يوق، ئاچ-
لىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىداپ يەنە مېڭىپ-
تۇ. بۇ چۆل-جەزىرىدە ئۇنىڭغا بىرەر كى-
شىمۇ ئۇچرىماپتۇ. ئاخىر ماغدۇرىدىن
كېتىپ بىر توغراق تۈۋىدە يېتىپ قاپ-
تۇ. بۇ پادىشاھ بۇ يەردە يېتىپ تۇرسۇن.
ئەمدى بىز گەپنى دەريانىڭ بۇ قېتىدى-
كى شەھەردىن ئاڭلايلى:

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ يېشى
80 دىن ئېشىپ قېرىپتۇ ۋە كېسەل بو-
لۇپ يېتىپ قاپتۇ. يەتتە ئىقلىمدىكى
بارلىق داڭلىق تېۋىپلارمۇ ئۇنىڭ كېسى-
لىگە داۋا تاپالماپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر ۋە ئە-
مەلدارلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— كېسىلىم ساقايمايدىغان ئوخشاي-
دۇ. مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئوردىدىكى
بەخت قۇشىنى قويۇپ بېرىڭلار. قۇش
كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ كىشى مېنىڭ
ئورنۇمغا پادىشاھ بولسۇن، — دەپ ۋەسىيەت
قىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ئالەمدىن
ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قە-
پەستىكى بەخت قۇشىنى ئاسمانغا قويۇپ
بېرىپتۇ. ۋەزىرلەر ۋە ئەمەلدارلار بۇ قۇش
قەيەرگە ئۇچسا شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ-
تۇ. لېكىن بۇ قۇش بۇ شەھەردە ھېچكىم-
نىڭ بېشىغا قونماي جاڭگاللىق تەرەپكە
قاراپ ئۇچۇپتۇ. ۋەزىرلەر ئاتلىرىنى تېز
چاپتۇرۇپ بەخت قۇشىنى كۆزدىن يوقى-
تىۋەتمەي مېڭىپتۇ.

بىر چاغلاردا قۇش تىك ئۇچۇپ
ئېگىزلەپ قانات قېقىپ تۇرۇپ
زېمىنغا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ ۋە ئۇچقاندەك
پەسلەپ بىر تۈپ توغراققا قونۇپتۇ.
بەخت قۇشىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلار
دەرھال توغراق تۈۋىگە كېلىشىپتۇ.
قۇشمۇ توغراقتىن چۈشۈپ توغراقنىڭ
تۈۋىدە ھوشسىز ياتقان بىر ئادەمنىڭ
گەۋدىسىگە قونۇپتۇ.



خىزمەتكارلار بۇ زەئىپ ئادەمنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئەكىلىپ يۇيۇپ تازىلاپ داۋالاپتۇ، قۇۋۋەتلىك ئىزالار بىلەن

بېقىپتۇ. ئۇ ئادەمگە بىرئاز ماغدۇر كىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇردا ئەھلى ئۇنى تەبرىكلەپ شاھلىق تاجىنى كىيگۈزۈپتۇ. بۇ كىشى شاھلىق سىياقىغا كىرىپتۇ ۋە تەختكە چىقىپ ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ ئۆزى ئۈچۈن سادىق خىزمەت قىلىدىغان ئىككى ۋەزىر ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇ مۇلازىملىرى بىلەن شەھەرنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ بىر دوقمۇشتا ئولتۇرغۇن كىشلەرنىڭ توپلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا دوقمۇشتىكى تامدا: «بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى دەرياغا تور تاشلىغانىدىم، تورغا بىر ئالتۇن بېلىق چۈشۈپ قالدى. بېلىقنى ئۆلتۈرسەم ئىچىدىن 15 ياشلىق چىرايلىق ئوغۇل بالا چىقتى. بەش يىلدىن بۇيان بۇ بالىنى بېقىپ كەلدىم. ئەمدى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلى بۇ بالىنى ساتماقچىمەن...» دېگەن مەزمۇندا ئېلان چاپلاقلىق تۇرغۇدەك. پادىشاھ بېلىقچىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇ بالىنى سېتىۋاپتۇ ۋە بالىنى ئەگەشتۈرۈپ يەنە بىر ۋەزىرنى ئىزدەپ يۇرت كېزىشكە باشلاپتۇ. مېڭىپ-مېڭىپ تاغ باغرىدا قوي بېقىۋاتقان بىر پادىچىغا ئۇچراپتۇ. پادىچىنىڭ يېنىدا 20 ياشلاردا بىر يىگىتمۇ بار ئىكەن. پادىشاھ پادىچى بىلەن تىنچ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— بۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ پادىچى، — بەش يىل بۇرۇن دەريا بويىغا مال سۇغارغىلى بارسام بۇ بالا قىرغاقتا يىغلاپ ئولتۇرۇپتىكەن. شۇندىن باشلاپ بۇ بالىنى ئۆزۈمگە بالا قىلىۋالدىم. پادىشاھ پادىچىغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ، بالىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ. شۇندىن كېيىن يىگىتلەرنىڭ بىرىنى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە، بىرىنى سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. بۇ ياش ۋەزىرلەر شاھقا سەممىي، توغرا

مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتىپ دۆلەت ئىشلى-
رىنى باشقۇرۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ.
پۇقرالارنىڭ قانداق ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ
بارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن پادىشاھ
ئىككى ۋەزىرى بىلەن پۇقراچە كىيىنىپ
شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.
مېڭىپ-مېڭىپ قورسىقى ئېچىپتۇ، ئۇلار
دوقمۇشتىكى ئاشخانىغا كىرىپ غىزالىنىپتۇ،
غىزالىنىۋاتقاندا 40 ياشلاردىكى بىر
ئايال بۇ مېھمانلارغا چاي قۇيۇپتۇ، دەم-
لىگەن چاينىڭ تەمى پادىشاھقا يېقىپتۇ.
«باللىرىمنىڭ ئانىسى دەملىگەندەك تەمـ
لىك چاي دەملەيدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

ئاشخانا خوجايىنىدىن:

— بۇ سىزنىڭ خوتۇنىڭىزمۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ خوجايىن، — تىلەم-
چىلىك قىلىپ بۇ ئاشخانىغا كەلگەنىكەن،
ئىچىم ئاغرىپ چايچىلىققا تەيىنلەپ قويدۇم.

پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن ئوردىغا
قايتىپ بېرىپ ئاشخانا خوجايىنىنىڭ را-
زىلىقى بىلەن چايچى ئايالنى ئوردىغا ئې-
لىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ — قۇربان ھېيت
كۈنى كەپتۇ. پادىشاھ خوتۇن-باللىرىنى
سېغىنىپ يۈرىكى لەختە-لەختە قان بو-
لۇپتۇ. ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن
ئىككى ۋەزىرى ھەم چايچى ئايالنى ئۆزى
ھاردۇق ئالىدىغان راۋاققا تەكلىپ قىلىپ:

— ھەر بىرىڭلار بېشىڭلاردىن كە-
چۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىڭلارنى سۆزلەپ بې-
رىڭلار، — دەپتۇ. ھۇسەن ئاۋۋال گەپ باشلاپتۇ:

— مەن ئەسلىدە ئادىلخان پادىشاھ-
نىڭ ئەتىۋارلىق ئوغۇللىرىنىڭ بىرى ئې-
دىم، — دەپتۇ ۋە دەريادا ئېقىپ كەلگەنـ
لىكىنى، پادىشاھقا يارىدەملىشىپ مال باق-
قانلىقى قاتارلىقلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ
بېرىپتۇ. چايچى ئايال ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

— ۋاي بىچارە بالام، — دەپ ھە-
سەننى قۇچاقلاپ يىغلاپتۇ. پادىشاھمۇ
ھەيران بولۇپ:

— خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئەر-
خوتۇن، ئاتا-بالىلار يەنە بىر يەرگە جەم
بولدۇق، — دەپ يامغۇردەك شادلىق يېشىنى
تۆكۈپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى
چاقىرىپ چوڭ زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەت
راسا قىزىغاندا ئون ئادەم كىرىپتۇ ۋە:

— بىز يولدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ
قېلىپ مال-دۇنيالىرىمىزدىن ئايرىلىپ قال-
غان سودىگەرلەرمىز. يەيدىغىنىمىز تۈگەپ كەت-
كىلى ئىككى كۈن بولدى. ئۆزلىرىدىن
خەير-ساخاۋەت تىلەيمىز، — دەپتۇ. پادىشاھ
كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ-دە، سىرتقا
چىقىپ قىلىچ-نەيزىلەر بىلەن قوراللان-
غان 50 لەشكەرنى باشلاپ كىرىپتۇ. قا-
راقچىلار ئۆز سىرىنىڭ پاش بولۇپ قال-
غانلىقىنى بىلىپ قورقىنىدىن بارلىق
جىنايەتلىرىنى ئىقرار قىپتۇ. پادىشاھ بار-
لىق پۇقرالارنى يىغىپ قاراقچىلارنى زىن-
دانغا تاشلايدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

قاراقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن
بىزنىڭ بۇرۇنقى شاھلىق تەختىمىز ھەم
ئائىلىمىز ۋەيران بولغانىدى. خۇدانىڭ
ئىرادىسى بىلەن بىز ئەر-خوتۇن، ئاتا-
بالىلار بۇ ئوردىدا قايتا جەم بولدۇق. بۇ
خۇشاللىقنى بارلىق پۇقرالىرىم بىلەن
ئورتاقلاشماقچىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە
تاۋاق-تاۋاق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى چې-
چىپتۇ. خەلق خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ئادىل-
خان پادىشاھ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىر-
جەم ياشاپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ياۋا ... يېزا غاراللىق كەنتىدىن ئەنسەرخان

... رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان

# سەنەۋبەر گۈلگە نېمە قىلدى گۈل سەنەۋبەرگە نېمە قىلدى

(چۆچەك)

رىۋايەت قىلىنىشىچە زامانىي ئەۋۋەلدە كۈنچىقىش تەرەپتىكى گۈزەل بىر شەھەردە پەرىدۇن ئىسىملىك پاك، دىيانەتلىك، ئەدىل ـ ئەخلاقلىق، باي بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يېزا ـ قىشلاقلاردا ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ چارۋىلىرى، يەر ـ زېمىن، باغ ـ ۋارانلىرى، شەھەردە ئۇنىڭغان سودا سارايى، دۇكان، ئۆي ـ ئاراملىرى بار ئىكەن. خوتۇنى خېلى بۇرۇنلا قازا قىلىپ كەتكەنى ئۈچۈن قايتا ئۆيلەنمەي ئۈچ ئوغلى بىلەن بىللە ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىپ باياشات ياشاپ كەلگەنىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى باقى، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ساقى، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى ھاكى ئىكەن.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. پەرىدۇن بايمۇ كۈندىن ـ كۈنگە قېرىپ ئاجىزلاپ قاپتۇ. قول ـ ئىلكىدىكى مال ـ دۇنيا، پۇل ـ پۈچەكلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە پات ـ پات ئوي ـ خىيالغا چۆكىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىر: «ياخشى كۈننىڭ يامىنى بار. قازارا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى يېتىپ كېلىپ، خۇدا مەندىن ئۆز ئامانىتىنى ئالىدىغان بولسا ئەلھۆكمۇللا دېمەكتىن باشقا چارە يوق. ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ كەلگەندە ھەرقانچە ئالدىرىغىنىم بىلەنمۇ ھېچنېمىگە ئۈلگۈرەلمەي قالىمەن. مال ـ دۇنيا دېگەن مۆرىتى كەلگەندە بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىمۇ بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىۋېتىدىغان نەرسە. ئوغۇللىرىم مەندىن كېيىن قالسا مال ـ دۇنيا، پۇل ـ پۈچەك تالىشىپ، بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئارازلىشىپ يۈرمىسۇن. ياخشىسى كۆزۈم يۇمۇلماستا بۇ مال ـ مۈلۈك، تەئەللۇقاتلارنى چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىۋەتكىنىم تۈزۈك» دېگەن نىيەتكە كەپتۇ ـ دە، بىر كۈنى ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ دەرقەمدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

ـ باللىرىم، ـ دەپتۇ پەرىدۇن باي ئوغۇللىرىغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ـ يېشىم يەتمىشتىن ئاشتى. ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كۆزۈمدىن نۇر، پۇت ـ قولۇمدىن ماغدۇر كېتىپ بارىدۇ. ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ، ئەتە بەشكۈن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ كەتسەم، باللىرىم نېمە بولۇشتىكى دەپ بىر كۆزۈم كەينىدە، داغىسى ھەسرەت ـ نادامەتتە قالماي، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن تۇغۇلۇپ ھالا بۈگۈنگە كەلگىچە ھۇرۇنلۇق، ھىيلە ـ مىكىردىن يىراق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىگە كۆز ئالايتماي، هالال ئەمگەك، سودا - سېتىق، تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەپتىمەن. بۇنىڭ بەدىلىگە خۇدايىم ماڭا نۇرغۇن مال - مۈلۈك، بايلىق ئاتا قىلىپتۇ. ئەمدى بۇ نەرسىلەرنى سىلەرگە ئۆز قولۇم بىلەن تەقسىم قىلىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم. مەندىن كېيىن قالساڭلار تەييارغا ھەييار بولۇپ، بارنى يەپ - ئىچىپ، بۇزۇپ چېچىپ تۈگەتمەي، مەندىن قالغان بۇ ئاز - تولا مال - دۇنيانى ئاتا مىراسى دەپ قەدىرلەپ، دەسمەي قىلىپ، سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش هالال ئەمگەك، سودا - سېتىق، تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار. بىر - بىرىڭلارغا يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئىناق - ئىجىل ئۆتۈڭلار، مېنىڭ سىلەردىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم مۇشۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

— باش ئۈستىمىزگە دادا. دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلىمىز، — دېيىشىپتۇ ئۈچ ئوغۇل تەڭلا قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— مۇنداق بولسۇن باللىرىم، ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوي - خىيالى، كۆڭلىگە پۈككىنى بولىدۇ. بەلكىم سىلەرنىڭمۇ ئويلىغىنىڭلار باردۇ. قېنى، سىلەر نېمىگە موھتاج، نېمە ئالماقچى، ئۆز ئاغزىڭلار بىلەن ئېيتىڭلار. نېمىنى تەلەپ قىلساڭلار مەن سىلەرگە شۇ نەرسىنى بېرەي، — دەپتۇ ئۇ ئىختىيارنى باللىرىغا بېرىپ.

مۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئادەم بىرىنچىدىن، باللىرىم ئۆزى ئىختىيار قىلغىنىنى ئالسۇن دەپ ئويلىغان بولسا، ئىككىنچىدىن باللىرىنىڭ ئىنسابىنى سىناپ باقماقچى بولغانىكەن.

— قېنى، چوڭىدىن كەلسۇن. ئېيتقىنا ئوغلۇم، سەن نېمىلەرنى ئالاي دەۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ چوڭ ئوغلىدىن.

— سودا - سېتىققا خېلى پىشىپ قالدىم دادا. مەن شەھەردىكى سىزگە قاراشلىق بارلىق سودا - ساراي، دۇكان، قورۇ - جاي، نەق پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئالاي، — دەپتۇ ئۇ قىلچە خىجىل بولماي.

دادىسى چوڭ ئوغلىنىڭ ئىنساپسىزلىقىدىن كۆڭلىدە رەنجىگەن بولسىمۇ يەنە بىلىندۈرمەي، ئوتتۇرانچى ئوغلۇم نېمىلەرنى ئالىمەن دەيدىكىن، دەپ ساقىدىن سوراپتۇ:

— قېنى، سەنچۇ ئوغلۇم، سەن نېمە ئېلىشنى ئويلاۋاتىسەن؟

— مەن تاغدىكى مال - چارۋا، يېزىدىكى يەر - زېمىن، باغ - ۋارانلارنى ئالىمەن، — دەپتۇ ئوتتۇرانچى ئوغلى ساقىمۇ قىلچە تەپتارتماي.

— باللىرىم، ئۇكاڭلارغا بىر نېمە قالمىدىغۇ؟ — دەپتۇ دادىسى ھەيرانلىق ئىچىدە ئىككى ئوغلىغا قاراپ. لېكىن ئۇلار زۇۋان سۈرمەي جىملا ئولتۇرۇشۇۋاپتۇ. دادىسىنىڭ بېشى قېتىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي كەنجى ئوغلى هاكىغا قاراپتۇ. هاكى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دادا، بايلىق مەڭگۈلۈك نەرسە ئەمەس. ماڭا مال - دۇنيانىڭ كېرىكى يوق. سىز مېنى كىچىكىمدىن بېقىپ، مىڭ بىر جاپا بىلەن مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلدىڭىز، ئاتىلىق قەرزىڭىزنى ئادا قىلدىڭىز. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەر قانداق مال - دۇنيادىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. يەتتە ئەزا ساق، بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئىككى بىلىكىمگە تايىنىپ هالال ئەمگەك قىلىپ، بىمالال جان بېقىپ كېتەلەيمەن. ماڭا پەقەت سىزنىڭ

رازىلىقىمىز، دۇئايىمىزلا كېرەك، ماڭا ياخشى تىلەك ـ ئارزۇيىمىزنى ئىزھار قىلىپ دۇئا قىلىپ قويسىڭىز بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى،— دەپتۇ.

كەنجى ئوغلى ھاكىمنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن دادىسىنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. ئىنساپسىز ئىككى ئاكىسى ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك قۇلاقلىرىنى يۇپۇرۇپ، تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇشۇۋاپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ پەرىدۇن باي ھەر كۈنكى بەش ۋاخ نامىزىدا كەنجى ئوغلى ھاكىمنىڭ سالامەتلىكى، ئامانلىقى، بەخت ـ تەلىيىنى تىلەپ دۇئا قىلىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئادەم دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. كۆڭلى قارا باقى بىلەن ساقى دادىسىدىن قالغان دەفنى ـ دۇنيانى خەجلەپ باياشات كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئىنىسى ھاكىم بىلەن كارىمۇ بولماپتۇ. ھاكىم كوچىدا مەدىكارچىلىق قىلىپ جان بېقىپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ساقىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ ـ دە، ئاكىسى باقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئاكا، ئاڭلىسام ئىنىمىز ھاكىم كوچىدا مەدىكارچىلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. خەۋىرىڭ بار، مەن بولسام يىلىلىقچى يالىلاپ بىكار پۇل چىقىم قىلىۋاتىمەن. ئىنىمىز ھاكىمنى ئەكېلىپ، ئاشقان ـ تاشقان تاماق، ئەسكى ـ تۈسكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى بېرىپ، قويۇمنى باقتۇرايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق دەيسەن؟— دەپتۇ.

— ناھايىتى بەلەن ئويلاپسەن ئۇكام،— دەپتۇ ئاكىسى باقى،— شۇنداق قىل. بىكارلا ئەمگەك كۈچى دېگىنە. يەنە بىر ھېسابتا كىشىلەرنىڭ: ئىنىسىغا قارىمىدى،— دېگەندەك ئەيىبلەشلىرىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالىمىز، بۇگۈنلا ئەكىلىۋال.

ئىش مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم ئاكىسى ساقىنىڭ كۆيۈنگەن قىياپەتتىكى ياغلىما سۆزلىرىگە ئالدىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ـ دە، قوي بېقىشقا باشلاپتۇ. ئاكىسى ئۇنىڭغا ئادەتتىكى يىلىلىقچىسىدەكمۇ مۇئامىلە قىلماپتۇ. ھاكىمنىڭ يېتىپ ـ قوپىدىغان يېرى ئېغىلنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە بىر سامانلىق ئىكەن. سىرداش مۇڭدىشى قويلار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستىلا بېلىگە بىر زاغرىنى تۈگۈپ، بىر قاپاق سۇنى ئېلىپ قوي باققىلى چىقىپ كېتىدىكەن. كۈندۈزى زېرىككەندە قويلىرىغا نەي چېلىپ بېرىپ، يالغۇز ـ يېگانە ئۆتىدىكەن. ئاخشىمى كۆز باغلانغاندا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئاشقان ـ تاشقان تائاملارنى يەپ يېتىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ كۈنى بەكمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قوي بېقىپ ئولتۇرۇپ، يىراقتىن بېشىغا كۇلا، ئۇچىسىغا جەندە كىيگەن، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن ئاپئاق ساقال بىر بوۋاينىڭ ھاسا تايىنىپ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بوۋاي يېقىن كەلگەندىن كېيىن ھاكىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھارمىغايسىز بوۋا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم،— دەپتۇ بوۋاي ۋە ھاكىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

— بوۋا، نەدىن كېلىپ نەگە كېتىپ بارىسىز؟

www.uyghurkitap.com



— مەن ناھايىتى يىراق سەپەردىن كېلىۋاتىمەن ئوغلۇم. يولدا ئوزۇقۇم تۈگەپ قالدى. ئۈچ كۈندىن بۇيان ئاغزىمغا گىياھ سالمىدىم. يىراقتىن سېنى كۆرۈپ، يەيدىغان بىر نەرسىسى بارمىكىن، سوراپ باقاي دەپ كېلىشىم. نان ـ پېنىڭ بارمۇ بالام؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— بار ـ بار بوۋا. ئولتۇرۇڭ، بىردەم ھاردۇقىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ ھاكى ۋە بېلىگە تۈگۈۋالغان زاغرىنى ئېلىپ، بوۋايغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپتۇ.

— ئوغلۇم، نانىڭ ھەممىسىنى ماڭا بېرىۋەتسەڭ ئۆزۈڭ قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— ھېچقىسى يوق بوۋا. مەندىن غەم قىلماڭ، — دەپتۇ ھاكى كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەچكىچە چىدايمەن. ئۆيگە بارغاندا قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالىمەن.

— سۈيىڭ بارمۇ بالام؟

— بار، مانا سۇ، — ھاكى قاپاقتىكى سۇنى بوۋاينىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بېرىپتۇ.

بوۋاي بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ مەنىلىك كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن نان بىلەن سۇنى ھاكىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ـ دە:

— رەھمەت ئوغلۇم، ئاق كۆڭۈل، مەرد يىگىت ئىكەنسەن. شۇ تاپتا نېنىڭنى يېمىسەمۇ يېگەندەك بولدۇم، قورسىقىم تويدى. سۈيىڭنى ئىچمىسەمۇ ئىچكەندەك بولدۇم، ئۇسسۇزلۇقۇم قاندى. مەن سېنى سىناپ باقتىم. ئوبدان بالا ئىكەنسەن. خۇدايىم بەخت ـ تەلىيىڭنى بەرسۇن. ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر! خەير ـ خوش، مەن ماڭاي بالام، — بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئاندىن قوينىدىن كىچىككىنە بىر قۇتىنى چىقىرىپ، ئىچىدىن ئاق، قارا، قىزىل رەڭلىك ئاتنىڭ ئۈچ تال قىلىنى ئاپتۇ ـ دە، ھاكىغا بېرىپتۇ، — بۇ ئۈچ خىل رەڭدىكى ئاتنىڭ يالى، مەندىن ساڭا يادنامە بولۇپ قالسۇن. قاچانكى بېشىڭغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئاق قىلنى كۆيدۈرسەڭ ئاق ئات، ئاق كىيىم ـ كېچەك؛ قارىسىنى كۆيدۈرسەڭ قارا ئات، قارا كىيىم ـ كېچەك؛ قىزىلىنى كۆيدۈرسەڭ قىزىل ئات، قىزىل كىيىم ـ كېچەك ھازىر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق ھاجىتىڭدىن چىقالايسەن. ھاجىتىڭدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن يەنە شۇ ئاتنىڭ يالىدىن بىر تالنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالما بالام.

بوۋاي شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ھاكى: «بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟» دەپ ھەيران بولغىنىدىن تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، بايا بوۋاي بەرگەن ئۈچ تال قىلنى ئاۋايلاپ بۆكىنىڭ ئەستىرى ئىچىگە سېلىپ قويۇپتۇ. ھەرخىل ئوي ـ خىياللار ئىلكىدە يەنە قوينى بېقىشقا باشلاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ھاكى مۇشۇ يەردە قوينى بېقىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىدىن ئاڭلايلى.

بۇ شەھەرنىڭ پەزىلەتلىك، ئادىل بىر پادىشاھى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، جاھاندا تەڭدىشى يوق، سەرۋى قامەتلىك، ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز بويىغا يەتكەندىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. ھەتتا قوشنا پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرىمۇ بۇ قىز بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن پادىشاھ ھېچ

قايىسىغا ماقۇل جاۋاب بەرمەپتۇ. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە: «بىر ئاز ۋاقىت تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن پات ئارىدا ماڭا كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ شەرتىنى خەلقى ئالەمگە ئاشكارا جاكارلايمەن. مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل، مەيلى ئەمەلدار، مەيلى پۇقرا بولسۇن، كىمدۇكىم مەن تەلەپ قىلغان شەرتنى ئادا قىلالىسا قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دېگەن گەپنى قىلىپ قايتۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا «بۇ قانداق شەرتتۇ؟» دېگەن غۇلغۇلا ۋە ھەرخىل قىياسلار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ.

راست، دېگەندەك ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ شەرتىنى يېزىپ چىقىپ، نەچچە ئون نۇسخا باستۇرۇپ، ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەت، ئايماقلارغا، ھەتتا قوشنا پادىشاھلارنىڭ شەھەرلىرىگە قەدەر چاپلاتقۇزۇپتۇ. كىشىلەر بىر قارىسا ناھايىتى ئاددىي، بىر قارىسا ناھايىتى مۈشكۈل بۇ شەرتنى ئوقۇپ تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇپتۇ. چۈنكى شەرتتە پادىشاھ كۈيئوغۇل بولغۇچىدىن قىلچىلىق مال - دۇنيا، پۇل - پۈچەك، ھېچقانداق بىر نەرسە تەلەپ قىلماپتۇ. پەقەت شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ مەيدانغا قىرىق ۋاخىنلىق تاختا شوتا بىلەن چىققىلى بولىدىغان ئېگىز بىر تەخت ياسىتىدىكەن. پادىشاھنىڭ قىزى تەختنىڭ ئۈستىدىكى تاۋا - دۇردۇن، شايى ئەتلەسلەر بىلەن بېزەلگەن خاس ئورۇندا كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرىدىكەن. كىمدۇكىم ئاشۇ قىرىق ۋاخىنلىق تاختا شوتىدىن ئات چاپتۇرۇپ تەخت ئۈستىگە چىقىپ قىزنىڭ تۇتقان بىر پىيالە چېيىنى ئىچىپ چۈشەلىسە، شۇ كىشى شەرتنى ئادا قىلغان بولىدىكەن ۋە قىز بىلەن توي قىلىپ مۇرادى مەقسىتىگە يېتىدىكەن. ماھارەت كۆرسىتىش ۋاقتى 15 كۈن ئىكەن.

ئاخىرى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىرىق ۋاخىنلىق تاختا شوتا قويۇلغان ئېگىز، چىرايلىق تەخت شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولغۇچىلارنىڭ مەيدانغا چۈشۈپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشىنى جاكارلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شەھەر - شەھەر، ئايماق - ئايماقلاردىن ئونلىغان شاھزادە، ماھىر چەۋەندازلار، ياشلىق ئوتى يالقۇنجاپ تۇرغان نەۋقىران يىگىتلەر كېلىپ، بەس - بەستە جانبازلىق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئەپسۇسكى، ناھايىتى باتۇر چەۋەنداز يىگىتلەرمۇ يىراقتىن گويا ئەرشكە چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلىدىغان ئەلپازدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىدىكەنۇ، شوتىنىڭ ئارانلا ئونىنچى ۋاخىنىغىچە چىقالايدىكەندە - دە، قايتىپ چۈشىدىكەن. بۈگۈن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تېخى ھېچكىم ئونىنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەپتۇ، ھەتتا بەزى ئۆزىنى مەن - مەن دەپ يۈرگەن يىگىتلەرمۇ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ شوتىنىڭ ئارانلا ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋاخىنىغا چىقىپلا ئېتى بىلەن بىللە يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشىدىكەن. ئاندىن نومۇس قىلغىنىدىن مەيداندىن چىقىپ كېتىپ قاياققىدۇر غايىب بولىدىكەن. تۇشمۇ تۇشتىن يېڭى - يېڭى چەۋەنداز يىگىتلەر كېلىپ مەيدانغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن، بۇ ئىش شەھەر خەلقى ئۈچۈن گويا كاتتا بىر بايرام بوپتۇ. شەھەردىكى ياش - قېرى، ئەر - ئايال ھەممە ئادەم ۋاقتىنچە ئىش -

www.uyghurkitap.com



ئوقەتلىرىنى تاشلاپ مەيدانغا كېلىۋاپتۇ ـ
دە، ئەتىگەندىن كەچكىچە تەختكە ئات
چاپتۇرۇپ چىقىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ تاما-
شىسىنى كۆرىدىكەن. ھاكىنىڭ ئىككى ئاكـ
سى ــ باقى بىلەن ساقىمۇ ھەر كۈنى ئەتـ
گەندە ئاتلىرىغا مىنىشىپ شەھەر تامان
كېتىدىكەن. ئويۇن تاماشا كۆرۈپ كەچقۇ-
رۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلىشىـ
دىكەن. بىچارە ھاكىنىڭ بۇ ئىشلاردىن
قىلچە خەۋىرى يوق ئىكەن. ئۇ كۈندىكـ
دەك قوي بېقىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. نېمىنى
يامان ئاكىلىرى بولۇۋاتقان بۇ ئىشلار
توغرۇلۇق ئىنىسىغا بىر ئېغىز گەپ قىلىپـ
مۇ قويماپتۇ. لېكىن مەھەللىدىكىلەرنىڭ
ۋە ئىككى ئاكىسىنىڭ ھەر كۈنى ھېچنېـ
مىگە قارىماي ئالدىراپ شەھەرگە كېتىشـ
لىرىدىن ھاكى سەل گۇمانلىنىپ قاپتۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئاكىسى ئاخشىمى
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەھەردە كۆر-
گەنلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆز-
لىشىپ تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ كېتىـ
دىكەن. ھاكى بىر كۈنى كەچتە ئوتتۇ-
رانچى ئاكىسى ساقىنىڭ ئاكىسى باقىغا:
«ئاكا، ئۇ قىزنى قانداقمۇ تەلەيلىك يىگىت
قولغا چۈشۈرەر؟» دېسە، ئاكىسىنىڭ ئۇنىڭـ
غا جاۋابەن: «بۈگۈن يەتتىنچى كۈنى
بولۇپ قالدى. تېخىچە بىرەرمۇ يىگىت
شوتىنىڭ ئونىنچى ۋاخنىسىدىن ئاشالمىدى.
قارىغاندا دۇنيادا تېخى قىرىق ۋاخنىلىق
شوتىغا ئات چاپتۇرۇپ چىقىدىغان يىگىت
يوق ئوخشايدۇ. قېنى، ئەتە يەنە بېرىپ كۆرۈپ
باقايلى، قانداق بولىدىكىن؟» دەۋاتقانلىـ
قىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. «ھە... شەھەردە
ئاجايىپ چوڭ بىر ئىش بولۇۋاتسا كېرەك»
دەپ ئويلاپ قاپتۇ ھاكى ۋە دەرھال
بىلىپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپ، مۇشۇ ئۆيـ
دە يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان
دېدەك ئايالنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. بۇ
ئايال شەھەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەمـ
مىسىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ
بېرىپتۇ.

ھاكى كەينىگە قايتىپ چىقىپ ياتـ
قاندىن كېيىن: «ھە... مۇنداق ئىشلار
بولۇۋېتىپتۇ ـ دە» راست، ھېلىقى بوۋايـ
نىڭ ماڭا بەرگەن يالدامىسى ــ ئۈچ خىل
ئاتنىڭ ئۈچ تال قىلى بار ئەمەسمۇ، تەلىـ
يىمنى بىر سىناپ باقايچۇ!» دېگەنلەرنى
ئويلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە قويلىرىنى
ھەيدەپ ئوتلاققا كەپتۇ. ئاندىن قويلىرىنى
پىنھان بىر يەرگە ئەكىلىپ قاماپ، ئالدىغا
كەچكىچە يەتكۈدەك ئوت ـ چۆپلەرنى
تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن خاتىرجەم
بولۇپ، بۆكىنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى ئۈچ
تال قىلنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قارىـ
سىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ ھامان ھاكىنىڭ
يۈزىگە بىر خىل ئىللىق شامال ئۇرۇلـ
غاندەك بوپتۇ ـ دە، ئارقىدىنلا سىياھتەك
تۇن قارا، بۇلماقتەك سېمىز بىر ئارغىماق
كىشنىگەن پېتى ئالدىغا ھازىر بوپتۇ.
ئىگەر ـ جابدۇقلىرى كۈمۈش، بويتاسمىـ
لىرى، ئۈزەڭگە باغلىرى باشتىن بويىغا
ۋاللىداپ تۇرغان رەڭدار ئۈنچە، مەرۋايىت
بىلەن بېزەلگەن بۇ ئارغىماقنىڭ ئىگەر بېشىـ
دا بىر تۈگۈنچەك ۋە بىر دانە قىلىچ
ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. ھاكى تۈگۈنچەكتىكى
شاھزادىلەرگە خاس ئۈستىباشلارنى
كىيىپ، بېلىگە قىلىچنى ئېسىپ چەبدەسـ
لىك بىلەن ئاتقا مىنىپتۇ ـ دە، شەھەر
تامان قۇيۇندەك چېپىپتۇ. ئۇ مەيدانغا



كېلىپ قارىسا، ئادەم دېگەن مىغىلىداپ كېتىپتۇ. ئۇ قارا ئۇستىباش كىيگەن هالدا قارا ئارغىماقنى ئوينىتىپ ئۇدۇل مەيدانغا كىرىپ كەپتۇ ۋە مەيداننى بىر ئايلىنىۋېتىپ، قىرىق ۋاخىنلىق شوتىغا قاراپ ئات سالىپتۇ. ئارغىماق خۇددى تۈز يولدا

ماڭغاندەك شوتىنى بىر خىلدا تاراقلىتىپ چىقىپ كېتىپ بارغۇدەك. مەيداندا ئالقىش سادالىرى، قىقاس-چۇقانلار ياڭراپ كېتىپتۇ. بىراق هاكى ئات ئوتتۇز سەككىزىنچى ۋاخىنغا چىققاندا ئاتنىڭ تىزگىنىنى كەينىگە قايرىپ پەسكە قايتىپ چۈشۈپتۇ-دە، مەيداننى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىۋېتىپ، كەلگەن يولى بىلەن كېتىپ قاپتۇ. مەيداندىكى پۈتۈن جامائەت: «بۇ قايسى شەهەردىن كەلگەن شاهزادىدۇر؟ بىر ئوبدان چىقىپ كېتىپ بارغان ئاتنى كەينىگە قايتۇرۇپ چۈشۈپ كەتتىمغۇ...» دېيىشىپ بىر هازا غۇلغۇلا قىلىشىپ كېتىپتۇ...

هاكى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قويلىرى بار يەرگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۈستى باشلىرىنى سېلىپ، قىلىچ بىلەن بىللە بۇرۇنقىدەك ئەگەر بېشىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئاتنىڭ يالىدىن بىر تالنى ئېلىۋېلىپ ئاتنى سىلىق شاپىلاقلاپ قويغانىكەن، ئات غايىب بوپتۇ. هاكىمۇ ئەسلى هالىتىگە كېلىپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك نېيىنى چېلىپ يەنە قويىنى بېقىشقا باشلاپتۇ.

ئاخشىمى كۆز باغلانغاندا قويلىرىنى هەيدەپ ئۆيگە قايتىپ كەلسە، ئىككى ئاكىسى بۈگۈنكى شوتىنىڭ ئوتتۇز سەككىزىنچى ۋاخىنىغا چىققان قارا كىيىملىك، قارا ئارغىماقلىق شاهزادە هەققىدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي تالىشىۋاتقانىكەن. هاكى هېچنېمە بىلمىگەن كىشى بولۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە قويلىرىنى هەيدەپ ئوتلاققا كەپتۇ ۋە قويلىرىنى تۈنۈگۈنكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قىزىل رەڭلىك قىلىنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئالدىدا

شۇ ھامان قىزىل ئارغىماق ھازىر بوپتۇ. ھاكى قىزىل كىيىمنى كىيىپ، قىلىچىنى ئېسىپ، ئارغىماقنى چاپتۇرغان پېتى يەنە مەيدانغا كىرىپ كەپتۇ.

مەيداندا سانجاق-سانجاق تۇرۇپ كەتكەن ئەھلى-جامائەت: «ۋاھ، بۈگۈن يەنە باشقا بىر شاھزادە كەپتىغۇ، تۈنۈگۈنكى شاھزادە شۇمىدۇ-يا!» دېيىشىپ ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىشىپ قاپتۇ. ھاكى بولسا تۈنۈگۈنكىدەك مەيداننى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، تەختكە قاراپ ئات ساپتۇ. ئات خۇددى تۈز يولدا چېپىپ كېتىۋاتقاندەك شوتىدىن ناھايىتى سىلىق چىقىپ كېتىپتۇ. ئات ئوتتۇز تىرىققۇزىنچى ۋاخىنىغا چىقىپ بولغاندا ھاكى ئاتنىڭ تىزگىنىنى قايرىپ قايتىپ چۈشۈپتۇدە، يەنە كەلگەن يولى بىلەن كېتىپ قاپتۇ. بۇ ئىش ئەھلى-جامائەت ئىچىدە تېخىمۇ زور ھەيرانلىق ۋە غۇلغۇلا قوزغىۋېتىپتۇ.

ھاكى يەنە قويلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئاتنىڭ يالىدىن بىر تالنى ئېلىۋاپتۇ. ئات كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ھاكىمۇ بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن يەنە قويىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئاخشىمى قاش قارايغاندا ئۆيىگە قايتىپ كەلسە ئىككى ئاكىسى بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي يەنە تالاشقىلى تۇرۇپتۇ. چوڭ ئاكىسى: «بۈگۈن كەلگەن شاھزادە تۈنۈگۈنكى قارا ئات مىنىپ كەلگەن شاھزادىگە ئوخشاۋاتىدۇ، شۇ بولسا كېرەك» دېسە، ئوتتۇرانچى ئاكىسى: «ياق ئەمەس، بۇ باشقا شاھزادە!» دەۋېتىپتۇ. ھاكى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپتۇ.

ئەتىسى ئۇ يەنە قويلىرىنى ئوتلاققا ھەيدەپ ئەكىلىپ تۈنۈگۈنكىدەك تۇرۇۋالاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئاق قىلنى كۆيدۈرگەنىكەن، ئاق ئات ھازىر بوپتۇ. ئۇ ئاق ئۇستىباشلارنى كىيىپ، ئاق ئارغىماقنى مىنىپ شەھەر تامان مېڭىپتۇ. ئۇ يەنە مەيدانغا كىرىپ بىر ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، تەختكە قاراپ ئات ساپتۇ. ئارغىماق خۇددى تۈز يولدا كېتىپ بارغاندەك ناھايىتى سىلىق، بەھۇزۇر چېپىپ، تەخت ئۈستىگە چىقىپلا كېتىپتۇ. پۈتۈن مەيداندا قىقاس-چۇقان، ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كېتىپتۇ، پۈتۈن شەھەر زىلزىلىگە كەپتۇ. پادىشاھ باشلىق بارلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە كېنىزەكلەر يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ. ئاندىن پادىشاھ جامائەتكە قاراپ كۈيئوغۇل تاللاش مەقسىتىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ كاتتا مەرىكىنىڭ غەلىبە بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلاپتۇ. كىشىلەر بۇ ئاق ئاتلىق يىگىتكە ھەيران قالغان ھالدا تاماقلىرىنى چاكىلدىتىشىپ ئاستا تارقىلىپتۇ...

ئاخشىمى ھاكى قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن ئىككى ئاكىسى: بۇ قوي بېقىشنى ئېغىر كۆرۈپ بىر ياققا قېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دېيىشىپ، ئۇن-يۈزمىگىنى تىللاپتۇ. ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن باشقا بىر ئادەمنى ياللاپ قويىنى باقتۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنىسى ھاكى ئۇلارنىڭ ئېسىدىنمۇ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايمىز.

ھاكى شۇ كۈنى تەختكە ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ، مەلىكىنىڭ تۇتقان بىر پىيالە چېيىنى ئىچكەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلماقچى بولۇپ

ئۇردىدا ئېلىپ قاپتۇ. بىر-ئىككى كۈن دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرىپ ھەمسۆھبەتتە بوپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپ گەپ ئېچىپتۇ پادىشاھ ھاكىمغا ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ، — سىز ماڭا كۈيئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرۇپسىز ۋە مېنىڭ بىرىنچى شەرتىمنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىدىڭىز. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇۋاتىمەن، ئەمدى مېنىڭ ئىككىنچى شەرتىم بار. بۇ شەرتنى پەقەت بىرىنچى شەرتنى ئورۇندىيالىغان كىشىلا ئورۇندىيالايدۇ. سىز ئەمدى مۇشۇ شەرتنى ئورۇندىسىڭىز پۈتۈن شەھەر خەلقىنى تەكلىپ قىلىپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىمەن، قىزىمنى ئەمرىڭىزگە ئالىسىز.

— خوپ، پادىشاھ ئالىيلىرى، قانداقلا شەرت بولسا ئورۇنداشقا تەييارمەن! — دەپتۇ ھاكى ئەدەب بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ.

— رەھمەت ئوغلۇم، ئولتۇرۇڭ، — دەپتۇ پادىشاھ مەمنۇن بولۇپ ۋە بىردەم خىيالغا چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىن يىگىتتىن سوراپتۇ، — ئېيتىڭا ئوغلۇم، مەن نېمە ئۈچۈن ماڭا كۈيئوغۇل بولغۇچىغا قىرىق ۋاخىنلىق تاختا شوتىدىن ئات چاپتۇرۇپ تەختكە چىقىشتەك مۇنداق غەلىتە شەرتنى قويدۇم، بۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى چۈشەندىڭىزمۇ ياكى بىرەر نەرسىنى پەرەز قىلالىدىڭىزمۇ؟

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، بىرەر نەرسىنى چۈشىنىش، پەرەز قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى سىلىنىڭ بۇ ئاجايىپ شەرتنى قويغانلىرىغا ھازىرغىچە ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھاكى.

— ئارى راست، — دەپتۇ پادىشاھ كۈلۈپ قويۇپ، — مۇنداق شەرتنى ھەرقانداق ئادەم ئاسانلىقچە چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ ئوغلۇم. بۇ يەردە ناھايىتى سىرلىق بىر مەسىلە بار. مەن مۇشۇ مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇنداق شەرتنى قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدىم. بۇ سىرنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمدى بۈگۈن سىزگە سۆزلەپ بېرىمەن، — پادىشاھ ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلاپتۇ، — ئاللاتائالا ماڭا ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلدى، ھەر ئىككىسى قىز، بۇنىڭ بىرى خۇدا نېسىپ قىلسا يېقىنقى كۈنلەردە دەل سىز بىلەن توي قىلىدىغان قىزىم شۇ. بۇ قىزلىرىمنىڭ كىچىكى، چوڭ قىزىم بىرنەچچە يىللار ئىلگىرى كۈنچىقىش تەرەپتىكى بىر شەھەرنىڭ ياش پادىشاھى سەنەۋبەرگە ياتلىق قىلىنغان، ئۇ شەھەر بۇ شەھەردىن ئالتە ئايلىق يىراقلىقتا. يوللىرى ناھايىتى يامان، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن كۈيئوغلىمىز سەنەۋبەر پادىشاھ تويدىن كېيىن قىزىمنى بىرلا قېتىم ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زادىلا كەلمىدى، ھەتتا ئارىمىزدا خەت-خەۋەرمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە قىزىمىز توغرۇلۇق قورقۇنچلۇق بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدۇق. نېمە دېسىڭىز، كۈيئوغلىمىز سەنەۋبەر شاھ قىزىمىزنى بىر تۆمۈر قەپەسكە سولاپ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدىغان چاھارباغنىڭ ئىچىگە ئېسىپ قويغانىمىش. قەپەسنى پادىشاھنىڭ ناھايىتى يامان بىر ئىتى كۆزەت قىلارمىش. مەخسۇس خىزمەتكارلار ئۈچ ۋاخلىق تاماقنى ئېلىپ كىرگەندە تاماقنى ئالدى بىلەن ئىتقا بېرىدىكەن، ئىت يەپ تويغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان تاماقنى قەپەس-

uyghurkitap.com



تىكى قىزىمىزغا بېرىدىكەن. ئىشىنىڭ مۇشۇ يوسۇندا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن، بىزمۇ بىلەلمىدۇق. بالا دېگەن ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈرەك پارىسى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قالغاندىن بۇيان بىزگە ئۇيقۇ يوق. گېلىمىزدىن تاماق ئۆتمەيدۇ، ئانىسى بىچارە شۇ بالىنىڭ دەردىدە كېسەل بولۇپ ياتتى. ئۇ كېچە-كۈندۈز قىزىمىنىڭ زادى نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى بىر ئاڭلاپ ئۆلۈپ كەتسەم، دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مەنمۇ بۇ ئىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە تەشنا. ناۋادا قىزىمىزدا گۇناھ بولغان بولسا ئەلھۆكمىلىللا دېمەكتىن باشقا ئامال يوق، ئەگەر قىزىمىزدا گۇناھ بولماي، سەنەۋبەر شاھ قىزىمىزغا قەستەن ئۇۋال قىلىۋاتقان بولسا، ھازىرلا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ تەختى-بەختىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىشكە تەييارمەن. لېكىن ئالدى بىلەن سەۋەبىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ يېڭىلىك قىلغان بىلەن بولمايدۇ. مېنىڭ ھازىر سىزگە دەۋاتقان ئىككىنچى شەرتىم، — ئاشۇ شەھەرگە بېرىپ بىر ئامال قىلىپ ئوردا ئىچىگە كىرىۋېلىش، ئاندىن سەنەۋبەر پادىشاھ بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن چاھارباغقا كىرىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، تۆمۈر قەپەسنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پەيتنى كەلتۈرۈپ بۇ ئىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ بىلىۋېلىش. بۇ شەرتنى ئورۇندىماق ئاسان ئەمەس ئوغلۇم، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى پەقەت ئاشۇ پادىشاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىكەن. شۇڭا پادىشاھتىن سوراپ بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل-پاراسەت، پەم، ۋاقىت كېرەك. بۇلاردىن باشقا بۇ شەھەرگە بېرىش ئۈچۈن ئاتلىق ئالتە ئاي يول يۈرۈشكە، ئاسمان-پەلەك ئېگىز تاغلاردىن، دەھشەتلىك ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان دەريا-دېڭىزلاردىن، تىلسىماتلىق قۇم-باياۋانلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇنداق يولنى ئادەتتىكى ئادەم ئادەتتىكى ئات بىلەن بېسىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا مەن قىرىق ۋاختىلىق شوتىدىن چېپىپ تەختكە چىقالىغان ئات ھەم مۇشۇنداق ئات بىلەن تەختكە چىقالىغان باتۇر يىگىتلا بۇ يولنى باسالايدۇ ھەم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ قارايمەن. مۇشۇ ۋەجىدىن كۈيئوغۇل بولغۇچىغا يۇقىرىقىدەك غەلىتە شەرتنى قويدۇم. ئەمدى مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسىز ئوغلۇم؟

— تولۇق چۈشەندىم پادىشاھىم. ئىككىنچى شەرتىنىمۇ چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداشقا تىرىشىمەن، — دەپتۇ ھاكى.

بۇ جاۋابتىن كۆڭلى سۆيۈنگەن پادىشاھ يىگىتنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ ۋە ھازىردىن باشلاپ جىددىي سەپەر تەييارلىقىغا تەرەددۇت قىلىشنى ئېيتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈنلۈك پۇختا تەييارلىقلاردىن كېيىن ھاكى سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. پادىشاھ، خانىش، مەلىكە ھەممىسى ھاكىغا ئاق يول، ئاسايىشلىق تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ...

ھاكى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدىغان ھېلىقى خاسىيەتلىك ئارغىماقلارنى ئىشقا سېلىپ، ئالتە ئايلىق يولنى ئالتە كۈندە بېسىپ سەنەۋبەر پادىشاھنىڭ شەھىرىگە ئامان-ئېسەن يېتىپ كەپتۇ. ئۇ شەھەر-

نىڭ سىرتىدىكى خىلۋەت بىر يەرگە كېلىپ ئاتنى غايىپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەكلىكىنى ئوبدان ئويلىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاددىي كىيىملىرىنى كىيىپتۇ - دە، شەھەرگە كىرىپتۇ.

بىرنەچچە كۈنگىچە ئاشخانا، چايخانىلاردا يۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپتۇ. ئاندىن ئەپلىك بىر پەيتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئوردىنىڭ ئالدىنى چۆگىلەپ يۈرۈپتۇ. دېگەندەك ئوردىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن لەشكەر باشلىقلىرى، ئەمەلدارلار بۇ يات يىگىتكە ھەيرانلىق ۋە سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇشۇپتۇ. بىر كۈنى ئوردا قاراۋۇللىرىنىڭ باشلىقى ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يىگىت، نەدىن كەلدىڭىز، بۇ يەردە نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ، ھاكى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەدەب بىلەن تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— تەقسىر، مەن ناھايىتى يىراق شەھەردىن كەلگەنىدىم. بۇ يەردە ھېچكىمنى تونۇمايمەن. پۇل - پۈچەكلىرىم يولدا كەلگۈچە تۈگەپ كەتتى. تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالدىم. بولسا مۇشۇ ئوردا ئىچىدە بىرەر قارا ئىش بولسا ئىشلىسەم دەيمەن. قولۇمدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ، — دەپتۇ ۋە يەنە باشقا گەپلىرىنىمۇ قىپتۇ.

قاراۋۇل باشلىقى ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى، گەپ - سۆزلىرىدىن ھەقىقەتەن ئاقكۆڭۈل، سەممىي يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— بىر نەچچە كۈن كۈتۈپ تۇرۇڭ يىگىت، مەن ئەھۋالىڭىزنى ئوردىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارغا ئېيتىپ باقاي، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. بىزنىڭ بۇ دىيارىمىزدا پادىشاھتىن تارتىپ تاكى ئاددىي پۇقرالىرىچە مۇساپىرلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، — دەپ ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىدىكى ئاق نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئوردىنىڭ ئات باققۇچىسى بولۇپ ئورۇنلىشىپتۇ، ئۇنىڭغا مەخسۇس سەنەۋبەر پادىشاھ ئوۋغا چىققاندا مىنىدىغان بىر جۈپ ئاتنى بېقىش تاپشۇرۇلۇپتۇ. ھاكى كېچە - كۈندۈز ئېغىلدىن نېرى كەتمەي ئاتلارغا ناھايىتى ئوبدان قاراپتۇ. ئاتلارمۇ سەمىرىپ، تۈكلىرى پارقىراپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئاتلاردىكى ئۆزگىرىشتىن پادىشاھمۇ ھەيران بولۇپ خىزمەتچىلەردىن سورىغانىكەن، ئۇلار باشقا شەھەردىن مۇساپىر بولۇپ كەلگەن بىر يىگىتنى ئات بېقىشقا قويغانلىقىنى، بۇ يىگىتنىڭ بەك ئاقكۆڭۈل، سەممىي ئىكەنلىكىنى تەرىپلەپ بېرىشىپتۇ.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تېخى پادىشاھنىڭ چاھار بېغى ئىچىدىكى تۆمۈر قەپەسكە سولانغان خانىشنى كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەلكى سەنەۋبەر پادىشاھنىمۇ بىرەر قېتىم تۈزۈك كۆرەلمەپتۇ. لېكىن يىگىت قىلچە بوشاشماي، مەيلى نەچچە يىل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ياخشى ئىشلەپ، پادىشاھنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ھەقىقىي ئەھۋالنى چوقۇم ئىگىلەيمەن، دېگەن ئىرادە بىلەن تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى ئىككى - ئۈچ قېتىم ئېغىلغا كىرىپ ئاتلارنى يوقلايدىكەن. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئېغىلغا كىرىپ ئاتلارنىڭ بوغۇز چاينىشىنى

تىڭشاپ ئولتۇرغانىكەن، ۋوروۇدا بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋشى ئاڭلىنىپ قاپتۇ. هاكى دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىغانىكەن، ۋەزىر بىلەن يەنە بىر ھەربىي ئەمەلدار پىچىرلىشىپ ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. هاكى: بۇلار يېرىم كېچىدە بۇ يەردە نېمە قىلىشىپ يۈرىدىغاندۇ، توختا، بۇ يەردە چوقۇم بىر سىر بار، دېگەن ئوي بىلەن ئاستا ئارقىغا چىقىپتۇ. ئۇلار تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ پىچىرلاشقىلى تۇرۇپتۇ. هاكى دەرەخلەر ئارىسى بىلەن شەپە قىلماي ئاستا كېلىپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېپتۇ.

— ئىشنى كېلەر دۈشەنبە كۈنى يېرىم كېچىدە باشلايدىغان بولدۇق، — دەپتۇ ۋەزىر يېنىدىكى ئادەمگە، — سىزگە سەنەۋبەر پادىشاھنى ئۇجۇقتۇرۇش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىندى. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا پادىشاھنى ئۇجۇقتۇرالمىسىڭىز ھەممە ئىش بۇزۇلىدۇ، بۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ. يەنە بىر ئىش...

هاكى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. «بۇلار بىر يامان ئىشنى پىلانلاۋېتىپتۇ-دە! مەن ئاددىي بىر خىزمەتكار بولساممۇ، پادىشاھنىڭ ئاش-تۇزىنى يەۋاتىمەن، ئۇنىڭغا خەۋپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرمىسام، بۇنىڭغا بىپەرۋا قارىسام تۇزكور بولۇپ كېتىمەن. قانداقلا بولمىسۇن ئەتە بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈشۈم كېرەك...» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئاستا كەينىگە يېنىپتۇ.

ئەتىسى ئەپلىك بىر پەيتنى تېپىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە كېچە ئاڭلىغان گەپلەرنى تولۇق يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ سەگەكلىنىپ دەرهال ھېلىقى ۋەزىر بىلەن ھەربىي ئەمەلدارنى تۇتقۇن قىلىپ سوراققا تارتىپتۇ. راست دېگەندەك ئۇلار ئوردىدىكى يەنە بىر نەچچە ئادەم بىلەن بىرلىشىپ تەختنى تارتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۇيىقەستچىلەر دەرهال زىندانغا تاشلىنىپ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئاددىي ئات باقار يىگىتنىڭ سەممىي-سادىقلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن هاكىغا پادىشاھ بىلەن ھەر كۈنى بىللە بولىدىغان، سىردىشىدىغان پۇرسەت تۇغۇلۇپتۇ. هاكىنىڭ خۇلقى-مىجەزى پادىشاھقا بەك ياراپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ يىگىتتىن مەسلىھەت ئالىدىكەن، بىر يەرگە بارسا، ھەتتا ئوۋ ئوۋلاشقا چىقسىمۇ ئۇنى بىللە ئېلىپ بارىدىكەن.

هاكىنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگىنىگە سەككىز ئاي بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى هاكى پادىشاھ بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزلىرى بىلەن بىللە كۆپ يەرلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم، لېكىن سىلىنىڭ چاهار باغلىرىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىدىم. ۋاقىتلىرى يەتكەندە ئۆزلىرى بىلەن بىللە كىرىپ بىر كۆرۈپ، ئايلىنىپ چىقسام، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ دەرهال ماقۇل بولۇپ، — بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن سىزنى ئايلاندۇرۇپ چىقاي.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ئىككى كۈن

دىن كېيىن ھاكىنى باشلاپ چاھار باغقا كىرىپتۇ. رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان بۇ باغدا دۇنيادا بارلىكى مېۋە - چېۋىسىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىكەن. ھەممە تەرەپتىن گۈپۈلدەپ يېلىلىق خۇش پۇراقلار پۇراپ تۇرىدىكەن. ئېرىقتىكى زۇمرەت سۇلار بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىغا تەڭكەش بولۇپ يېقىملىق شىرىلداپ ئاقىدىكەن. قىسقىسى بۇ باغ جەننەتنىڭ ئۆزىكەن.

پادىشاھ كېتىپ بېرىپ ھاكىغا رەھمەتلىك ئاتىسىنىڭ بۇ باغنى قانداق پىلانلاپ قانچە يىلدا پۈتتۈرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. خېلى ئايلىنىپ باغنىڭ ئىچكىرىسىگە بارغاندا ھاكىنىڭ كۆزى راستىنىلا ھېلىقى ئېسىقلىق تۇرغان تۆمۈر قەپەسكە چۈشۈپتۇ. قەپەسنىڭ ئىچىدە چاچلىرى چۇۋۇلغان بىر ئايال تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ. يەردە يوغان بىر ئىت يېتىپتۇ. ھاكى بۇلارنى تولۇقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بىر شىپاڭنىڭ يېنىغا كەلگەندە پادىشاھقا بىر پەس ئارام ئالايلى، دەپتۇ، پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. خىزمەتكارلار ھەرخىل مېۋىلەردىن ئۈزۈپ كەپتۇ. بۇلار مېۋە - چېۋە يېگەچ ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە بىر خىزمەتكار ئاپئاق كۈمۈش لىگەنلەردە ھەرخىل گۆشلۈك تائاملارنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ - دە، ئىتنىڭ ئالدىغا قويۇپ بېرىپتۇ. ئىت يەپ ئاشۇرۇپ قويغان تائاملارنى قەپەس ئىچىدىكى ئايالغا بېرىپتۇ. ھاكى ئەھۋالنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە پادىشاھقا ھېچقانداق گەپ قىلماپتۇ. گويا ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ئۆز پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرىۋېرىپتۇ. خېلىدىن كېيىن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ باغنىڭ



يەنىمۇ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشىپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ھاكى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ پادىشاھنىڭ كەيپىنىڭ ناھايىتى خۇش ۋاقلىقىنى پەملەپ «بۈگۈن ھېلىقى سىرنى سوراشنىڭ تازىمۇ ئوبدان پەيتى ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، ئۆزلىرىدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com



— مەرھەمەت، قېنى سوراڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن بۇ ئوردىغا كەلگەندىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىشلىرى بىلەن ھەر جەھەتتىن ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، يۇقىرى ئابروي - ئىناۋەتكىمۇ ئىگە بولدۇم. ئۆزلىرىدىن مىڭ مەرتىۋە رازىمەن. ھازىر ئۆزلىرى بىلەن خۇددى ئاكا - ئۇكىدەك بولۇپ قالدۇق، ئارىمىزدا بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق سىر يوق دەپ ئويلايمەن. لېكىن بىر نەرسە مېنى بەكمۇ ئەجەبلەندۈرۈۋاتىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئىككىمىز چاھارباغقا كىرىپ سەيلە - ساياھەت قىلغاندا بىر تۆمۈر قەپەسنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى گۈزەل، لېكىن ھازىر بەكمۇ ئاجىزلاپ سولىشىپ كەتكەن بىر مەزلۇم ئولتۇرۇپتۇ. قەپەسنىڭ ئالدىدا — يەردە بىر ئىت يېتىپتۇ، خىزمەتكار ئېسىل تائاملارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاۋۋال ئىتنىڭ ئالدىدا قويىدى، ئىتتىن ئاشقاننى قەپەس ئىچىدىكى مەزلۇمغا بەردى. بۇ ئەجەب غەلىتە ئىشقۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

پادىشاھنىڭ ئاپتاپتەك ئىللىق چىرايىغا بىردىنلا قارا كۆلەڭگە سايە تاشلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ:

— بۇرادىرىم، يامان قىلدىڭىز. بۇ سوئالنى مەندىن سورىمىغان بولسىڭىز، مەنمۇ جاۋاب بەرمىگەن بولسام ناھايىتى ئوبدان بولاتتى. بۇ تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان، ناھايىتىمۇ سەت، شەرمەندە ئىش. مەن بۇ ئىشنى سۆزلەشنىمۇ، ھەتتا ئويلاشنىمۇ خالىمايتتىم. بىراق ئەمدى بولغۇلۇق بولدى. سوراپ قالدىڭىز، خەير، بوپتۇ، سىزگە سۆزلەپ بېرەي، ئەمما ھېچكىمگە تىنماسلىققا ۋەدە بېرەلەمسىز؟ — دەپتۇ.

— مىڭ مەرتىۋە ۋەدە بېرەي پادىشاھىم.

پادىشاھ بىر پەس خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي ھېكايە قىلىشقا باشلاپتۇ:

— بۇ ئەسلى مۇنداق ۋەقە. رەھمەتلىنىڭ ئاتام ھايات ۋاقتىدا بۇ يەردىن ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر شەھەردە ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا پىر مەرىكىگە مېنىمۇ بىللە ئېلىپ باردى. بۇ مېنىڭ 18 - 19 ياشلارغا كىرگەن تازا نەۋقىران چاغلىرىم ئىدى. مەرىكە جەريانىدا ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ گۈل ئىسىملىك قىزىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ لاتاپەتلىكى، گۈزەللىكىنى ھازىر سىزگە تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. غايىبانە بىر پارچە ئوت يۈرىكىمنى كۆيدۈردى. بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىقى - بىقارار بولۇپ قالدىم. ئۇ قىزمۇ ماڭا شەھلا كۆزلىرى بىلەن مەنىلىك تەلمۈرۈپ، مېنى خالايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. مەرىكە ئاياغلاشتى. ئۆز شەھىرىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالنى دەرھال دادامغا ئېيتىپ ئۇ قىزنى ئالىدىغان بولۇپ ئەلچى ئەۋەتتۇق. پادىشاھ تەلىپىمىزنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئەلچىلەر خۇشال قايتىپ كېلىشتى. بىرەر - ئىككى ئاي تولۇق تەييارلىق قىلىپ ناھايىتى چوڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزدۇق، ئۇزۇن ئۆتمەي دادام ۋاپات بولۇپ كەتتى. تەختكە مەن ۋارىسلىق قىلىپ پادىشاھ بولدۇم. گۈل بىلەن ئىككىمىز توي قىلغاندىن كېيىن بىرەر يىلدەك ناھايىتى چىرايلىق ئۆتتۇق. كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ چىرايى غەلىتە كۆكىرىپ، تەبىئىي گۈزەللىكى

بۇزۇلۇشقا باشلىدى. نېمە بولىدۇڭ، بىر
يېرىڭ ئاغرىمىدۇ؟ دېسەم ياق دەيدۇ، لې-
كىن مەن ئۇنىڭدىكى بۇنداق ئۇشتۇمتۇت
ئۆزگىرىشتىن گۇمانلىنىپ قالدىم. سەۋەبىنى
بىلەلمەي يۈرەتتىم. بىر كۈنى كېچىدە
ئويغىنىپ كېتىپ ئۇنىڭ يېنىمدا يوقلۇقىنى،
تاڭ ئاتارغا يېقىن ئاستا پەيدا بولغانلىقىنى
سېزىپ قېلىپ ھەيران بولدۇم. كۆڭلۈمگە
ھەر خىل ئىشلار كەلدى. گۇمانىم تېخىمۇ
ئاشتى. يەنە بىر كۈنى ئەمدى كۆزۈم ئۇيـ
قۇغا بېرىلىۋىدى، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ
دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سىرتقا
چىقىپ كەتتى. ئالاھازەل ئىككى ـ ئۈچ
سائەتلەردىن كېيىن يەنە ئاستا كىرىپ ياتـ
تى. «توختا، ئەتىدىن باشلاپ يالغاندىن
ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالاي. ئۇ سىرتقا
ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسىدىن مەنمۇ ماڭاي،
قېنى نەگە بارىدىكىن، بىر بىلىپ باقايچۇ»
دېگەن يەرگە كەلدىم. ئىككى كۈن جىم
ئۆتتى. ئۈچىنچى كۈنى بولدى. ئىككىمىز
كۈندىكىدەك بىر ئورۇندا ياتاتتۇق. مەن
يالغاندىن خورەك تارتىشقا باشلىدىم. ئۇ
بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا سىنچىلاپ قاراپ
قويدى ـ دە، مېنىڭ بىر خىلدا خورەك
تارتىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئاستا
ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. مەنمۇ
دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھەر ئېھتىـ
مالغا قارشى خەنجىرىمنى ئېلىۋالدىم. شەپە
قىلماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇ ئۇـ
دۇل باغقا كىرىپ كەتتى. مەنمۇ ئارقىدىن
تاپان دەسسەپ ماڭدىم. ئۇ باغنىڭ شورـ
سىدىن چىقىپ كەتتى. مەنمۇ چىقتىم. ئۇ
يۈگۈرگەندەك ئىتتىك مېڭىپ شەھەرنىڭ
سىرتىدىكى ئوغرى، بۇلاڭچى، قىمارۋازلار
قاينايدىغان مەھەللىگە كېلىپ بىر گەمىگە
كىرىپ كەتتى. ئارقىدىن مەنمۇ يېتىشىپ
كەلدىم. ئۇ ئىشىكنى غىچچىدە ئېچىپ
كىرىپ كەتتى. مەنمۇ دەرھال كېلىپ ئىـ
شىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىدىم. گەمىنىڭ ئىچىدە
تازا كاللىكېسەر قاراقچىلاردىن بەش ـ ئالـ
تىسى ھاراق ـ شارابلارنى ئىچىشىپ ئولتۇـ
رۇپتۇ. گۈل بۇ يەرگە نېمە دەپ كېلىدىـ
غاندۇ، دەپ ھەيران بولۇۋاتاتتىم. ئۇ
گەمىگە كىرىپ كەلگەندىن كېيىن قاراقچىـ
لارنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك، يوغان،
تەمبەل بىرى ئۇنى سوراقىقا تارتىقلى
تۇردى:

ـــ ھەي ئالۋاستى، بۈگۈن يەنە
كېچىكىپ كەلدىڭغۇ، گەپ قىل، نېمىشقا
شۇنداق قىلىسەن؟

ـــ كەچۈرسىلە بېگىم، ئېرىم ئۇخلىـ
ماي شۇڭا كېچىكىپ قالدىم. بۇنىڭدىن
كېيىن چوقۇم ۋاقتىدا كېلىمەن.

«تووۋا خۇدايىم، مەندەك بىر قۇدرەتـ
لىك پادىشاھنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى نەدىـ
كى بىر يىرگىنىشلىك، پەس، ئېپلاس،
ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ
شەرمەندىلەرچە يېلىنىۋاتىدۇيا، ئۇنى مۇنـ
داق قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىلغاندۇ؟»
غەزەپتىن دىر ـ دىر تىترەپ كەتتىم، لېكىن
توختا، يەنە نېمە گەپ ـ سۆزلەر بولىدىـ
كىن، دەپ چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ
ماراشنى داۋام قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇنى قاراقچىلارنىڭ باشلىقى قۇچىقىغا
ئېلىپ سۆيۈپ قۇچاقلىدى. ئارقىدىن يەنە
بىرسىگە ئىتتىرىپ بەردى، ئۇمۇ سۆيۈپ
قۇچاقلاۋاتىدۇ ... ئەمدى زادىلا چىداپ
تۇرالمىدىم، بۇ ماڭا نېمىدېگەن ھاقارەت!
ئۆزۈمنىڭ يالغۇز، ئۇلارنىڭ كۆپ ئىكەنـ
لىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپ، ئىشىكنى بىرلا

تېپىپتىمەن ـ دە، گەمىگە كىرىپ كېتىپتىمەن. ئادەم غەزەپكە كەلسە غايىبانە بىر كۈچ پەيدا بولىدىغان ئوخشايدۇ. خەنجىرىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر باشتىن ئۇرغان ئىكەنمەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۆتىنىڭ كاللىسى يەردە سەكرىگىلى تۇردى. ئاخىرىدا ھېلىقى باشلىقى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتىم. خېلىغىچە ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى بىر نېمە قىلالمىدۇق. ئاخىر قولۇم ئۇنىڭ قانىيىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ قانىيىدىن ئېلىپ تازا بوغدۇم. ئۇ ھالسىراپ يىقىلاي دەپ تۇراتتى، شەرمەندە خوتۇنۇم گۈل ئايىغىغا بىر تاغار تېرىقنى ئەكىلىپ تۆكۈۋەتتى. پۇتۇم تېيىلىپ كېتىپ گۈپپىدە يىقىلدىم. ئەمدى قاراقچى مېنى بېسىۋېلىپ، قولۇمدىكى خەنجەرنى تارتىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا كەينىمدىن ھىددىمنى پۇراپ يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك، ۋاپادار ئىتىم ئېتىلىپ كېلىپ قاراقچىنى ئالدى، گەجگىسىدىن تارتىپ ئۈگدىسىغا يىقىتتى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم ـ دە، خەنجەرنى قاراقچىنىڭ كۆكسىگە ئۇردۇم. ئۇ يىقىلدى. شۇنداق قىلىپ قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردۈم. خوتۇنۇم گۈل قاچماقچى بولۇپ ئىشىككە قاراپ يۈگۈرۈۋىدى، ئاسلانىنى قاماللىغاندەك قامالاپ تۇتۇپ ئۆيگە سۆرەپ كەلدىم. بۇ كېچىدە بولۇۋاتقان ئىشلار بولغاچقا ھېچكىم بىلمەي قالدى. ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېلا ئېتەي دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئۆمۈرۋايەت قىينالسۇن دېگەن يەرگە كېلىپ قەپەسكە سولاپ ئاستىم. ئوردىدىكىلەر بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇشتى، لېكىن سەۋەبىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدىم. بۇ سىر شۇ پېتى قالدى. دېمەك خوتۇنۇم ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى. لېكىن ئىتىم بولسا مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردى. شۇنىڭغا قارىغاندا «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دېگەن گەپ مۇشۇنداق شەرمەندە خوتۇنلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز ئوخشايدۇ.

خوش، ئەمدى ئويلاپ بېقىڭ بۇرادەر، بۇ خوتۇنغا نېمە كەم، ئۇنىڭ مەندەك ئېرى تۇرسا، ئوردىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تەئەللۇق تۇرسا، نېمىدەپ ئاشۇنداق يىرگىنىشلىك، پەس قاراقچىلار بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ؟ ئۇنى مۇشۇنداق ئىش قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى، بۇ ماڭا ھېلىغىچە قاراڭغۇ. ئۇ مېنى مۇشۇنداق خورلىغاندىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالمىسام بولامدۇ؟ ئېيتىڭا، بۇ جازا ئۇنىڭغا ئارتۇق كېتىپتىمۇ؟

— ياق پادىشاھىم، ئۇ ھەق جازاسىنى تارتىپتۇ! — دەپتۇ ھاكى ۋە پادىشاھنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ھاكى «سەنەۋبەر گۈلگە نېمە قىلدى، گۈل سەنەۋبەرگە نېمە قىلدى» دېگەن بۇ سىرنىمۇ بىلىۋاپتۇ.

ئەمدى بىر ئامال قىلىپ ئۆز شەھىرىگە قايتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى پادىشاھتىن ئۆز يۇرتىغا كېتىش توغرىسىدا ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— بۇرادىرىم، نېمىدىن كۆڭلىڭىز سۇ ئىچمىدى ياكى سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مەن ئۆزلىرىدىن بەكمۇ رازى. لېكىن مەنمۇ ئۆز يۇرتۇمنى سېغىندىم. ئۇ يەردە ئۇرۇق -

تۇغقانلىرىم بار ھەم توي قىلىشقا ۋەدىلە-
شىپ قويغان كىشىم بار. بارمىسام بولماس.
— ئۇنداق يېرى بولسا بوپتۇ،—
دەپتۇ پادىشاھ، — بېرىڭ، ئەھۋالغا قاراپ
بېقىڭ، ئىشلىرىڭىزنى تۈگەتكەندىن كېيىن
ئەگەر كۆڭلىڭىز تارتسا يەنە قېشىمغا قاي-
تىپ كېلىڭ. سىز ئۈچۈن ھەر قاچان
ئىشىكىم ئوچۇق.
بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن سەنەۋ-
بەر پادىشاھ سىرداش دوستى، مەسلىھەت-
چىسى ھاكىنى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار
بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ھاكى ئالتە
ئايلىق يولنى ئالتە كۈندە بېسىپ ئامان -
ئېسەن ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.
بولغۇسى كۈيئوغلىنى تۆت كۆزى
بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پادىشاھ ۋە ئوردى-
دىكى ھەممەيلەن ھاكىنى خۇشاللىق ئىل-
كىدە كۈتۈۋاپتۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپ ھەممە
ئەھۋالنى پادىشاھقا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ
بېرىپتۇ.
— گۇناھ ئۆز قىزىمىزدا ئىكەن،
كۈيئوغلىمىز سەنەۋبەر پادىشاھنىڭ قىلغىنى
توغرا بوپتۇ،— دەپتۇ پادىشاھ كۆڭلى
تىنغان ھالدا.
ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ كاتتا توي
مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قىزىنى ھاكىغا
بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى
كۆزدە تۇتۇپ، پادىشاھلىقىنىمۇ كۈيئوغلى
ھاكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ھاكى پادىشاھ بولۇپ، يۇرتنى ئادىللىق
بىلەن سوراشقا باشلاپتۇ. ئەمدى گەپنى
ھاكىنىڭ ئىككى ئاكىسى باقى بىلەن ساقى-
دىن ئاڭلايلى.

باقى بىلەن ساقى ھەممە بايلىقىنى
ئىشلىمەي يەپ - ئىچىپ، ئويناپ تۈگىتىپ
بوپتۇ. ئاخىر قورسىقىنىمۇ باقالماي بەزىدە
ئاشپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ، سۇيىنى
توشۇپ بېرىپ، بەزىدە تىلەمچىلىك قىلىپ
يۈرۈپتۇ.
ھاكى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن دائىم
دېگۈدەك ئەمەلدارلار ئاسانلىقچە بارمايدى-
غان ئارقا كوچا، خىلۋەت مەھەللىلەرگە
بېرىپ خەلقنىڭ دادى - ئەھۋالىنى ئاڭلاپ
تۇرىدىكەن. بىر كۈنى بىر ئارقا كوچىدا
كېتىپ بېرىپ، كىيىملىرى جۇل - جۇل، چاچ-
ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئىككى ئاكىسىنى
كۆرۈپ قېلىپ تونۇپ قاپتۇ. پادىشاھ
خىزمەتكارلىرىدىن بىرىگە:
— تام تۈۋىدە ئولتۇرغان ئاۋۇ ئىككى
ئادەمنى ھازىر ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ يۇ-
يۇندۇرۇپ، كىيىندۈرۈپ مېنىڭ ئالدىمغا
ئېلىپ كىرىڭ،— دەپ تاپىلاپتۇ. خىزمەتكار
بۇ ئىككىسىنى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە
ھاممامغا چۈشۈرۈپ، چاچ - ساقاللىرىنى
ئالغۇزۇپ، پاكىز كىيىندۈرگەندىن كېيىن
پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. خىزمەتكار-
لار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پادىشاھ:
— سىلەر مېنى تونۇدۇڭلارمۇ؟ —دەپ
سوراپتۇ. باقى بىلەن ساقى ھېچنېمىنى
چۈشەنمەي «ياق» دەپ باشلىرىنى چايقاپتۇ.
— بىلىپ قويۇڭلار، مەن سىلەرنىڭ
ئىنىڭلار ھاكى بولىمەن. سىلەر دادامدىن
مىراس قالغان شۇنچە كۆپ مال - مۈلۈكنى
بۇزۇپ - چېچىپ، يەپ - ئىچىپ مۇشۇ كۈن-
گە قاپسىلەر. بۇنىڭ ئەتۇرىسىچە مەن بول-
سام، رەھمەتلىك دادامنىڭ دۇئاسى بىلەن
كۈندىن - كۈنگە كۆكلەۋاتىمەن. دادام
ۋاپات بولغاندىن كېيىن سىلەرنىڭ ماڭا
قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭلارنى ئويلىسام كارىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولمىسا بولاتتى. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن سىلەر بىلەن مەن بىر ئاتا، بىر ئانىنىڭ بالىلىرى، سىلەرنىڭ يەنە ئېقىر كۈندە قېلىشىڭلارنى، جاپا تارتىشىڭلارنى خالىمايمەن. ئۆتكەنگە سالاۋات. بۇگۈندىن باشلاپ ئوردىدا ئىشلەڭلار. ھەممىمىز جەم بولۇپ بىللە ئۆتەيلى،— دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ھاكى ئاكىلىرىنى ئوردىدا ئېلىپ قېلىپ، ئۆزىگە لايىق خىزمەتلەرنى بېرىپ ئۇلارنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. باقى بىلەن ساقى ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ، قورساقلىرى تويغاندىن كېيىن ۋاپاغا جاپا قىلىپ، ئىنىسىغا ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

— بۇ بىزگە نېمە خورلۇق؟— دەپتۇ باقى ئىنىسى ساقىغا،— ئىنىمىز پادىشاھ بولۇپ يۈرسە، بىز ئاكىسى تۇرۇپ ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيمىزمۇ، بۇ نېمىدېگەن نومۇسلۇق ئىش - ھە؟

— ئەسلى پادىشاھ سەن بولساڭ توغرا بولاتتى ئاكا. سەن ھەممىمىزدىن چوڭ - دە!— دەپتۇ ساقىمۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىنىسى ھاكىنى ئۆلتۈرۈپ پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى پىلانلاپتۇ. بىراق «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى پاش بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كەلگەن پادىشاھ ھاكى:

— سىلەر بىلەن مەن بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشلار بولساقمۇ، لېكىن سىلەر ئادەم ئەمەس، ھايۋان سۈپەت مەخلۇقلار ئىكەنسىلەر. بىر تۇغقىنىم دەپ كۆيۈنۈپ سىلەرگە ۋاپادارلىق قىلسام، سىلەر ماڭا قارا نىيەتتە بولدۇڭلار. قارا نىيەت، سۇيىقەستچىلەرنى جازالىماسلىق — خەلققە زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولىدۇ. ئەسلى سىلەرنى دارغا ئاسسام بولاتتى. خەير، سىلەر يەنىلا ئاكام ئىكەنسىلەر، قولۇم بارمىدى. ئەمدى ئۆمۈرۋايەت ئەركىنلىكىڭلاردىن مەھرۇم قىلىپ زىندانغا تاشلايمەن!— دەپتۇ پادىشاھ ۋە دەرھال زىندانغا تاشلاپتۇ.

پادىشاھ ھاكى يۇرتىنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، پۇقرالارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بوپتۇ. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھ ھاكىنىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنى، ئادىللىقىنى كىشىلەر تا ھازىرغىچە تەرىپلەپ كېلىۋاتقانىمىش...

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەخەت ھاشىم

# رىۋايەتلەر

## شاھنىڭ ۋەسىيىتى

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۆلەر چېغىدا يېقىنلىرىدىن بىرەيلەننى چاقىرىپ شۇنداق نەسىھەت قىپتۇ: «مېنى شۇنداق جايغا دەپنە قىلىڭلاركى، ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن جاي بولسۇن. شۇنداقتا مىڭ يىلدىن كېيىن ئەۋلادلىرىمدىن بىرەرى بېرىپ چاقىرسا، تىرىلىپ گۆردىن چىقىمەن». ئۇلۇغ شاھنىڭ بۇ ۋەسىيىتىنى بېجىرىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئويلاپ ئاخىر تاغنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىنى تاللىشىپتۇ. جاپا-مۇشەققەتتە چوققىدىن قەبرە قېزىپ ئىسكەندەرنى دەپنە قىلىشىپتۇ.

دېيىلگەن مۇددەت كەلگەندە بىرى ئىسكەندەرنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ نامىنى ئاتاپ چاقىرىپتۇ. بىر چاقىرىپتۇ، ئون چاقىرىپتۇ. بىراق جاھانگىر چىقماسمىش. چاقىرغۇچىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ھەي، سەن ياخشى بولغان بولساڭ شاھلىق ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) بولارمىدىڭ» دەپ قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا قەبرىدىن قەھرلىك ئاۋاز چىقىپتۇ: «ھەي، مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى بېجىرمىگەن نامەرد، مەن ئىنسان ئايىغى باس-



مىغان جايغا قويۇڭلار دېسەم نېمىشقا بېجىرمىدىڭلار؟ بۇ يەرگە ئىنسان ئايىغى يېتىپلا قالماي، بەلكى ئىسكەندەر ناملىق كىشىدىنلا مىڭى كۆمۈلگەنىكەن. سەن ھەر چاقىرغىنىڭدا بىز مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپ جاڭجاللىشىپ قالدۇق. سەن قاچان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دېگەندىن كېيىنلا مېنى چاقىرغانلىقىڭنى بىلدىم. ئەمدى بەرىبىر ۋەسىيىتىمنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىكىڭلار تۈپەيلى مەن بۇ يەردىن چىقالمايمەن» دەپتۇ. شۇ چاغدا بايىقى ئىزدەپ كەلگەن كىشى: «ئەي خۇدا، دۇنيا يارالغاندىن بىر چوققىغا پەقەت

ئىسكەندەردىنلا مېڭگى دەپنە قىلىنغان بولسا، باشقىلىرى قانچىلىكتۇر؟ دېمەك، ئىنسان دەپنە ئېتىلمىگەن جاي يوق ئىكەن - دە» دەپ يولىغا قايتىپتۇ.

## ناغرا



قەدىم - قەدىم زامانلاردا بىر مەملىكەتنىڭ سودىگەرلىرى سودا قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىشىپتۇ. يوللىرى چۆلى مەلىكىدىن ئۆتىدىكەن. يول يۈرسىمۇ ئاز يۈرمەي مول يۈرۈشۈپ چۆلى مەلىكىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قاپتۇ.

بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يولىغا ئالغان سۇلىرى تۈگەپ قاپتۇ. ئۇسسۇزلۇقتىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۇسىلىشىپ يېتىپ قېلىشىپتۇ. كۈچ - ماغدۇرىدىن كېتىپ ماڭغۇدەك مادارى قالماپتۇ. كارۋاندا بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇلۇمىدىكى ئاخىرقى سۈيىنى سەپەرداشلىرىنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. ئادەملەر بىرئاز ئۆزلىرىگە كېلىشىپتۇ يۇ، بىراق ئىسسىقتا چاڭقاپ كەتكەنلىكتىن يولغا چىقالماپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت ئويلاپ - ئويلاپ بوشاپ قالغان تۇلۇمنى يېرىپ ھارۋىنىڭ چاقىغا كېرىپ باغلاپ ئاپتاپقا قارىتىپ قويۇپتۇ. كېيىن ئۇنى داراڭلىتىپ چېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىغا مەھلىيا بولۇپ قاتتىقراق داراڭلىتىپتۇ. بارا - بارا ئۇنى شۇنچىلىك قاتتىق چېلىشقا باشلاپتۇكى، ئەسۋابىنىڭ ئاۋازى پۈتۈن چۆلنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. غەيرىي تەبىئىي بۇ ئاۋازدىن ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىگە كېلىپ قىمىرلاشقا باشلاپتۇ.

ئۇلاردا كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بوپتۇ. ئاۋاز بارخانىدىن بارخانغا ئۆتۈپ تۆپىلىكتىن تۆپىلىكلەرگە كۆچۈپتۇ. ئاۋاز چۆلنىڭ نېرىقى چېتىدە كېتىۋاتقان باشقا كارۋانلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بېرىپتۇ. كارۋانلار: «كارۋان ھالاكەتكە ئۇچراپتۇ، بولمىسا بۇنداق ئاۋاز چىقارماس ئىدى، ياردەمگە چاقىرىۋاتىدۇ. بېرىش كېرەك» دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ. سۇ بېرىپ ھالاكەتكە ئۇچرىغان سودىگەرلەرنى ساقلاپ قېلىشىپتۇ - دە، سودىغا بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ. چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاكەت ھالىغا كەلگەن سودىگەرلەرنى ساقلاپ قالغان نەرسە ناغرا ئىكەن. ناغرا ئاۋازى ئاڭلانىدىمۇ كىشىلەرنىڭ تېتىكلىك، دادىللىق، جەسۇرلۇق كەيپىياتلىرى ئويغىنىدىكەن.

## لوقمان ھاكىم

لوقمان ھەكىم دۇنياغا داڭقى كەتكەن تېۋىپ ئىكەن. ئۇ ئادەملەرنىڭ دىلىنى، گىياھلارنىڭ، جىمىكى ھايۋان، جانلىق، جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ تىلىنىمۇ بىلىدىكەن.

ئۇلار يارىلانسا، دەردكە چېلىقسا داۋالايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشىنىڭ كۆزى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ كۆزىنى ناھايىتى جىق تېۋىپلارغا كۆرسىتىپتۇ، داۋا تاپالماپتۇ، ئالىم، ئۆلىمالارغا كۆرسىتىپتۇ. شىپا تاپالماپتۇ. ئاخىر ئىزدەپ، ئىزدەپ يىراق بىر ئۆلكىدە ياشايدىغان لوقمان ھەكىم ھەققىدە دېرەك ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. لوقمان ھەكىم كۆزى ئاغرىغان كىشىنىڭ ئۇياق - بۇيىقىنى كۆرگەن بوپتۇ - دە، تاپىنىغا خىنە قويۇش مەسلىھەتىنى بېرىپتۇ. شۇ چاغدا بىمار تېۋىپقا قاراپ:

— ئەي ئۇلۇغ ھەكىم، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، يە مەن بىلەن چاقچاقلىشىۋاتامسىز؟ مېنىڭ پۇتۇم ئاغرىمىسا، ئۇنىڭغا خىنە قويىمەنمۇ؟ كۆزۈم ئاغرىۋاتىدۇ، كۆز قەيەردە، پۇت قەيەردە؟— دەپ خاپا بوپتۇ. شۇ چاغدا لوقمان ھەكىم بىمارغا مۇنداق دەپتۇ:

— توغرا ئېيتىسىز، مەنمۇ سىزنىڭ كېسەلىڭىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن: سىزنىڭ كۆزىڭىز ئاغرىغان. بىزنىڭ پەم - پاراسىتىمىزگە قارىغاندا كۆزنىڭ بىر تومۇرى پۇتنىڭ تاپىنىغا جايلاشقان. سىزنىڭ شۇ جايىڭىز، يەنى كۆزىڭىزنىڭ تاپان ئاستىغا تۇتاشقان تومۇرى شاماللىغان. شۇڭا خىنە قويسىڭىز كۆزىڭىز تۈزۈلۈپ ئەسلى ھالىغا قايتىدۇ.

كۆزى ئاغرىغان كىشى لوقمان ھەكىم ئېيتقاندەك قىلىپ، تاپىنىغا خىنە قويغانىكەن، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەستىن كۆزى تۈزۈلۈپ ھېچنەرسە بولمىغاندەك ساقىيىپ كېتىپتۇ.

## قارلىغاچنىڭ ھىممىتى

نوھ پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە قاتتىق يېغىنگەرچىلىك بولۇپ، ھەممە ياقنى كەلكۈن سۈيى بېسىپ كېتىپتۇ. ئادەملەر، ھايۋانلار، دەل - دەرەخلەر، تاغۇ تاشلارمۇ سۇ ئاستىدا قاپتۇ. شۇ چاغدا نوھ پەيغەمبەر بىر كېمە ياساپتۇ. ئۇنىڭغا دۇنيادىكى بارلىق ھاشارات، ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلاردىن بىردىن ئېلىپ «بىرەر جايدا قۇرۇقلۇق قالغاندۇ» دەپ ئويلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئوممانغا ئايلانغان يەر يۈزىدە سۈزۈپ كېتىۋاتقاندا چاشقان كېمىنى تېشىپ قويۇپتۇ. تۆشۈكتىن سۇ كىرىپ كېمىنىڭ ئىچى سۇغا تولۇشقا باشلاپتۇ. نوھ قاراپ تۇرسا كېمىگە سۇ تولۇپ كېمىدىكىلەر سۇغا غەرق بولىدىغاندەك. شۇ چاغدا: «كىم تۆشۈكنى ئېتىپ سۇنى توختىتالىسا، دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق گۆشنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىمەن» دەپتۇ. شۇ چاغدا يىلان: «بۇنى مەن قىلالايمەن» دەپتۇ - دە، ئۇ تۆشۈككە كېلىپ دۈگىلەك بولۇپ يېتىۋاپتۇ. سۇ توختاپتۇ. نوھ پەيغەمبەر يېڭىلىشمىگەنىكەن، بىرجايدا قۇرۇقلۇق قالغانىكەن. شۇ جايغا يېتىپ بېرىشىپتۇ. شۇ چاغدا يىلان:

— نوھ ئېيتقىنىڭىزنى ئەمدى بېجىرىڭ،— دەپتۇ. نوھ پەيغەمبەر «دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق گۆشنى بىلىپ كېلىڭلار» دەپ، ئۇ قۇشنى ئۇياققا، بۇ قۇشنى بۇ ياققا ئەۋەتىپتۇ. قارلىغاچنىمۇ بىر ياققا جۆنىتىپتۇ. يىلان ئۈچ كۈننىڭ ئاغزىدا دۈگىـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لەك بولۇپ يېتىپ ئۇلارنى ساقلاپتۇ. بىر چاغدا قۇشلاردىن بىرى كېلىپ قاپتۇ.

— دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق گۆش قايسىكەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— تاشپاقىنىڭ گۆشى ئىكەن،— دەپتۇ قۇش. يىلان:

— ياق، ئۇ سېنىڭ گۆشۈڭ، — دەپ چاڭگال سېلىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى يۇتۇۋېتىپتۇ. كېيىن ھەرە ئۇچۇپ كەپتۇ. يىلان ھەرىدىن:

— دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق گۆش نېمىنىڭكى ئىكەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق گۆش ئىتنىڭكى ئىكەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھەرە. يىلان بىر چاڭ سېلىپ ئۇنىڭ تىلىنى ئۈزۈۋاپتۇ. بىر چاغدا قارلىغاچ ئۇچۇپ كېلىپ قاپتۇ. يىلان:

— قېنى سەن ئېيتچۇ، دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق گۆش نېمىنىڭكى ئىكەن؟— دەپتۇ.

قارلىغاچ ھەممە ئۇچار جانىۋارلارنىڭ، ئادەمنىڭ گۆشىدىن تېتىپ كۆرگەندە ئادەم گۆشىنىڭ ئەڭ تاتلىقلىقىنى بىلىدىكەن. يىلانغا «ئادەم گۆشى تاتلىق دېسەم، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئادەمزاتنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئالەمدە ئادەمزات قالمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۇنىڭغا قاراپ: پاقىنىڭ گۆشى دۇنيادا ئەڭ شېرىن، تاتلىق گۆش ئىكەن،— دەپتۇ. يىلان:

— يالغان ئېيتىسەن،— دەپ چاپچىپ ئۇنىڭغا تاشلانغانىكەن، قارلىغاچ چەبدەسلىك بىلەن قېچىپتۇ. يىلاننىڭ ئاغزى ئۇنىڭ كەينىگە تەگكەنىكەن، قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى ئاجراپ، ئوچۇق قايچىغا ئوخشاپ قاپتۇ. شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ قۇيرۇقى



قايچىسىمان بولۇپ قالغانىمىش. ئۇ شۇندىن بۇيان ئادەمزاتنى ئۆزىگە دوست قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە چاڭگا قۇرىدىكەن، ئۇلاردىن قورقمايدىكەن. يىلان بولسا، ھەر دائىم ئۇنى قەستلەش نىيىتىدە يۈرەرئىمىش، چاڭگىسىنى بۇزۇپ، تۇخۇمى ياكى بالىسىنى يەپ قويۇشمۇ شۇنىڭدىن ئىمىش.

## نانىنىڭ سېھرى

سەمەرقەندتە بىر ئەلى دېگەن كەمبەغەل مىمار بار ئىكەن. ئۇ بىر - بىرىدىن گۈزەل ئىمارەتلەرنى قۇرىدىكەنۇ، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق ئۆتمەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەلى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، يېتىپ قاپتۇ. تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپتۇ. شىپا تاپالماپتۇ، پالچىلارغا پال ئاچقۇزۇپتۇ، بولماپتۇ، داخانلارغا ئوقۇتۇپ

تۇ يەنە بولماپتۇ.
تېۋىپلاردىن بىرى ئەلىنى ئۆزى
ياسىغان تامغا ئېلىپ چىقىشنى مەسلىھەت
بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ياتسا، بەلكى دەردىگە
داۋا تاپار دېگەن گەپنى قىپتۇ. ئەلىنىڭ
دوستلىرى تېۋىپنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. ئەلى
تام ئۈستىدە كۈندۈزى ئاسمان بىلەن
كۆنگە، كېچىسى ئاي بىلەن يۇلتۇزلارغا
قاراپ يېتىۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىردە
شەھەرگە ئوغرى - قاراقچىلار باستۇرۇپ
كىرىشىپتۇ. شۇ شەھەرلىك بىر كاسىپ
ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز مەرىيەت
دېگەن قىزىنى ئۇلاردىن قاچۇرۇپ، تام
ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ قويۇپتۇ. تامدا
كېسەل ياتقان ئەلىنىڭ دىمىقىغا يېقىملىق
ھىد كىرىپ ئانچە - مۇنچە يەڭگىللەشكە
باشلاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەرىيەت



ئېلىپ چىققان خۇرجۇنغا ئانىسى بىلەن
ئۆزى ياپقان سەمەرقەند نېنىدىن سېلىنغا-
نىكەن! ئەلگە ناندىن بېرىپتۇ. نان يېگەن
ئەلىنىڭ كۆچىگە كۈچ قوشۇلۇپ، كېسىلمۇ
شىپا تېپىشقا باشلاپتۇ. مەرىيەتتە ئەلگە
نىسبەتەن ئامراقلىق پەيدا بوپتۇ. ئەلمۇ
مەرىيەتكە مېھرى قويۇپتۇ. بۇ ئامراقلىق
مېھرى بېرىپ-بېرىپ ئىشق مۇھەببەتكە ئاي-
لىنىپتۇ. ئەلى ئاستا - ئاستا تۈزۈلۈشكە باش-
لاپتۇ. بۇ ئارىدا شەھەر ئوغرى - قاراقچى-
لاردىن خالاس بوپتۇ. كېيىن ئەلى بىلەن
مەرىيەت توي قىلىپ ئائىلە قۇرۇپتۇ. ئەلى
قايتىدىن كۆچ - قۇۋۋەتكە كېلىپ، يېڭى -
يېڭى گۈزەل، چىرايلىق بىنالارنى قۇرۇپ-
تۇ. مەرىيەتمۇ بىر - بىردىن چىرايلىق،
تەملىك نانلارنى يېپىپتۇ. ئەلىنىڭ بىر -
بىردىن ياخشى بىنالىرىنىڭ داڭقى ئالەمگە
تارقالغان بولسا، مەرىيەتنىڭ بىر - بىردىن
تەملىك، مەززىلىك نانلىرىنىڭ داڭقى يەتتە
ئىقلىمغا تارقىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سەمەر-
قەند نېنى ئىككى ياشنى بىر - بىرىگە باغ-
لاپ، تىنچ - ئامان ھاياتبەخش ئېتىپ
مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈپتۇ. ئەلى ھا-
زىرمۇ كۆركەم بىنالارنى قۇرارئىمىش. ئىشتىن
ھېرىپ - چارچاپ كەلسە، مەرىيەت ئىسسىق
نان بىلەن كۈتۈپ ئالارئىمىش. قۇياشتىن
نۇسخا ئېلىنغان نان مەرىيەت ۋە ئەلىنىڭ
قەلبىنى ھامان بىرلەشتۈرۈپ تۇرارئىمىش.

## رەيھان بىلەن شەبەدە *

ھېكايە قىلىنىشىچە، قەدىم زامانلارنىڭ
بىرىدە بىر بىۋاي بىلەن موماي بولغا-
نىكەن. ئۇلارنىڭ يەككە - يېگانە يالغۇز
قىزى بولۇپ ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاس-

* شەبەدە — مەيىن شامال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



راپ چوڭ قىلغانىكەن. ۋاقتى - سائىتى يېتىپ قىزنىڭ ئانىسى ۋاپات بوپتۇ. ئانا ئۆلۈم ئالدىدا:

— ئاتىسى، قىزىمىز ۋايىغا يېتىپ قالدى، خۇداغا شۈكرى، ئەقىللىك - پاراسەتلىك بولۇپ ئۆسۈۋاتىدۇ. مەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ياخشى قاراڭ. يېتىملىكنى بىلىندۈرمەڭ. كېيىن بىرەر تۈزۈكرەك چاي چىقسا، ئەل ئالدىغا داستىخان يېيىپ ئۇزىتارسىز، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. ئاتىسى: ئېيتقىنىڭنى قىلىمەن، خاتىرجەم بول، — دەپ ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپتۇ. نېمىسىنى دەيسىز، قىزنىڭ ئانىسى ۋاپات بولۇپلا ئاتىسى باشقا خوتۇنغا ئۆيلىنىۋاپتۇ. ئۆگەي ئانا ناھايىتى جاھىل، زالىم ئىكەن. قىزغا زۇلۇم سېلىپ بىردەممۇ تىنىم بەرمەپتۇ. كىيىم - كېچەكگىمۇ قارىماپتۇ. بىچارە يىرتىق - ياماق كىيىم بىلەن يېرىم - يالىڭاچ يۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. لېكىن ناھايىتى روھى تېتىك، جۇشقۇن، قەددى-قامىتى كېلىشكەن بولغاچقا ئۇنى كۆرگەنلا كىشى قايىل بولماي ئىلاجى يوق ئىكەن.

كۈنچىقىش تەرەپتە شامال بوۋا پادىشاھلىق قىلىدىكەن. ئۇ شۇنچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنكى، بىر كۈچىسىلا يەر، ئاسماننى يەكسان قىلىشى مۇمكىن ئىكەن. شامال بوۋىنىڭ شەبەدە، بوران، توپىلاڭ، قۇيۇن، تۇس دېگەن ئوغۇللىرى بار ئىكەن. بۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا شەبەدە دېگىنى خېلى ئەقىللىك، دانا، بىر ئىش قىلسا ئويلاپ، پەم بىلەن قىلىدىكەن. شەبەدە يۇرتىمۇ يۇرت، ئەلمۇ ئەل، دالىمۇ - دالا كېزىپ يۈرىدىكەن. ئۇ ھېلىقى قىزنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قاپتۇ. قىزنى كۆرۈپتۇ يۇ، ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. قىزمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ سۆيۈپ قاپتۇ. لېكىن بۇ ئىككى ياش بىر - بىرىگە ئېرىشەلمەپتۇ. شەبەدەنىڭ چوڭ ئاكىلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، قىزنى كۆرۈپ قېلىشىپتۇ. «ئالدى بىلەن مەن ئۆيلىنىشىم كېرەك، مەن چوڭ» دەپ تالىشىپ ئۇكىسىغىمۇ، قىزغىمۇ كۈن بەرمەپتۇ. قىز كۆنمىگەچكە بىر - بىرلىرى بىلەن تالىشىپ يەر، ئاسماننى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. بۇنداق دەھشەتكە چىدىمىغان قىز گۈللەر ئارىسىغا كىرىپ رەيھانغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شەبەدە بولسا، پارچە - پارچە بولۇپ گۈللەر ئارىسىغا سىڭىپ كېتىپتۇ، شۇندىن بۇيان ھەر كۈنى ھەر دەقىقىدە شەبەدە رەيھاننىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ، ئەركىلەپ يېقىملىق ھىدلىرىنى تۆت ئەتراپقا تارقىتارئىمىش. ئۇنىڭدىن بەھرى ئالغانلار شېخىدىن سۇندۇرۇپ چېچەكلىرىگە قىستۇرۇۋالارئىمىش. ئەنە شۇ چاغدا رەيھاننىڭ شاخلىرى سولىشىپ قالارئىمىش. شەبەدە بولسا، يېتەلمىگەن يارىنىڭ شاخلىرىنىڭ قايرىلغانلىقىنى كۆرۈپ، يۇم - يۇم يىغلاپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالارئىمىش. لېكىن سۇنغان شاخنىڭ ئورنىغا يەنە يېڭىسى چىقىشى بىلەن ئۇمۇ ئۆزىگە كېلىپ يارىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى، شاخ، يوپۇرماقلىرىنى مەيىن تەۋرىتىشنى، سىلاشنى داۋام ئەتتۈرەرئىمىش.

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

ئاللاپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

باشقىلارنى ھۆرمەتلەش — شەرەپلىك. كىشىلەر، ئېسىل زاتلار، دانىشمەن ئالىملار ۋە باشقا ئۇلۇغلار ئەربابلار ئۈچۈن ئالاھىدە خاس سۈپەتتۇر. چۈنكى ئۇلار ھۆرمەت-ئېھتىراملار ئارقىلىق بەخت-دۆلەت قۇللىرىنىڭ كۈچلۈك شان-شەۋكەت بايراقلىرىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىر كۈنى ھەسەنى سەيبان ھارۇن رەشىدنىڭ قېشىغا كەلدى، ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا كۆپ ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەت بىلدۈردى. تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھەسەن سەيباننى باشلاپ كېلىپ تەختكە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇ كىشى كەتمەكچى بولۇۋىدى، يەنە ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن خىزمەتچىلەردىن بىرى:

— ئەي پادىشاھ، سىزنىڭ مۇنچە كۆپ ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملىرىڭىز ئۆز پادىشاھلىقىڭىزنىڭ ئابروي-ئىناۋىتى ئۈچۈن ئارتۇقچە ئەمەسمۇ، — دەپ سورىدى. ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا:

— ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈرۈش تۈپەيلىدىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولغان ئابرويىنىڭ دەرھال چۈشۈپ كەتكىنى ياخشى. ئالىم، ھەكىملەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چۈشۈپ كەتكەن ئىناۋەتنى كىم كۆرگەن؟ — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى.

* *

ئابدۇللا تاھىر دېگەن كىشى خۇراسانغا پادىشاھ بولۇپ بېرىش ۋاقتىدا، يول ئۈستىدە نىشاپورغا چۈشتى. ئۇ ۋىلايەتنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋاقتىدا ئۇ يەرنىڭ بارلىق كاتتىلىرى ئابدۇللا تاھىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن تاھىر شاھ باشقىلاردىن:

— مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەي قالغان كىشى بارمۇ؟ — دەپ سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلار:

بۇ ۋىلايەتتىكى شۆھرىتى بار ھەممە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا كەلدى. ئېھتىمال كەلمىگەن بولسا، بىرەر بۇلۇڭدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىككى ئابىد كىشى كەلمىگەندۇر. چۈنكى ئۇلار جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەن، كىشىلەرنىڭ غەۋغاسىدىن قېچىپ، تەڭرىنىڭ ئىبادىتىگىلا مەشغۇل بولغان ئادەملەر، — دېيىشتى.

ئابدۇللا بۇنى ئاڭلاپ:

— ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمى كىم بو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لىدۇ، — دەپ سورىدى.

ياندىكىلەر:

— بۇلارنىڭ ئىسىملىرى — ئەھمەدى ھەرىب ۋە ئەھمەدى ئەسلەم بولۇپ، بۇلار تەگرىنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىندۇر. مۇنداقلار پادىشاھلار ۋە ئەمىر-ئۇمىرالارنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئويلىمايدىغان كىشلەردۇر، — دېيىشتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئابدۇللا تاھىر، — ئۇلارنىڭ قېشىغا مەن بېرىشىم كېرەك.

پادىشاھ شۇ سۆزدىن كېيىنلا ئەھمەدى ھەرىبنىڭ تەرىپىگە يۈزلەندى. ئارىلىقتا بىر كىشى ئەھمەدى ھەرىبكە:

— سىزنىڭ قېشىڭىزغا پادىشاھ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ قويغانىدى. بۇ كىشى دەرھال بۇ يەردىن قېچىشقا تەرەددۇت قىلدى. لېكىن ئۈستىگە پادىشاھ كېلىپ قېلىپ قېچىشقا ئۇلگۈرەلمىدى. ئەھمەدى بىر مۇددەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئابدۇللا ئۇ كىشىگە ھۆرمەت ساقلاپ ئالدىدا بىر سائەت تۇردى. ئەھمەدى ھەرىب ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇ كىشىگە قارىغانىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنچە خۇشرۇي، ناھايىتى قامەتلىك بىر ۋۇجۇد ئايان بولدى. ئەھمەدى ھەرىب ئىختىيارسىز تۇردە مۇنداق دېدى:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنى تولىمۇ چىرايلىق، خۇش پېئىل كىشى دەپ ئاڭلىغانىدىم. ھازىر قارىسام ئاڭلىغىنىمدىنمۇ ئارتۇق ئىكەنسەن، ئالدىمغا كېلىپسەن، ساڭا نەسىھەتىم شۇكى، سەن بۇ قەدەر گۈزەل چىرايىڭنى تەگرىنىڭ بەندىلىرىگە تۇرمىگەيسەن...

ئابدۇللا تاھىر كۆز يېشى قىلىپ بۇ ئەزىزدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقتى. ئاندىن ئەھمەدى ئەسلەم تەرەپكە ماڭدى. كىشى كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئەسلەم دەرھال ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىۋالدى. ئابدۇللا ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ كىرىپ، كۆرۈشمەكچى بولۇپ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈشەلمىدى. باشقىلار پادىشاھقا:

— بۇ زات ھەر جۈمە كۈنىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن جامەگە بارىدۇ. ئۆزلىرى جۈمە كۈنىگىچە كۈتكەيلا، ئۇنىڭ جامەگە بېرىش-يېنىش يولىدا ساقلاپ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەيلا، — دېيىشتى. ئابدۇللا بۇ نەسىھەتكە كۆنۈپ، دەل جۈمە كۈنى ئەسلەمنىڭ ماڭار يولىدا ئۇنى ساقلاپ تۇردى. ئەسلەم ئۆز ئىبادەتخانىسىدىن چىقىپ، ئۆتەر يولدا تۇرغان بىر قانچە ئاتلىقلارنى كۆرۈپ دەرھال توختىدى. بۇ چاغدا ئابدۇللا دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئەھمەدى ئەسلەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تەزىمدە تۇردى. ئەسلەم ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ سورىدى:

— سەن كىمدۇرسەن، بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار؟

ئابدۇللا جاۋاب بەردى:

— مەن بولسام تاھىرنىڭ ئوغلى ئابدۇللادۇرمەن، سىزنى زىيارەت قىلىش ئىستىكىدە كەلدىم.

ئەھمەدى ئەسلەم:

— سېنىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشىڭ بار، مېنىڭ سەن بىلەن نېمە سۆزۈم بار؟ — دەپلا دەرھال يۈزىنى ئۆرۈپ، ئابدۇللاغا ئارقىسىنى قىلدى، تام تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئابدۇللا بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا شەيخنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى-دە، يۈزىنى شەيخ دەسسەپ تۇرغان تۇپراققا سۈرتتى. ئۇنىڭ ئالىملارغا قىلغان ھۆرمىتى تۈپەيلىدىن مەرتىۋىسى بارغانسېرى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى.

* *

نوشىرۋان ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدە (ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، خەلق ئىچىدە تونۇلۇپ مەشھۇر بولۇشتىن ئىلگىرى) ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىغا قارىمىغانىدى. ئۇنىڭ يېقىن بىر قوشنىسى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ سېخىيلىقى ۋە مېھماندوستلۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ھەممە خالايىقنىڭ تىلىدا ماختىلاتتى. ئۇ كىشىنىڭ ئىنئام ۋە ساخاۋەت داستىخانلىرى ھەمىشە يېيىقلىق تۇراتتى. ئاۋام خەلقنى داۋاملىق مېھماندارلىققا تەكلىپ ئېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشىنىڭ شۆھرىتى يېيىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى نوشىرۋان ھېلىقى قوشنىسىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، سودىگەرچە ياسىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ كىشى نوشىرۋاننى تونۇماي ئالدىغا چىقىپ ئۇنى مېھمان ھېسابىدا قارشى ئېلىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيىگە باشلاپ كىردى. نوشىرۋان راھەتلىك بىر سۇپىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەن ئادەمگەرچىلىك رەسمىيىتى، زىياپەتنىڭ قائىدىسى بارلىق مېھماندارچىلىقنىڭ يوسۇنلىرى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە بولدى. نوشىرۋان بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى ۋە ھەيران قالدى. نوشىرۋان ئولتۇرغان سۇپىدىن باغ تەرەپكە ئېچىلغان دېرىزە بار ئىدى. دېرىزىدىن قاراپ، باغدىكى ئوخشاپ پىشقان تەك ـ تەك ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانغان نوشىرۋان مۇنداق دېدى:

— مەن بولسام بىر سودىگەر ئىدىم، سىزنىڭ سېخىيلىق ۋە دوستلۇق جەھەتتىكى تەۋسىپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. سىزگە مېھمان بولۇپ كۆپ ئاۋارە قىلدىم پەزىلەتلىرىڭىزنىڭ كىشىلەر ئاغزىدا ئېيتىلغىنىدىن مىڭ باراۋار ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەمدى مەن ئۆيۈمگە قايتىپ بارىمەن، ئالدىدا مېنىڭ سىزدىن سورايدىغىنىم، مەن سىزنىڭ زىياپىتىڭىز ئۈچۈن نېمە تەييارلىسام بولار، ئۆزىڭىز نېمىنى ياخشى كۆرىسىز، قانداق تۆھپە ئەۋەتسەم بولىدۇ؟ — دېدى.

ئۇ كىشى:

— ئەي ئەزىز مېھمان، سىزنىڭ تۆھپىڭىز ۋە زىياپىتىڭىزگە ئېھتىياجىم يوقتۇر، لېكىن ئۈزۈم يېيىشكە مەيلىم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىرەر باغقا ئۈزۈم سەيلىسىگە بارسىڭىز، ئاشۇ ئۈزۈمدىن ماڭا ئازراق ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، — دېدى.

نوشىرۋان:

— سىزنىڭ بۇ بېغىڭىزدا ئۈزۈم شۇنچە كۆپ كۆرۈنىدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ ئۈزۈمدىن يېمەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

بۇ كىشى:

— ئەي ئەزىز، بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ تەبىئىتى بەكمۇ زالىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋىرى يوق. بۇ يۇرتتىكى پۇقرالارنىڭ باغلىرىنىڭ ئۈزۈملىرى تازا پىشىپ ئۈزۈش مەۋسۇمىغا يەتتى. پادىشاھ ھازىرغا قەدەر ئۈزۈملەردىن ئۆشرە ئېلىشقا كىشى ئورۇنلاشتۇرمىدى، باشقىلار ئۆشرىگە قارىماي ئۈزۈملىرىنى يېيىشكە باشلىدى، لېكىن بۇ باغدا پادىشاھنىڭ بۇيرۇلغان ھەققى بار، ئۇنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، ئۈزۈم يېسەم پادىشاھنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولمەن. خىيانەتنىڭ ئۆزى هارامدۇر. شۇڭا بۇ ئۈزۈملەرنىڭ ئۆشرىسىنى ئايرىماي تۇرۇپ ئۈزۈم يېيەلمەيمەن. ھەر يىلى ئۈزۈم غورا بولغان ھامان باغنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، دەرۋازىغا خەت چاپلاپ مۆھۈر باسىمەن، تاكى پادىشاھ بۇ باغدىن ئۆشرە ئالمىغۇچە باغقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيمەن. پادىشاھ ئۆشرىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن يېيىشكە قەدەم باسىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

نوشىرۋان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ:

— سىز ئېيتقان زالىم تەبىئەتلىك، غاپىل پادىشاھ مەن بولىمەن، سىزنىڭ بۇ دىيانەتلىك ھالىتىڭىز سەۋەبىدىن مەن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندىم، بۇنىڭدىن كېيىن پۇقرالارنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر بولماسلىققا، ئادالەت يولىدىن چىقماسلىققا قەسەم قىلدىم، — دېدى. شۇندىن ئېتىبارەن نوشىرۋان بۇ كىشىنى يۇرتىدا كۆپ ئەزىز ۋە مۇكەررەم قىلدى.

* *

مۆمىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە خۇرسەندلىك يەتكۈزۈش ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشتۇر. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ھۆكۈمەت مەجلىسىنى قۇرۇپ ئولتۇردى. لېكىن شۇ بىر كۈندە ھېچكىشى ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتىپ ياكى ھاجەت تىلەپ كەلمىدى. كەچ بولۇپ ئىشتىن يانغاندا پادىشاھ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا:

— مەن بۇ بىر كۈننى ئۆمۈر كۆرگەن ھېسابىتا سانىمايمەن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان بىر ئەمەلدار ئارىغا سۆز قىستۇردى:

— ئەي پادىشاھ، بۈگۈن ئۆزىڭىزنىڭ تەن - سالامەتلىكىڭىز ياخشى، بىر كۈنلۈك ئۆمرىڭىز مەنىلىك سۆھبەتلەر بىلەن ئۆتتى. دۆلەت ئەربابلىرى مەقسىتىڭىزگە مۇۋاپىق ئىش كۆرۈۋاتىدۇ. دۆلەت تىنچ، لەشكىردى سىپاھلار مۇكەممەل، خەزىنىلەر بايلىق بىلەن تولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇشۇ بىر كۈننى ئۆمۈر كۆرمىگەن ھېسابىدا كۆرسىڭىز بۇكۈننى نېمەدېيىش كېرەك؟

ئىسكەندەر بۇنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

— ئەگەر پادىشاھتىن ئاجىزلارغا راھەت يەتمىسە، جاھانىمەنلەرنىڭ ھاجىتى راۋا بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ پادىشاھ تەرىزىسىدە ئۆمۈر كۆردى دېگىلى بولسۇن؟ پادىشاھنىڭ لەززىتى ئۈچ ئىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، دۈشمەنلەرنى يېڭىپ مەغلۇپ قىلىش بىلەن؛ ئىككىنچىسى، دوست - يارەنلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇشال، مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىش بىلەن؛ ئۈچىنچى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ئازاد قىلىش بىلەن شاھنىڭ كۈنى مەنىلىك ئۆتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ پادىشاھ ئۈچۈن ئانچە لەززىتى يوق.

«ئەخلاقۇل — مۇھسىنىن» ناملىق كىتابتىن تاللاپ نەشرگە تەييارلاندى.




قىزىلگۈلنى كىم كەستى،
كەسكەن بىلەن قايرىلماس.
يار ئالدىنى كىم توستى،
توسقان بىلەن ئايرىلماس.

ئاي پالتا تېپىپ قويدۇم،
ياغاچ كېسىمەن ئەمدى.
ئاچچىقىڭمۇ كەلمىسۇن،
ئاداش تۇتىمەن ئەمدى.

بۇلبۇل دېگەن بىر قۇشتۇر،
سايرىسا كۆڭۈل خۇشتۇر.
ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە
دوست بىلەن كۆڭۈل خۇشتۇر.

باغدىكى بوستان تېرەكنىڭ
شاخىدا مىڭ بىر پۇتاق.
مېنى گوللىغان يارنىڭ
باغرىغا خەنجەر ـ پىچاق.

ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ
سامان ئۇسسۇغان ئارىم.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
ئاۋۋال ئوينىغان يارىم.

يار كېلەر ئۆيدىن چىقىپ،
سۇ كېلەر ئەگىپ ئېقىپ.
كۈلۈپ قويۇپ گەپ كۆتتىڭىز،
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ.

ئېشىك ئالدى قىزىلگۈل،
سۇ قۇيۇپ قۇرۇتماسمەن.
شۇ يارىم قارا قاشنى
ھەرگىزمۇ ئۇنۇتماسمەن.

ئاق پوسما، يېشىل پوسما،
مەن كيىسەم ياراشماسمۇ؟
سىزگە ئوخشاش لىڭ تاسما،
ئىزدىسەم تېپىلماسمۇ؟

ھاراق ئىچتىم مەست ئەمەس،
شاراب ئىچتىم مەست ئەمەس.
ئاۋۋال سۆيگەن يارىمنى
ئەمدى سۆيمەك تەس ئەمەس.

سۇنىڭ سۈزۈكى بۇلاق،
چاچنىڭ ئۈزۈكى ئۇلاق.
سەن ئۇ يەردە يار تۇتساڭ،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قۇلاق.

قولۇڭدىكى ھالقاڭنى،
ئايغا قاراپ سوققانمۇ؟
ئانام مېنى قەدىرلەپ
سېنىڭ ئۈچۈن باققانمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېگىز تاغنىڭ سۇلىرى،
قىردىن ئاشقۇچە ئەمەس.
سىزنىڭ كۆيگەن يارىڭىز،
بىزدىن ئاشقۇچە ئەمەس.

ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرسام،
قىلىۋېرىسەن گەپنى.
مەن توقايدىن كەتكەندە،
ئۆزۈڭ تارتىسەن دەردنى.

ئايدىڭغا چىقىپ باقسام،
سەن يىراقتىن كېلىسەن.
مەن ساڭا كۆيگىنىمنى
ئېيتمىساممۇ بىلىسەن.

ھۆل ئوتۇنغا ئوت ياقسام،
ئوتتۇڭ كۆيمىدى دەمسەن!
يىلدا بىر كېلىپ قويۇپ،
ماڭا كۆيمىدى دەمسەن!

قىزىل، قىزىل گۈللىرىم،
يامان چاغدا خازان بولدى.
مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئۆزى يولغا راۋان بولدى.

باغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئۆرۈكۈڭ ئەجەب شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
مېھرىبان سۆزۈڭ تاتلىق.

تال كېسىپ، تاللاپ كېسىپ،
ئوتۇننى باغلاپ كېسىپ.
قانداق يۈرەك چىدايدۇ؟
سىز بىزنى تاشلاپ كېتىپ.

يارىم بەرگەن ياغلىقنىڭ
ئىككى ئۇچى چىگىكلىك.

يار كۆڭلىنى بىلمىدىم،
بىلمەسلىكىم كىچىكلىك.

يارىم ئۆيدە ياتقاندۇ،
كات يېنىغا پاتقاندۇ.
ئەقىللىك مېنىڭ يارىم،
مېنى ئويلاپ ياتقاندۇ.

يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى،
ئوتلايدۇ تېرىملىقتا.
سىز يادىمغا يەتكەندە،
يىغلايمەن غېرىبلىقتا.

دەريالارغا سۇ كەلسە،
ئونىنچى ئايدا توختايدۇ.
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارىم،
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ.

ئالما بەرمىگەن يارنى،
ئالما بەردى دەرمەنمۇ؟
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىنىڭ
ئوتىدا كۆيەرمەنمۇ؟

يولۇڭغا چىراغ ياقسام،
تالادا چىراغ كۆيمەس.
ئەقلى بولسا يارىمنىڭ
بىزدىن باشقىنى سۆيمەس.

قارلىغاچلار ئۇۋىلايدۇ،
پېشايۋاندا، پەرماندا.
بىز شۇنداق ئۆتەرمىزمۇ،
كۆيۈك ئوتى، ئارماندا.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
مەن ئۆزۈم خىجالەتتە.
مېنى تاشلىساڭ يارىم،
ئەرزىم بار قىيامەتتە.

ئۆستەڭ بويىدا ساندۇق،
ساندۇق ئىچىدە جابدۇق.
قانداق قىلىمىز يارىم،
كۆيۈك ئوتىدا قالدۇق.

باغ قاراڭغۇ بولمىسا،
بۇلبۇل كېلىپ قونارمىدى؟
يارنىڭ دەردى بولمىسا،
شۇ خەتنى يازارمىدى!

باغ ئىچىدە ئولتۇرسام،
بۇلبۇل قوندى باشىمغە.
سەن يارىمنى ياد ئەتسەم،
كۆزۈم توشتى ياشىمغە.

قۇم ئېرىقنىڭ سۈيىدىن
ئىچەلمىگەن چاغ تولا.
سىز بىلەن كېتەلمەيمەن
يۈرىكىمدە داغ تولا.

ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك،
يوروق بەرمىگەن يارىم.
ئاغزىدا كولۇپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

بۇ كېچە ئۇزۇن كېچە،
ئەجەب تاڭلار ئاتمايدۇ.
شۇ يارىمنىڭ ۋەدىسى
ھېچ يادىمغا يەتمەيدۇ.

ئاق كۆڭلەكنى كىيمەيمەن،
كۆك كۆڭلەك ياراشمايدۇ.
بىز ئىككىمىز دوست بولساق،
ھېچكىممۇ تالاشمايدۇ.

ھويلاڭدىكى كەپتەرنى
مەن ئۆزۈمگە ئۆگەتتەي.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
بېيىت بىلەن توگەتتەي.

توخۇلارغا دان بەرمەي،
ئاچقا ئۆلسۇن دېدىڭمۇ ؟
سېغىنغاندا خەت يازماي،
ئوتتا ئۆلسۇن دېدىڭمۇ؟

جان دوستلار، جېنىم دوستلار،
خۇدايىمغا ئامانەت.
بېشىمىز ئامان بولسۇن،
كۆرۈشەرمىز سالامەت.

ئۇزۇن يولغا ماڭغاندا،
ئات مىنەمسىز، تايچاقمۇ؟
ئىچ گېپىمىزنى ئېيتىڭچۇ،
راست ئوينامسىز، چاقچاقمۇ؟

قاشىڭىز قارا ئىكەن،
ئۆيىڭىز ساراي ئىكەن.
مەن ئاخشام باراي دېسەم،
دۇشمەنلەر مارايدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# چاغاتايچە لۇغەت

## ز

**زۇفۇنۇن** [ذوفنون] (ئە) ئىلىم، پەن، ھۈنەرلەر ئىگىسى؛ بىلىملىك، دانىشمەن؛ پەم - پاراسەتلىك:

يىغىلدى مەسلەھەتدان زۇفۇنۇنلار،
ھەمە دانىشۋەرى ساھىب ئۇرۇنلار.
— ناقىس.

ئىشق ئىلە دىۋانەلىكتە بولمىشەم ساھىب كەمال،
ئىشق ئەھلى ئەمدى بابىرنى دېگەيسىز زۇفۇنۇن.
— بابىر.

**زۇكۇر** [ذكور] (ئە) ئەركەكلەر، ئەرلەر.

**زۇگال** [زگال] (پ) «زۇغال» غا قاراڭ.

**زۇل** [ذل] (ئە) خارلىق، تۆۋەنلىك، پېقىرلىق:

ئېرۇر زىيب ئىچرە ئول بىمىسل مەن ھەم زۇل ئارا كەمسىز،
ئانىڭ ھۈسنىغە مەن ھەيران، مېنىڭ ھالىمغە دىلبەر ھەم.
— گۇمنام.

**زۇلال** [زلال] (پ) 1) تىنىق، سۈزۈك، تازا شېرىن سۇ:

كىمكى ئىچتى رەھمەتىڭ دەرياسىدىن بىر جۇرئەئى،
بارچە ئالەمدىن مۇنەززەھ بولدىيۇ بولدى زۇلال.
— مەنسۇر باخشى.

2) مەنبە؛ تەرىپ:

لەبىڭنىڭ قەنددىدىن قىلدىم تەمەننا،
سېنىڭ شىرىن زۇلالىڭنى ئىشتىتىم.
— خىرقەتى.

3) شاراب:

هەمىيەت داغى مانىئ ئولدى بەسى،
كى ئەلدىن زۇلالىغە تۆشكەي خەسى.
— نەۋائى.

**زۇلال تاپماق** — 1) شىرىنلىك تاپماق، لەززەتلەنمەك؛ 2) تىنىماق، سۈزۈلمەك، تازىلانماق؛
**زۇلالى خۇرۇشان** — شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق؛
**زۇلالى خىزىر** — تىرىكلىك سۈيى، هايات بەخش سۇ، ئابى هايات؛
**زۇلالى زىندەگانىي** — «زۇلالى خىزىر» غا قاراڭ؛
**زۇلالى كەۋسەر** — كەۋسەر (جەننەت بۇلىقى) سۈيى، تىنىق ۋە سوغۇق سۇ؛
**زۇلالى هەيات** — «زۇلالى خىزىر» غا قاراڭ؛
**زۇلالى هەيۋان** — «زۇلالى خىزىر» غا قاراڭ.

**زۇلالىي** [زلالی] (پ) ساپ، تىنىق، تازىغا مۇناسىپ:
كۆزنى ئارىغ ئەشكى زۇلالىي قىلىپ،
بەلكى كۆڭۈلنى داغى خالى قىلىپ.
— نەۋائى.

**زۇلانە** [زولانه] (ئە) «زەۋلانە» گە قاراڭ.

**زۇل - ئەكتاف** [ذوالاكتاف] (ئە) لەقەم؛ ئاتاش:
مەشهۇر مۇنداقدۇركىم، ئېگىنلەرنى يارىپ، باغرىنلەرنى سۆكتۇرۇپ ئەزاب بىلە ئۆلەرلەر ئېردى. بۇ جەهەتدىن ئانى زۇل - ئەكتاف دېدىلەر.

**زۇلەل** [ذلل] (ئە) خارلىق، پەسلىك (تۆۋەنلىك)، «زۇل» غا قاراڭ.

**زۇلەما** [ظلما] (ئە) ناهەق، ناهەقچىلىك، هەققانىي بولمىغان، پايدىسىز:
زۇلەمالارنى بىر تەرەف قىلسە،
فۇقەرالارنى كۆزىگە ئىلسە.
— ن. زىيائى.

**زۇلجەلال** [ذوالجلال] (ئە) ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى؛ تەڭرىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى:
يا غىياسۇل - مۇستەغىس، سەن بارچەغە فەريادرەس،
ئالىمۇل - ئەسرارى ئالەم، يا ئەلىمى زۇلجەلال.
— مەنسۇر باخشى.
تەڭرىدىن هەركىم تىلەر مالى هەلال،
شول زەمان يەتكۈرگۈسىدۇر زۇلجەلال.
— خەراباتى.

**زۇلخافىقەين** [ذوالخافقین] (ئە) شەرق ۋە غەربىنىڭ هۆكۈمدارى:
ئەببەدەت ئىهسانەهۇ سۇلتان هۇسەين،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



شاھ ئەبۇلغازى مالا ـ زۇلخافىقەين.
— نەۋائى.

**زۇلف** [زلف] (پ) چاچ، چاچ ئۆرۈمى:
ئىشق ئوتىدا داغلايدۇر، زۇلفى بىلە باغلايدۇر،
ئۆلتۈرگەلى چاغلايدۇر، بۇ قول نە زىيان ئەتمىش.
— ۋەفائى.
ئىشقىنىڭ ئەلچىسىنە كۆڭلۈم مۇنەققەشدار ئېرۇر،
زۇلفىنە تۈشكەن كۆڭۈللەرنىڭ مەقامى دار ئېرۇر.
— سەيفى سەرايى.

**زۇلف دامى** ـ چاچ قىلتىقى، چاچ تۇزىقى:
كۆڭۈل ۋەھشىسىن ئول بىر زۇلفى دامىغە ئەسىر ئەتكىل،
نە چاغ سەييادلارغە بىر كىيىك ئۆزرە تالاش ئولسۇن.
— ئەرشى.

**زۇلف رۇخسار** ـ چاچ ۋە چىراي، چاچ ـ يۈز:
ئاي يۈزىنى كۆرگەلى قويماسكى ئول ئەغيارلار،
ئاي بۇلۇتقا بولدى پىنھان زۇلف رۇخسار ئالدىدا.
— نەۋبەتى.

**زۇلف زەنجىرى** ـ چاچ ئۆرۈمى، ئاشىقلارنى باغلىغۇالغۇچى چاچ، زەنجىردەك چاچ:
خەيالى ۋىسال ئىلە خۇرسەند ئولۇپ،
ئانىڭ زۇلف زەنجىرىغە بەند ئولۇپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زۇلف قۇللابى** ـ چاچ ئۆرۈمى، چاچ بېغى، بېغىشى:
زۇلف قۇللابىغە بۇ جانۇ كۆڭۈل بولدى ئەسىر،
تەلبە قۇشتەك تەلپۈنۈر ھەردەم نەۋا ئەفغان بىلە.
— ئا. نىزارى.

**زۇلفۇ چەشمى** ـ چاچ ۋە كۆز:
ئۇششاققە زۇلفۇ چەشمىڭ بولسا بەلاۋە فىتنە،
بول فىتنە ھەم ھۇمايۇن ھەم ئول بەلا مۇبارەك.
— تەجەللى.

**زۇلفۇ خالى** ـ چاچ ۋە خال، چاچ بىلەن مەڭ:
بىرىنىڭ زۇلفۇ خالى دانەۋۇ دام،
بىرىنىڭ قامەتى سەرۋۇ سەنەۋبەر.
— ئاتايى.

**زۇلفۇ كاكۇل** ـ چاچ ئۆرۈمى ۋە قىرقىمى، چېچى ۋە كوكۇلىسى:
ئەنبەرى ساراغە خۇشبۇيلۇقنى بېرۇر سۇنبۇلۇڭ،

كىم ئاياغىغە تۇشۇبدۇر ساچۇ زۇلفۇ كاكۇلۇڭ.
— قەلەندەر.

**زۇلفى ئەرۇسان** — كېلىنلەرنىڭ چېچى:
ياپىپ بەرگىنى چۇن زۇلفى ئەرۇسان،
چىقىپدۇر ئاتەشىن تاجۇ خۇرۇسان.
— زەلىلى.

**زۇلفى ئەنبەر بار** — ئىپارھىدلىق چاچ، خۇش پۇراق قاپقارا چاچ:
باش ئالىپ كەئىبەدىن شەيخى ھەرەم، دەير ئىستەدى ئۇلدەم،
كى ئۇل بۇت زۇلفى ئەنبەر بار ناگەھ پەچۇ خەم چەكتى.
— ئەرشى.

**زۇلفى ئەنبەرى سارا** — «زۇلفى ئەنبەر بار» غا قاراڭ:
ئولتۇرۇر ئەتىر ئەنبەرىستان ئىچرە ئۇل خۇش دىماغ،
خەتتى مۇشكى ناب زۇلفى ئەنبەرى سارا يىگىت.
— مەشھۇرى.

**زۇلفى ئەنبەرىن** — «زۇلفى ئەنبەر بار» غا قاراڭ:
پەرى روپىكى ئىسمەت پەردەسىدە ئافتاب ئېردى،
كى زۇلفى ئەنبەرىن رۇخسارەسىدە چۇن نىقاب ئېردى.
— زەلىلى.

**زۇلفى پەرىشان** — چۇۋۇلغان چاچ، چېچىلىپ تۇرغۇچى چاچ:
سېلى ئەشكىم لالەگۇندۇر لەئلى رەخشانىن كۆرۈپ،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر زۇلفى پەرىشانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

**زۇلفى تابدار** — ئۆرۈلگەن چاچ؛
**زۇلفى تابى** — چاچ ئۆرۈمى:
قۇش بالاسى ئاشيان ئۆزرە يىلان كۆرگەچ كەبى،
خاتىرى شەيداۋۇ زۇلفى تابىدىن غەۋغانى كۆر.
— ئەرشى.

**زۇلفى تارى** — چاچ تالاسى؛
**زۇلفى تەرسا** — ناسارا دىنىدىكى قىزلارنىڭ چېچى:
كى ھەر مەرغۇلەسى بىر زۇلفى تەرسا،
بولۇر ئاندىن خىجىل گۇشى نەگىسا.
— ئاقىس.

**زۇلفى چەمبەر** — بۇدۇر چاچ:
چىنۇ ماچىنۇ خىتايدا بولماغاي مانەندىڭىز،
سىزلەيمىن بىر قەددى سەركەش زۇلفى چەمبەر بولماغايە
— قەمبەر ئوغلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



زۇلفى چەۋگان ــ چېچى چەۋگان ئوينايدىغان تاياقتەك، چېچى چەۋ-گاندەك؛ ئۇزۇن چاچ:

كەس باشمنى گۇيىتەك خەيلىك ئاداقى ئىچرە سال،
قويما سەرگەردان مېنى، ئەي زۇلفى چەۋگانىم مېنىڭ.
ــ لۇتفى.

زۇلفى دال ــ پۈكۈلگەن چاچ، قايرىما چاچ:

يا زەڭگى يا فەرەڭگى بولسۇن دەر، ئەي مۇسۇلمان،
باغلاپ قەدىن خەم ئەتتى يۈز ئۆزرە زۇلفى دالىڭ.
ــ مەھزۇن.

زۇلفى دەرھەم ــ چىگىش چاچ، چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچ:

ئىشق ئېلىنىڭ ئاھىدىن ئول سەرۋ قەد خەم بولماسۇن،
غەم ئېلىدىن ئول مۇئەنبەر زۇلفى دەرھەم بولماسۇن.
ــ بابىر.

زۇلفى دىلاۋىز ــ كۆڭۈلنى باغلىۋالغۇچى چاچ، كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى چاچ:

كۆزى، قاشى قىلىپ مىلك فىتنە ئەنگىز،
لەبى پۇر شىۋەيۇ زۇلفى دىلاۋىز.
ــ لۇتفى.

زۇلفى سەۋداسى ــ مەھبۇبنىڭ چاچلىرىنىڭ ئىشتىياقى، سەۋداسى:

زۇلفى سەۋداسى ئاشىپ ھەددىن، كۆڭۈلگە كىچەكىم،
كۆزگە تاڭ ئولدى سەھەر ئۆتكەنچە تۈندىن نەچچە پاس.
ــ ئەرشى.

زۇلفى سۈمەنسا ــ خۇش بۇي چاچ؛

زۇلفى سۇمبۇل ــ سۇمبۇل چاچ، خۇش بۇي قارا چاچ:

كىم كۆرۈپدۇر دەھر ئارا سەندەك پەرىزادى زەمان،
زۇلفى سۇنبۇل، خالى مۇشكىن، ئارەزى رەخشان يىگىت.
ــ قەلەندەر.

زۇلفى سىلسىلى ــ «زۇلفى زەنجىرى» گە قاراڭ:

زۇلفى سىلسىلىنى ئول ئاي يۈزىگە نىقاب ئېتەر،
غەمزە قولىغا ئالمايىن ناز ۇ كەرەشمە دىن تەرق.
ــ زەلىلى.

زۇلفى سىياھى ــ قاپقارا چاچ:

يۈزىن مېھرى خەيال ئەتمەك ئەسرى ئىشقىغە گويا،
پەرىشان ھەر تەرەپ زۇلفى سىياھىڭ ئەنبەر ئەفشاندۇر.
ــ گۇمنام.

زۇلفى قۇللاب ــ «زۇلفى قۇللابى» غا قاراڭ:

تاپماغۇڭدۇر ئىستەسەڭ مەشھۇرى شەيدادىن كۆڭۈل،
كىم ھەمە شەيدا كۆڭۈل زۇلفى قۇللابىدەدۇر.
— مەشھۇرى.

**زۇلفى مۇسەلسەل** — «زۇلۇف زەنجىرى» گە قاراڭ:
كاكۇلىن ئەژدەرھاسى دەي، زۇلفى مۇسەلسەلىنمۇ دەي،
نەرگىسى جادۇسىنىمۇ دەي، كۆڭلۈم ئالۇرغە ئافەتى.
— ئەرشى.

**زۇلفى مۇشكىن** — قاپقارا چاچ، ئىپاردەك قارا ۋە خۇش پۇراق چاچ:
نې ئۈچۈن ئالەمنى خۇشبۇيۇ مۇنەۋۋەر قىلماسۇن،
ئەنبەر ئاسا زۇلفى مۇشكىنۇ قۇياش رۇخسارى بار.
— قەلەندەر.

**زۇلفى يار** — يارنىڭ چېچى، مەھبۇبىنىڭ چېچى:
مېنى كۆرسە قاچادۇر شەيخۇل - ئىسلام ئەھرەمەن يەڭلىغ،
نېچۈن بوينۇمدا زۇلفى يار چىرماشقان تۇمارىم بار.
— گۇمنام.

**زۇلفى يەلدا** — قاپقارا چاچ، كېچىدەك قارا چاچ:
ئەي شەھەنشاھى جەھان ئالدىڭدا بۇ ئاجىز غۇلام،
سۇبھى «ۋەشششەمسى» يۈزۈڭنى زۇلفى يەلدا قىلدى شام.
— موللا سالىھ.

**زۇلفەين** [زلفين] (ئە) ئىككى ئۆرۈم چاچ، ئۆرۈلگەن ئىككى تال چاچ.

**زۇلفىقار** [ذوالفقار] (ئە) ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تارتۇق قىلغان):
كى شىرى خۇدا شاھ دۇلدۇل سەۋار،
ئەلىيۇر رىزا ساھىبى زۇلفىقار.
— ئا. نىزارى.
مۇنافىقلارغا بۇ مەيدان ئىچىدە،
تىلىمدۇر زۇلفىقارۇ ئەقل دۇلدۇل.
— زەلىلى.

**زۇلفىن** [زلفين] (پ) ئىشىك، ساندۇقلارنىڭ قۇلۇپ سالىدىغان قىسى، ھالقىسى، قاغىتۇمشۇق:
تۇتۇپ قۇلى ئاغزى زۇلفىنى مەھكەم،
ئېتىپ ئىما ئانى ئاچماسقا ئول ھەم.
— نەۋائى.

**زۇلقافىيەتەين** [ذوالقافيتين] (ئە) ئىككى قاپىيىلىك، قوش قاپىيىلىك بېيىت.

**زۇلقەرنەين** [ذوالقرنين] (ئە) ئىككى مۈڭگۈزلۈك (دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخس — ئىسكەندەرنىڭ لەقىمى):

www.uyghurkitap.com



هەزرەتی ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ يەتتە ئىقلىم پادىـ
شاھلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانى.
— «ئىسكەندەرنامە».

**زۇلقەئدە** [ذوالقعده] (ئە) ھىجرىيە يىلى ھىسابىدا ئون بىرىنچى ئاي نامى.

**زۇلال** [ذل] (ئە) «زۇل» غا قاراڭ.

**زۇللىسانەيىن** [ذواللسانين] (ئە) ئىككى تىل ئىگىسى، ئىككى تىللىق، ئىككى تىل بىلگۈچى.

**زۇلم** [ظلم] (ئە) جەۋر، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم؛ ئازاب، دەرد؛
كۆڭۈل ئالۇردا ماڭا لۇتفى بىھىساب ئەتتىڭ،
يەنە نە ئىردىكى بۇ زۇلم ئىلە ئىتاب ماڭا.
— ئابىد قۇمۇلى.
فىراقىڭ زۇلمىدە داد ئىستەرەم داد،
رەقىبىڭ دەستىدىن فەريادۇ فەرياد.
— سەيىد ئەھمەد.

**زۇلم ئەتمەك** — ئۇستۇن كەلمەك؛ زوراۋانلىق قىلماق:
دەھر بەريان، شوخ بەريان زۇلم ئىتەر گەردۇن داغى،
كۆرمەدىم مۇنداغ جەفا ئەھلىنى مەن ئەسرۇ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

**زۇلم ئەيلەمەك** — «زۇلم ئەتمەك» كە قاراڭ:
قايتا ئالمان بويۇن ئاندىن نەچە زۇلم ئەيلەسە كۆپ،
قۇلدا يوق ئاچچىغلاسە خاجە رىزادىن غەيرى.
— ئەرشى.

**زۇلم بىداد** — ئازاب ئوقۇبەت، ئادالەتسىزلىك:
غۇنچە يەڭلىغ يۈرەكىمنى تەھبەتەھ قان ئەيلەبان،
مەن يەتىمغە رەھم قىلماي زۇلم بىداد ئەتتىڭىز.
— نەۋبەتى.

**زۇلم پەرران قىلماق** — زۇلۇم يەتكۈزمەك؛

**زۇلم چەكمەك** — جەۋر-ستەم كۆرمەك؛

**زۇلمۇ ستەم** — زۇلۇم ۋە ئازاب، ئېغىر كۈلپەت:
زۇلمۇ ستەمنى زۇلفۇڭۇ كافىر كۆزۈڭگە ئۆگرەتىپ،
بۇ كەڭ جەھاننى سەن ماڭا بىر تار زىندان ئەيلەمە.
— سەككاكى.

**زۇلم ئېلى** — زۇلۇم قىلغۇچىلار، جاپاكارلار:
ماڭا قىسمەت ئەزەلدىندۇر يېمەك دەردۇ بەلا قۇتىن،
نە ئىشرەت گۈلشەن ئىچرە، زۇلم ئېلىدىن غەمگۇزارىم بار.
— گۇمنام.

زۇلمى گەردۇن — پەلەك زۇلمى، ئالەم (جاھاننىڭ) كۈلپىتى:
ئەي مۇسۇلمانلار، نېتەي ئانىڭ بۇ دەردىغە ئىلاج،
ئول پەرىنىڭ جەۋرىغە بۇ زۇلمى گەردۇن ئوخشاماس.
— قەلەندەر.

زۇلمى نەمايان — زۇلۇم كۆرسەتمەك، كۈلپەت سالماق:
ئەي ئەجەل ئاھىستەرەۋ زۇلمى نەمايان ئەيلەدىڭ،
قىبلە گاھىمنى قارا يەر بىرلە يەكسان ئەيلەدىڭ.
— ئا. نىزارى.

زۇلمات [ظلمات] (ئە) 1) «زۇلمەت» كە قاراڭ:
ئول تەرەفى تۇرفە زۇلمات ئىكەن،
ھەر دۈبە قۇمسىز سۇمۇۋات ئىكەن.
— زەلىلى.

2) ئەپسانىۋى جاي نامى:
ھەزرەتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ «ئابى ھەيات»
ئىزدەپ زۇلماتقا كىرگەنى.
— «ئىسكەندەرنامە».

ساچ زۇلماتى — قاپقارا چاچ.

زۇلمانى [ظلمانی] (ئە) 1) قاراڭغۇ؛ قاراڭغۇلۇققا مەنسۇپ؛ زۇلمەتلىك؛ 2) قارا، قاپقارا؛

زۇلمانى ھىجاب — 1) قاراڭغۇلۇق پەردىسى؛ 2) نەپىس خاھىشى.

زۇلمەت [ظلمت] (ئە) [كۆپلۈكى: زۇلۇمات] قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت:
قۇتۇلدى ھەجرىدىن تاپتى فەراغەت،
يانىپ ۋەسلى چىراغى، كەتتى زۇلمەت.
— خىرقەتى.

زۇلمەت ئاسا — قاراڭغۇلۇق، قاپقاراڭغۇ زۇلمەتكە ئوخشاش؛ زۇلمەتلىك:
ساقىيا، ئابى ھەياتى مەي بىلە كۈلبەم يارۇت،
كىم فىراق ئوتىدىن ئاندا زۇلمەت ئاسا بولدى دۇد.
— نەۋائى.

زۇلمەت ئامىز — قاراڭغۇلاشقان، قاراڭغۇ چۈشكەن؛
زۇلمەت ئەفگەن — 1) قاراڭغۇ؛ 2) قاراڭغۇلۇق چۈشۈرگۈچى؛
زۇلمەت ئەفگەن بولماق — قاراڭغۇلۇق چۈشمەك؛
زۇلمەت ئەندۇد — قاپقاراڭغۇ، ناھايىتى قاراڭغۇ، زۇلمەت؛ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان؛
زۇلمەت ئەھلى — گۇمراھلار؛ غەيرى دىنىدىكىلەر؛ جاھىللار؛
زۇلمەت زەدا — قاراڭغۇلۇقنى كەتكۈزىدىغان، يوق قىلىدىغان؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



زۇلمەت زۇدا ــ «زۇلمەت زەدا» غا قاراڭ؛
زۇلمەت فىشان ــ قاراڭغۇلۇق چاچقۇچى، پەيدا قىلغۇچى؛ تۇم قارا، قاپقارا؛
زۇلمەت كىردار ــ قاراڭغۇلۇق پەيدا قىلغۇچى؛ دۇنيا، جاھان؛
زۇلمەت نىشىن ــ زۇلمەت ئىچىدە ئولتۇرغۇچى، قاراڭغۇلۇقنى ماكان قىلغۇچى:

شەمئىنى دەرمەن تۇتۇن ئىچرە ئېرۇر زۇلمەت نىشىن،
گەر كۆرەر ئېرسەم يۈزىنى زۇلفى ئەنبەر بار ئارا.
ــ مەشھۇرى.

زۇلمەتى كۇفر ــ گۇمراھلىق زۇلمىتى، قاراڭغۇلۇقى؛
زۇلمەتى مېھر ــ يورۇقلۇق يېنىدىكى زۇلمەت:

بۇ گەرد ئەمۋاجىدۇركىم زۇلمەتى مېھر،
سۇ ئىستەپ ئاندا ئۆلمىش يۈز ئىسكەندەر.
ــ ئەرشى.

زۇلمەت ئىسيان ــ گۇناھكارلىق.

زۇلم پېشە [ظلم پیشه] (ئە+پ) زالىم، ستەمكار:

مۇنچەمۇ بولغاي ستەم چۇن زۇلم پېشە سەڭگىدىل،
ھەر دەمى يۈز جەۋرى قىلسە ئول قىلۇر ھەم ئازلىق.
ــ ئەرشى.

زۇلمكار [ظلمكار] (ئە+پ) ئەزگۈچى، زۇلۇم قىلغۇچى، زۇلۇم كۆرسەتكۈچى؛ زالىم:

ئۇ نە يوقدۇر زۇلمكارلاردا پەرۋا،
كىمە مۇڭغايسۇن ئايتىپ دەردۇ دەئۋا.
ــ سەيفى سەرايى.

زۇلمكىش [ظلم کیش] (ئە+پ) زۇلۇم قىلىشقا ئادەتلەنگەن، زۇلۇمكار:

بارچەغە ئەيلەپ ستەم ھەم ئەيلەپ ئارتۇغراق ماڭا،
زۇلمكىشلىك بابىدا ئەرشىنى ئۇستاد ئەيلەمىش.
ــ ئەرشى.

زۇلم گۇستەر [ظلم کستر] (ئە+پ) زۇلۇم قىلغۇچى، زۇلۇم كۆرسەتكۈچى.
زۇلمىنەن [ذوالمنن] (ئە) كۆپ ياخشىلىقلار قىلغان زات؛ تەڭرى؛ ياخشىلىق ۋە ئېھسانلار ئىگىسى؛ ئېھسانلار:

زىبىا سەنەمۇ بادەئى گۇل رەڭسىز ئولماس،
ھەر كىمسەكى لۇتفۇ كەرەمى زۇلمىنەن ئىستەر.
ــ تەجەللى.

زۇلھەججە [ذوالحجه] (ئە) ھىجرىيە يىلى ھىسابىدا ئون ئىككىنچى ئاي نامى.
زۇلھىججە [ذوالحجه] (ئە) «زۇلھەججە» گە قاراڭ.

**زۇلۇم** [ظلوم] (ئە) «زالىم» غا قاراڭ:
جوھۇد دېدى: باردۇر بۇلاردا پۇلۇم،
بېرەلمەس پۇلۇمنى قىلىۇرمەن زۇلۇم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زۇلۇمات** [ظلمات] (ئە) «زۇلمەت» كە قاراڭ.

**زۇلئىقتىدار** [ذوالاقتدار] (ئە) ئىقتىدار ئىگىسى؛ ئىقتىدارلىق، قۇدرەتلىك.

**زۇمرە** [زمره] (ئە) توپ، جامائەت، گۇرۇھ؛ بۆلەك، قىسىم؛ خىل، تۈر؛ جىنس،
قىلىپ زۇھۇر داغى مەندە پەرتەۋى سىدقى،
بۇ ۋاستە بىلە بولدۇم بۇ زۇمرەگە داخىل.
— ئابىد قۇمۇلى.
قاندا شادان زۇمرەسى مەقبۇلى دانا بولغۇسى،
قاندا نابىنا كېلىپ مەنزۇرى بىنا بولغۇسى.
— مەشھۇرى.
زۇمرەئى ئەۋباش — بەڭباشلار؛
زۇمرەئى تەھقىق — ھەقىقەتچىلەر توپى، گۇرۇھى؛
زۇمرەئى كۇففار — كۇپپارلار توپى، گۇرۇھى؛
زۇمرەئى مەھرەم — مەھرەملەر توپى، گۇرۇھى؛
زۇمرەئى ھۇججاج — ھاجىلار توپى، گۇرۇھى؛
زۇمرەئى ئىشق — ئاشىقلار؛

**زۇمرەد** [زمرد] (پ) «زۇمۇررەد» كە قاراڭ.

**زۇمۇخت** [زمخت] (پ) 1› بىر خىل ئاچچىق ئۆسۈملۈك؛ ئاچچىق؛ 2› تۇپال،
سوغ چىراي، سۆرۈن تەلەت.

**زۇمۇختۋەش** [زمخت وشى] (پ) «زۇمۇخت» قا قاراڭ:
ئۆز ئىلكىدە بىر ئانار بولسا بىلمەسكى، نېچە
پەردە ۋە نېچە خانەسى بار ۋە ھەر پەردە ۋە
ھەر خانەسىدە نېچە دانەسى بار. ئول دانە
ئاچچىقمۇدۇر يا زۇمۇختۋەش يا چۈچۈكمۇدۇر
ۋە يا مەيخۇش.
— نەۋائى.

**زۇمۇررەد** [زمرد] (پ) يېشىل؛ يېشىل رەڭلىك قىممەت باھا تاش، زۇمرەت:
ئانى شاھەنشەھ بىلىك كۆرگەچ زۇمۇررەد تەخت ئۆزە،
بىر گەدا تەرزىدە گۇلخەن ئىچرەدۇر جويەندەسى.
— ئەرشى.
تۇشۇپ گۇل ئەكسى بۇلبۇل بولدى چۇن ئوت،
زۇمۇررەد ئېردى بۇلبۇل بولدى ياقۇت.
— خىرقەتى.

www.uyghurkitap.com



**زۇمۇررەد پوش** [زمرد پوش] (پ) چىرايلىق، قىممەت باھا كۆك لىباسلىق، يېشىل كىيىملىك:

ئۇل ئىكى رەھرەۋى زۇمۇررەد پوش،
رەھنەمايى ئانىڭ، نىچۇككى سۇرۇش.
— نەۋائى.

**زۇمۇررەد فام** [زمرد فام] (پ) «زۇمۇررەد گۈن» غا قاراڭ.

**زۇمۇررەد گۈن** [زمرد گون] (پ) زۇمرەت رەڭلىك، يېشىل رەڭلىك:

گويىيا توتى خەتىڭ بىرلە لەبىڭدىن سۇردى نۇتق،
كىم لىباس ئولدى زۇمۇررەد گۈن ئاڭا مىنقار لەئل.
— نەۋائى.

**زۇننار** [زنار] (پ) 1› خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ بېلىگە باغلايدىغان بەلبېغى، بەلباغ:

شەيخ سەنئاندەك ماڭا ئول مەھۋەشى تەرسا سىفەت،
قاشلارىنى بۇت قىلىپ زۇلفىنى زۇننار ئەيلەدى.
— قەلەندەر.

سۇجۇدى كەئبەئى دەير ئەيلەسەم ئەگەر ئەجەب ئېرمەس،
قولۇمدا ساغەرى سەھبا، بېلىمدە رىشتەئى زۇننار.
— سەبۇرى.

2› بۇت؛ ئۆزىگە چوقۇندۇرغۇچى، تارتقۇچى:

ھەۋايى كاكۇلى كۇفرۇڭنى ئەيلەبان زۇننار،
ساچىڭ سەۋادى خىيالىنى مەن رىدا قىلايىن.
— ئەرشى.

3› (بوينىغا ئاسىدىغان) زىننەت بۇيۇمى:

يولدا بىر مەھۋەشنى كۆردۈم ئۆزگەچە رەفتارى بار،
باشىدا گۈلگۈن جەلاسى ئۆشىندە زۇننارى بار.
— مەھزۇن خوتەنى

**زۇنۇب** [ذنوب] (ئە) [بىرلىكى: زەنب] گۇناھلار، ئەيىبلەر، «زەنب» كە قاراڭ.

**زۇھا** [ضحى] (ئە) يېڭى چىققان كۈن، چاشگاھ ۋاقتىدىكى قۇياش:

مەھۋەشى خاتىر كەشۇ شىرىن سۇخەن نازۇك ئەدا،
پاكلىق بابىدا مەريەم، ھۇسن ۋەششەمسۇ زۇھا.
— قەلەندەر.

**زۇھەل** [زحل] (ئە) زۇھەل يۇلتۇزى، ساتۇرن، ساتۇرن يۇلتۇزى:

ئەتارۇدقا زۇھەل شەمشەرىنى ھەيبەت بىلەن تەڭلەر،
ھەمەل بۇرجىغا لازىمدۇر بۇگۈن جەۋزانى يىغماقلىق.
— زەلىلى.

**زۇھەل رەڭ** [زحل رنگ] يۇلتۇز رەڭلىك، چىرايلىق؛

زۇھەل رەڭ بولماق ـ يۇلتۇز رەڭگىدە بولماق.

**زۇھەلۋەش** [زحل وش] (ئە+پ) زۇھەلگە، ساتۇرن يۇلتۇزىغا ئوخشاش:

... ھەر بىرىگە زۇھەلۋەش سەركارۇ ئۇتا رۇدسان
مېئمار تەئيىن قىلىپ...

**زۇھد** [زهد] (ئە) دۇنيادىن ۋاز كېچىپ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش، تەقۋادارلىق:

تاكى تاپسە سەلاھ تائەتكە،
ئەيلەسە زۇھد ئىلە ئىبادەتكە.
— ن. زىيائى.

زۇھد ئەھلى ـ دۇنيادىن ۋاز كەچكەنلەر، دەرۋىشلەر:

زۇھد ئەھلىن قويكى، ھەرچەند نۇش ئېتەر كەۋسەر سۈيىن،
بىردەمى ھەم بولسە بولغىل رىندى دەرد ئاشام ئىلە.
— ئەرشى.

زۇھد ئەيلەمەك ـ تەقۋادار بولماق، تائەت ـ ئىبادەت قىلماق:

قۇربى ھەقدىن ئىزدەسەڭ ئىلمۇ ئەمەل زۇھد ئەيلەگىل،
دەۋلەتى دۇنياۋۇ ئۇقبا سىيم ئىلە زەردىن ئەمەس.
— شەۋقى.

زۇھد تارۇ پۇدى ـ پەرھىزكارلىق، سوپىلىقتا دالالەت قىلغۇچى ئەسۋابلار؛

زۇھد شىيۋە ـ تائەت ـ ئىبادەتنى ئادەت قىلغۇچى، تەقۋادار:

سەن شەيخ زۇھ شىيۋە، مەن رىندى ئىشق پىشە،
كەۋسەر ساڭا مۇسەللەم، سەھبا ماڭا مۇبارەك.
— تەجەللى.

زۇھد فۇرۇش ـ تائەت ـ ئىبادىتىنى، تەقۋادارلىقىنى سۇيىئىستېمال قىلغۇچى؛ رىياكار سوپى؛

زۇھدۇ تائەت ـ تەقۋادارلىق ۋە ئىبادەت:

كۆرمەسەم يۈزۈڭ، ئەي جان، رەقۇ ئۇستىخانلار بولۇر خەشەك،
تەرك ئولۇر بۇ ۋەجھىدىن كىم ھەمە زۇھدۇ تائەت.
— موللا بىلال.

زۇھدۇ تەقۋا ـ ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىق؛

زۇھدۇ تەقۋايۇ سەلاھ ـ زاھىدلىق، تەقۋادارلىق ۋە دىيانەت:

تا تىرىكسەن تەڭرى يادىنى ئۇنۇتما بىر دەمى،
ئەيلەگىل پىشە بۇ يولدا زۇھدۇ تەقۋايۇ سەلاھ.
— ئابىد قومۇلى.

زۇھدۇ رىيا ـ زاھىدلىق ۋە ساختىپەزلىك، ساختا تەقۋادارلىق:

تەۋبە قىل زۇھدۇ رىيايىغە بۇرۇنراق، ھافىزا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەسكى ئاچماسدا ئىشكنى بۇ كېچە مەيخانەغە.
— هافىز شىرازى.

زۇهد ئەهلى — زاهىدلار، تەقۋادارلار:
مەيۇ مەيخانەنىڭ دائىم رەۋاجى مەندىن ئولغاندىن،
رىياۋۇ زۇهد ئەهلى فەرياد ئەيلەپ دادخاھىمدۇر.
— ئەرشى.

زۇهدى بەكەمال — كامالەتكە يەتكەن تەقۋادار؛

زۇهدى پارسا — يامان ئىشلاردىن ساقلىنىپ تائەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇش:
ئەتاۋۇ فەزلىڭ ئەگەر ئەلگە بولماسا، يا رەب،
يوق ئاندا فايىدەسى زۇهدى پارسالىغنىڭ.
— گۇمنام.

زۇهدى رىيا — يالغان سوپىلىق، ساختا تەقۋادارلىق:
نېتەي بۇ زۇهدى رىيانى مەسجىدى ئىچرە مۇدام،
بارىپ سەنەمكەدەگە زىكرى رەببەنا قىلايمن.
— ئەرشى.

زۇهر [ظهر] (ئە) چۈش ۋاقتى، قىيام ۋاقتى؛

زۇهر رەكەئاتى — چۈش ۋاقتى ئوقۇلىدىغان ناماز رەكەتلىرى.

زۇهرە [زهره] (پ) چولپان يۇلتۇز، زۆهرە، ۋېنېرا:
بۇ سۆز ئەنگىز مەنى ئەفسانە پەرداز،
نەۋادا زۇهرەيۇ زۇهراغا دەمساز.
— لۇتفى.

زۇهرە جەبىن — زۆهرە يۇلتۇزدەك جۇلالىنىپ تۇرغان چىرايلىق يۈزە جامال؛ جۇلالىنىپ تۇرغان، زۆهرە يۇلتۇزدەك:
ئەي زۇهرە جەبىن ماھ پەيكەر،
يوقدۇر ساڭا هۇسندە بەرابەر.
— مەشهۇرى.

زۇهرەۋۇ ئاي — زۆهرە يۇلتۇزى ۋە ئاي:
سېنىڭ بەزمىڭدە، ئەي سۇلتانى خۇبان،
ئاياقچى مېهرۇ ساقى زۇهرەۋۇ ئاي.
— سەيىد ئەهمەد.

زۇهرەۋەش [زهره‌وش] (پ) زۆهرە، چولپان كەبى؛ چىرايلىق، پارلاق:
ئۇدۇ سەندەل بىلە ياساپ ئاڭا چەك،
زۇهرەۋەش چالماغ ئەيلەبان ئاهەڭ.
— نەۋائى.

زۇهھاد [زهاد] (ئە) [بىرلىكى: زاهىد] زاهىتلار، «زاهىد» قا قاراڭ:

هەيف يۈز هەيفكى ئۇمر ئۆتتى ئىبادەت قىلماي،
زۇهاد سەر چەشمەسىدە هېچ تەهارەت قىلماي.
— مەشهۇرى.

**زۇهاد كۇش** — زاهىدلارنىڭ قاتىلى، زاهىدلارنى ئۆلتۈرگۈچى:
تاپىپ ئاتەشگاه ئىشقىن ئەهلى هۇش،
پارسا سوزەندەيۇ زۇهاد كۇش.
— نەۋائى.

**زۇهۇر** [ظهور] (ئە) كۆرۈنۈش، پەيدا بولۇش:
خۇشا، هۇسنۇڭ زۇهۇرى مەسجىدۇ مەيخانەدە پەيدا،
بولۇپدۇر ئىشقىدا هەيرانۇ بىخۇد مۇئمىنۇ تەرسا.
— ئەرشى.

**زۇهۇر ئەتمەك** — كۆرۈنمەك، نامايان بولماق، بىلىنمەك، پەيدا بولماق:
هەرگىز سەلاتىنى ئالى مىقدار مۇلازىمەتى خاتىرىمىغە
خۇتۇر قىلمايدۇر ئېردى ۋە خەۋاقىنى سىپېهر ئىقتىدار
تەمەننىاسى باتىنىمدا زۇهۇر ئەتمەيدۇر ئېردى.
— قىدىرخان يەركەندى.

**زۇهۇرغە كەلمەك** — پەيدا بولماق، ۋۇجۇدقا كەلمەك؛
**زۇهۇر قىلماق** — «زۇهۇر ئەتمەك» كە قاراڭ؛
**زۇهۇرى بىدايەت** — دەسلەپ پەيدا بولۇش، تۇنجى كۆرۈنۈش.

**زۇۋاله** [زواله] زۇۋۇلا (خېمىرنىڭ راسلانغان بىر بۆلۈكى):
... خادىملەرى سۇفراسىدە ئاي گىردەسى ۋە قۇياش
قۇرسى ئىككى فەتىر ۋە تەبباخلەرى تەختەسىدە كەهكەشان
شەكلى ئۇ سەپكەن بىر زۇۋاله خەمىر.
— نەۋائى.

**زۇئم** [زعم] (ئە) گۇمان، شۇبهە.

**زى** [ذی] (ئە) ساهىب، ئېگە، «زۇ» غا قاراڭ؛
**زى هەيات** — هايات ئىگىسى؛ جانلىق، تىرىك:
زى هەيات ئۆلمەك ئۇچۇندۇر ئاقىبەت،
بۇيلە تەهقىق ئەتتى ئەهلى مەئرىفەت.
— نەۋائى.

**زىبەس** [زی بس] (پ) بەس، كۇپايە، بولدى:
ئېگە يادىدا ئەرشى، روزگارىڭ بولماسۇن تىيرە،
زىبەسكىم دەهر ئارا ئانداق كۆزۇ قاشى قارا يوقتۇر.
— ئەرشى.
ئەبەس گەرچە يۈرۈرمەن ئاه ئۇرۇپ ئىشقىڭدا قان يىغلاپ،

www.uyghurkitap.com



زىبەس مەھبۇبلار ئىچرە سىنىڭدەك بۇۋەفا يوقتۇر.
— ئەرشى.

**زىبەك** [زیبک] (ئە) سىماب.

**زىبھ** [ذبح] (ئە) سويۇش، بوغۇزلاش؛ قۇربان قىلىش:
زىبھ بولماق — ئۆلتۈرۈلمەك، سويۇلماق؛
زىبھ قىلماق — ئۆلتۈرمەك، قۇربان قىلماق.

**زىج** [زیج] (ئە) ئاسترونومىيە جەدۋىلى؛ تەقۋىم:
چۇ بەخت ئەختەرى سەئىد ئولمادى نەسۇد، ئەيكىم،
سىپىھر زىجىنى ھەل قىلغالى رەسەد قىلدىڭ.
— نەۋائى.

زىج بىتماق — ئاسترونومىك جەدۋەل تۈزمەك.

**زىجان** [ذی جان] (پ + ئە) جانلىق نەرسىلەر، جانلىقلار، جان، ھايات ئىگىلىرى:
تەڭرىنىڭ رەھمەتىگە زىجانغە،
ئەنبىيا مىھرى ياخشى ئىنسانغە.
— ن. زىيائى.

**زىد** [ضد] (ئە) قارشى، قارىمۇ قارشى؛ ئەكسى:
بەسكى، قىلدىڭ زىددىمە ئەغيارىمە كۆپ ئىلتىفات،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەدىڭ.
— قەلەندەر.

زىد تۆرت زىد — بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى تۆت ئۇنسۇر (تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت).

**زىدد** [ضد] (ئە) «زىد» كە قاراڭ.

**زىددەين** [ضدین] (ئە) قارىمۇ قارشىلىق، ئىككى قارەمۇ قارشى ئېلېمېنت:
ھەمىشە تا ئەناسىر تۆرت زىددەين،
قىلۇر تەركىبى ئىنسانىنى مۇۋافىق.
— نەۋائى.

**زىددىيەت** [ضدیت] (ئە) قارشىلىق، قارىمۇ قارشىلىق، كېلىشەلمەسلىك، زىددىيەت.

**زىر** [زیر] (پ) 1) ئاست، بىرەر نەرسىنىڭ تېگى، ئاستى:
مەسىمى ۋۇجۇدۇڭنى سىنىڭ زىر قىلۇر،
زەرگەرى ھەققانى چۇ مەنزەر قىلۇر.
— زەلىلى.

2) مۇزىكىدا ئەڭ ئىنچىكە، يېقىملىق ئاۋاز، نازۇك تاۋۇش:
ھەققەت ئەھلى تەئرىق ئەتمەيىن فەھم ئەيلەگەي بىردەك،
مۇغەننى ئەرغەنۇن تارىنى لەچچە زىرۇ بەم چەكتى.
— ئەرشى.

3 ‹ سېغىنىش، ئۇلتۇرۇش، ئۆزلىشىش:
سۇھبەتى ئالىم كۆڭۈلگە زىر ئېتەر،
ئول كىشى ھەق بۇيرۇغانىنى تېز ئېتەر.
— خەراباتى.
زىرۇ بەم — ئەڭ ئىنچىكە ۋە ئەڭ بوم، نازۇك تاۋۇش:
چالدى مەگەر مۇغەننىيلەر نەغمەئى ئەرغەنۇنى ئىشق،
پىر مۇغان ئىشكىدىن كەلدى سەدايى زىرۇ بەم.
— زەلىلى.
زىرۇ زەبەر — ئاستىن — ئۈستۈن؛ ئاغدۇرۇلغان، تىنچسىز:
زىرۇ زەبەر خەتتىنىڭ مەزمۇنىدىن بىلۇرمەن،
ھەر ھەرفىدۇر رىسالە، ھەر نۇكتەسى رىۋايەت.
— زەلىلى.
زىرۇ زەبەر قىلماق — ئاستىن — ئۈستۈن قىلماق؛ مەغلۇپ قىلماق، خارۇزار قىلماق:
نە مۇشكىلدۇر، مۇسۇلمانلار، ئىشتىمەسدۇر پەرىزادىم،
فىغانۇ نالەدىن ئالەمنى گەر زىرۇ زەبەر قىلسام.
— قەلەندەر.
زىرۇ زەبەر ئولماق — ئاستىن — ئۈستۈن بولماق؛ تۈرلۈك ھالەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرمەك؛ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشمەك، قاتتىق ئازابنى باشتىن كەچۈرمەك؛
زىرى تۇراب — تۇپراق ئاستىدا:
بۇ سەھرا شەھەر ئەھلى زىرى تۇراب،
بولۇپ ئەردەۋىل شەھرى خاكى تۇراب.
— موللا شاكىر.
زىرى خاك — توپا ئاستىدا:
دۇئا بىرلە ئەيلەڭ ئۇلارنى ھەلاك،
ھەمە قەۋمى بەد قاغۇسى زىرى خاك.
— موللا شاكىر.
زىرى نىگىن — بىراۋنىڭ قول ئاستىدىكى، قارام، تەۋە.
زىرائەت [زراعت] (ئە) تېرىقچىلىق، دېھقانچىلىق؛ زىرائەت:
زىرائەت ئىشىدا رىيازەت قىلىپ،
رىيازەت ئىشىدا زىرائەت قىلىپ.
— غەرىبى.
زىرە [زيره] (پ) «زىر» گە قاراڭ:
ئانىڭ ھەربىر سۆزى كەلدى قۇلاقىمغە بولۇپ زىرە،
بۇ كۆڭلۈم دەر بەدەر ئىزدەر تاپائالماي قايان كەتتى.
— موللا سالىھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**زىردەست** [زير دست] (پ) تەۋە، قارام، بىراۋنىڭ قول ئاستىدا ياشىغۇچى؛ بىراۋ-نىڭ قول ئاستىدىكى؛ مەغلۇپ، زەئىپ:

تاكى بەردى، ئەي قەلەندەر، لۇتفىدىن جامى مۇراد،
تالىئىمنىڭ زىردەستى چەرخى گەردۇندۇر بۇ كۈن.
— قەلەندەر.

زىردەست قىلماق — ئۆزىگە بويسۇندۇرماق، تەۋە قىلماق، مەغلۇپ ۋە مەھكۇم قىلماق؛

زىردەست ئولماق — تەۋە بولماق، مەغلۇب ۋە مەھكۇم بولماق، بويسۇنماق.

**زىرىھ** [زره] (پ) 1) زىرە، ھالقا؛ 2) ساۋۇت، تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئۇرۇش كىيىمى:

زىرىھۇ قالقان كىيەرەك ئىسلام بىدىن ئەھلىغە،
ئاشىقى جانبازنىڭ ئىستەر سەلاھى ئۆزگەدۇر.
— گۇمنام.

زىرىھ ئۆزرە زىرىھ — زەنجىر، ھالقا - ھالقا.

**زىرىھپۇش** [زره پوش] (پ) ساۋۇت كىيگەن:

بۇ گەز نەۋرۇز غەيرەتىدىن ئۇرۇپ جۇش،
ئاچىغلانغان بىلە بولدى زىرىھپۇش.
— لۇتفى.

**زىرىھگەر** [زره‌گر] (پ) 1) زىرە، ھالقا ياسىغۇچى، زەرگەر؛ 2) ساۋۇت، تۆمۈر كىيىم ياسىغۇچى.

**زىست** [زيست] (پ) ھايات، تىرىكلىك؛

زىست قىلماق — ياشىماق، تىرىكچىلىك قىلماق:

نە ئۈچۈنكى، ھەرگىز نەفسىم مۇرادى بىلە زىست قىلمايدۇرمەن.
— نەۋائى.

**زىشت** [زشت] (پ) سەت، خۇنۇك، يامان:

كى تەقدىر ئۆزگە بولمايدۇر بىتىلگەن سەرنەۋىشت ئىچرە،
قارىغان چاغدا ئەل ئاغزىدا قالدىم ئىچرە زىشت ئىچرە.
— موللا سالىھ.

زىشت خۇي — خۇيى سەت، خۇيى يامان:

بىر دىرەم بەرسە ساڭا بىر زىشت خۇي،
دېمەگىن يۇسۇفى مەسەللىك خوب رۇي.
— ئەھمەدى.

زىشت رۇي — چىرايى سەت، كۆرۈمسىز، سۆرۈن تەلەت:

كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداق قاتىلى يەكتا ساۋۇق،

زىشت روىۇ تۇندخۇ سەخت بىھەمتا ساۋۇق.
— ئەرشى.

**زىفاف** [زفاف] (ئە) توي، نىكاھ:
زىفاف كېچەسى ئەسھابغە بۇيۇردىلەركى، ...
— نەۋائى.

**زىكر** [ذكر] (ئە) سۆزلەش، تىلغا ئېلىش، بايان قىلىش؛ شەرھلەش:
يۈزۈڭنى كۆرمەگەننى كۆز دېمەسمەن،
سېنىڭ زىكرىڭ ئەمەسنى سۆز دېمەسمەن.
— خىرقەتى.
يارى ئەلنىڭ تىلىنىڭ زىكرى ئۇل گۇلچېھرە بولۇپدۇر،
مەگەركىم ئۇل پەردىغە خىزر، پەيغەمبەر نەزەر قىلدى.
— قەلەندەر.

**زىكر ئايتماق** — خۇدانىڭ نامىنى تەكرارلىماق، تىلغا ئالماق، ئەسلىمەك:
زىكر ئايتقىل، شۇكرى ئايتقىل، يىغلاغىل شەۋقى مەدام،
بارچە ئەئزا رۇزى مەھشەردە گۇۋاھ بولدى، دەرىغ.
— شەۋقى.

**زىكر ئەتمەك** — سۆزلىمەك، تىلغا ئالماق، بايان قىلماق؛

**زىكر ئەيلەمەك** — «زىكر ئەتمەك» كە قاراڭ:
جامۇمەي ئىسمىن جۇدا زىكر ئەيلەمەك مەرغۇب ئەمەس،
زىكرىنى ئەيلەر كىشى بىر ھەرف ئىلە قىلغاي ئەدا.
— ئەرشى.

**زىكر بولماق** — تىلغا ئېلىنماق، بايان قىلماق؛

**زىكر قىلماق** — تىلغا ئالماق، بايان قىلماق، ئەسلىمەك؛ يازماق؛

**زىكرى بالى** — زىكىر-سانا قولى، ئەستىلىك، خىيال قانىتى:
بىكىتمەس دىلرەباسى زىكرى بالىن،
ئەگەر ئىستەر دىلئارامى جەمالىن.
— خىرقەتى.

**زىكرى جەھر** — ئاشكارا سۆزلەش، ئاشكارا تىلغا ئېلىش؛

**زىكرى زەبان** — زىكىر-سانا تىلى، زىكىر زۇۋانى:
جەمال شاھى جەھان ۋەسلىدىن ئۇمىد ئەتسەڭ،
مۇدام زىكرى زەبان دانە دان قىل، ئەي ھافىز.
— شەۋقى.

**زىكرى مەھبۇب** — يارنىڭ زىكرى، مەھبۇبنىڭ خىيالى:
ئەللاھ ئەللاھ دەپ گۇناھ دەردىڭ دەۋاسىن ئىزدەگىل،
زىكرى مەھبۇب بارچە ئىللەتكە دەۋا بولدى، دەرىغ.
— شەۋقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**زىكرى ھەق** ـ تەڭرىنىڭ زىكرى، خىيالى:

شەۋقى ھالىڭغە رۇجۇئ قىل بولماغىل ئەفسانە گوي،
ئىشق بىرلەن زىكرى ھەقدىن ئۆزگەسى پۇركار ئەمەس.
ـــ شەۋقى.

**زىل** [ظل] (ئە) سايە؛ ھامىي:

تەۋانايى بەدەن ھەم قۇۋۋەتى دىل،
چىرايلىغ سۇرەتۇ رەۋشەن چىراي زىل.
ـــ ناقىس.

**زىلى رەئفەت** ـ مېھرىبانلىق سايىسى؛

**زىلى شەفقەت** ـ رەھىمدىللىك، شەپقەت ھامىيلىقى؛

**زىلى ھەق** ـ «زىلى ئىلاھ» قا قاراڭ؛

**زىلى ئىقبال** ـ بەخت ئىگىسى؛

**زىلى ئىلاھ** ـ 1) خۇدانىڭ سايىسى؛ خۇدانىڭ ھامىيلىقى؛ 2) پادىشاھ:

شەھرىيارى بار ئىدى شاھلارگە شاھ،
ئالەم ئەھلى باشىدە زىلى ئىلاھ.
ـــ نەۋائى.

**زىللى ئىلاھىي** ـ «زىلى ئىلاھ» قا قاراڭ.

**زىلال** [زلال] (ئە) تىنىق، تازا، «زۇلال» غا قاراڭ؛

**زىلال ۋەترەئى زىلالى ھەيات** ـ پاك ھايات تامچىسى؛

**زىلالى سافىي** ـ مەنالىق، مېغىزلىق گەپ.

**زىلزىلە** [زلزله] (ئە) قىمىرلاش، تىترەش، زىلزىلە:

رۇزى مەھشەر زىلزىلە تۇشكەندە ئالەم ئەھلىغە،
كۆز تۇتار سەندىن شەفائەت ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا.
ـــ زەلىلى.

**زىلقەئدە** [ذى القعده] (ئە) «زۇلقەئدە» گە قاراڭ.

**زىلل** [ظل] (ئە) «زىل» گە قاراڭ؛

**زىللى ئاتىفەت** ـ «زىللى رەفئەت» كە قاراڭ:

تانۇماس ئەسلى ئۆز سىفەتلەرىنى،
بۇ ئۇلۇغ زىللى ئاتىفەتلەرىنى.
ـــ ن. زىيائى.

**زىللى جاھ** ـ مەرتىۋە سايىسى، كۆلەڭگىسى؛ ئۇلۇغۋارلىق؛

**زىللى رەھئەت** ـ مېھرىبانلىق، شەپقەت سايىسى؛

**زىللى ئىقبال** ـ بەخت، ئىقبال سايىسى؛

**زىللى ئىلاھ** ـ خۇدانىڭ سايىسى؛ پادىشاھ؛

**زىللەت** [ذلت] (ئە) خارلىق، تۆۋەنلىك، پەسلىك:

قايى دىلغە ئىرادەڭ تۇشتى قويدى لالە يەڭلىغ دىل،
كىشى سادىق ئەمەس ئىشقىڭدا زىللەت يەتتى خالىڭدىن.
ـــ گۇمنام.

زىللۇللاھ [ظل الله] (ئە) خۇدانىڭ سايىسى؛ پادىشاھ:
يانە مۇنداغ دېدى ھەبىبى ئىلاھ،
شاھلار بارەسىدە زىللۇللاھ.
— ن. زىيائى.

زىلھەججە [ذى الحجه] (ئە) «زۇلھەججە» گە قاراڭ.

زىمام [زمام] (ئە) 1 › يۈگەن، تىزگىن؛ 2 › ئىختىيار؛
زىمامى خىيال — خىيال تىزگىنى، پىكىر يۈگىنى:
كېتىپدۇر قولىدىن زىمامى خىيال،
بولۇپدۇر ئاڭا ئارزۇيى ۋىسال.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىمان [ضمان] (ئە) كېپىل؛ كېپىللىك؛ كېپىل بولۇش:
چۇ شەھ خەلق رىزقىغە بولمىش زىيان،
ئېرۇر ئارتۇق ئۆكسۈك يېتۈرمەك يامان.
— نەۋائى.

زىممە [ذمه] (ئە) مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، بۇرچ؛ قەرز:
ئەمما ئەل زىممەسىدە ئېردى ۋە ئون مىڭنى
ئەلگە كەچتى ۋە ئون مىڭنى ئالدى.
— نەۋائى.

زىمن [ضمن] (ئە) 1 › ئارا، ئوتتۇرا، ئىچ؛ ئارىسىدا، ئوتتۇرىسىدا، ئىچىدە؛
2 › مەقسەت، ئىستەك.

زىن [زين] (پ) ئىگەر:
كى ئەكسەر كۆنلەرى رەخش ئەيلەبان زىن،
ئالىپ كۆپ نەۋجەۋانى ئىلفەت ئايىن.
— ناقىس.

ۋەلەددىن رىزا بولماسا ۋالىدەين،
تاپالماس قىيامەت فەزاسىدە زەين.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىن پوش — يوپۇق، ئىگەرنىڭ يوپۇقى:
ئالىپ كەلدى مىنمەك ئۈچۈن ياخشى ئات،
كى زەررىنە، زىن پوش ئىدى قاتمۇ قات.
— ئا. نىزارى.

زىنا [زنا] (ئە) جىنسىي ئالاقە (ھارام، قانۇنسىز مۇناسىۋەت).

زىندان [زندان] (پ) 1 › قاماقخانا:
كى زىندان ئىچىدە گۇنەھكارلار،
كۆپ ئېردى ئىچىدە تەبەھكارلار.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 › قاراڭغۇلۇق، قاراڭغۇ جاي، زىندان:
ئىككىنچى دەفئە پادىشاھغە ئەرز قىلىپ چاھغە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاشلاڭلار دەپ بۇيرۇغانىمدا، زىنداندا ئىتنىڭ ۋەفادارلىقى بىرلە روزگار كەچۈرۈپ، يەنە بىر پەرتۇەش سەئيى بىرلە چاھدىن خەلاس بولۇپ، خاجە باشىدىن ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى مەلىكەغە تەئزىق قىلغانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) غەم، قايغۇ:

كۆز ئاقارىپ سىزغۇدەك بولدى كۆزنىڭ مەردۇمى،
گەرچە ئەيشى-راھەتىنى مېھنەتى زىندان قىلىپ.
— موللا سالىھ.

زىندان ئەھلى — مەھبۇسلار.

زىندانى [زندانی] (پ) قامالغان، مەھبۇس:

چىن دەپ كەلسە، ئانى ئەمدى،
ئەيلەي كۆكسۇمدە زىندانى.
— نەۋائى.

زىندە [زنده] (پ) تىرىك، جانلىق، ھاياتلىق:

ئايدى: ئەي مەردى خۇدا خۇب كەلدىڭىز،
بولدى ئۈچ يۈز يىل بىلىڭكىم، زىندە بىز.
— زەلىلى.

مۇنچە كىم زىندەلەرغە بەردى جان،
ئانى ئۆلتۈرمەيمىنكى قويدى ئەمان.
— ن. زىيائى.

زىندە پىلى — ھەيۋەتلىك پىل كەبى زور؛
زىندە پىلى دەمان — گەۋدىلىك، زور پىل، ھەيۋەتلىك پىل؛
زىندە دىل — دىلى روشەن، شاد، دىلىدا كىرى يوق، خۇش چاقچاق؛
زىندە قىلماق — تىرىلدۈرمەك، ھاياتلىق بەرمەك:

كىشىنى يوق ئەتمەك ئەگەرچە يەسىر،
ۋەلې زىندە قىلماق ئىرۇر كۆپ بەسىر.
— ئا. نىزارى.

زىندەئى پۇش — ياتلىق، تىرىكلىك كىيىمى، لىباسى:

زاھىرەن كەلدى گەرچە زەندەئى پۇش،
فىلھەقىقەت ئەمرى زىندەئى پۇش.
— ن. زىيائى.

زىندەئى جاۋىد — ئەبەدىي تىرىك.

زىندەكار [زندکار] (پ) تىرىكلىك، ھاياتلىق، ياشناش:

پادىشاھلار زىكرىدەكىم، ئەگەر ئادىل بولسە، ئەدالەت جۇيىبارىدىن لەب تەشنەلەرنى سىنىراب ئېتەر، ۋە گەر دادخاھلىق مۇددەئاسىغە ئۆزى ئامىل بولسە، لەتافەت سەرشارىدىن قۇرۇغان شەجەرلەرغە زىندەكارلىق ھاسىل قىلۇر.

— ن. زىيائى

**زىندەگان** [زندگان] °(پ) «زىندەگانىي» غا قاراڭ:

كى تەھسىلى ۋۇجۇھى زىندەگانلىغ،
زەرۇرەتدۇر كىشىكىم بولسە جانلىغ،
— ناقىس.

**زىندەگانىي** [زندگانى] (پ) هايات، ئۆمر، تىرىكلىك، تىرىكلىككە دائىر:

زۇلمەتكە سەۋادى گەر نىشانى ئېردى،
مەزمۇن ئاڭا ئابى زىندەگانىي ئېردى.
— نەۋائى.

**زىندىق** [زنديق] (ئە) دىنسىز، خۇداسىز، مۇناپىق:

هەر كىشىكىم ئەهلى سىدق، سىددىق بولۇر،
هەر كىشىكىم ئەهلى جەهل زىندىق بولۇر.
— خەراباتى.

**زىندىقە** [زنديقه] (ئە) خۇداسىز، دىنسىز ئايال:

مانىي نەققاشىنىڭ مىللەتىكىم زىندىقە ئېردى،
ئانىڭ زەمانىدە شائىئ بولدى.
— نەۋائى.

**زىنھار** [زنهار] (ئە) 1 › زىنھار، ئەسلا، هەرگىز، هېچ:

ئۆزۈڭنى شاد تۇتقىل، غەم يېمە دۇنيا ئۈچۈن زىنھار،
كى، بىردەم غەم يېمەككە ئەرزىمەس دۇنيايى فەرسۇدە.
— بابىر.

2 › ئىلتىجا، ئىلتىماس، يېلىنىپ سوراش:

زىنھار، ئەي مۇسافىر، شام ئولدى بىر دۇئا قىل،
رەددى بەلا دېدىلەر هەر سۇهبەتى خۇدايى.
— زەلىلى.

3 › ئېهتىيات بولۇش، ئاگاه بولۇش؛ دىققەت، هۇشيار:

هۇشيار بولۇپ بارما بەيابان سارى دەۋرىش،
بۇ ۋادەدە زىنھار.
يول كۆرگۈزۈر ئەلنىڭ ئۈنى ئاۋاز جەرەسدۇر،
چۇن سەيهەئى دۇلدۇل.
— زەلىلى.

4 › ئەلۋەتتە، چوقۇم:

ئۇنىڭ كويىدا قولۇڭنى دەفن ئەيلەگىل زىنھار،
كۆيۈپ فىراق ئوتىدا مەهزۇن ئۆلدى، ئەي ئەهباب.
— مەهزۇن.

**زىنھارۇ زىنھار** — زادى، هەرگىز:

ئايا، سەيدى سەنەملەر مەشرەبىندە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەمەنّ تۇتما ۋەفا زىنھارۇ زىنھار.
— سەيىد ئەھمەد.

**زېبە** [زە] (پ) 1› ئاپىرىن، تەھسىن؛ 2› كامانىنىڭ يىپى، كىرىچى؛ 3› قىرغاق، ساھىل، چەت؛ جىيەك؛
**زېبە ئاتماق** — 1› ئاپىرىن ئېيتماق، تەھسىن ئوقۇماق؛ 2› كاماندىن ئوق ئۈزمەك، ئاتماق؛
**زېبە قىلماق** — كامانىنىڭ يىپىنى تارتماق.

**زىھاف** [زحاف] (ئە) 1› قىسىرلاش، ئۆمىۈلەش؛ 2› ئارۇزدا بىر بەھر (ۋەزن) نىڭ بۆلەكلىرىدە بولىدىغان ئۆزگىرىش:

ئانىڭ شەرھى بۇدۇركى، ئول دىۋاندا
ھەر غەزەل باشىدا ئول غەزەل نە بەھردە ۋە
نە ۋەزىندە ئېركەنىن ۋە ئەركانىغە قايسى زىھاف
كىرىپ، نە نەۋّ تەغەييۇر تاپقانىن بىتكەيلەر.
— نەۋائى.

**زىھافات** [زحافات] (ئە) «زىھاف» نىڭ كۆپلۈكى، «زىھاف» قا قاراڭ.

**زېھن** [ذهن] (ئە) زېھىن؛
**زېھنۇ فىكرى** — زېھىن ۋە پىكىر. ئەقىل - ھوش:
راست يولدىن كىشىكى قىلدى خۇرۇج،
زېھنۇ فىكرى ھەۋاغە ئەتسە ئۇرۇج.
— ن. زىيائى.
**زېھنى سالىم** — ساغلام زېھىن.

**زىھى** [زهى] (پ) 1› ياخشى، ئوبدان، جايىدا، 2› گۈزەل، يېقىملىق، كۆڭۈلگە ياقىدىغان؛ 3› خۇددى، ئۆزى؛ تولىمۇ، ئەڭ؛ 4› قانداق، قانداقچە، ھەقىقەتەن:

زىھىكىم ئەنبەر ئەفشان كاكۇلۇڭ دەفئى خۇمار ئەيلەپ،
خەيالىڭ خىلۋەتىدە روزۇشەب ۋەقتىمنى قىلمىش چاغ.
— شەۋقى.

**زېھى ئازاد** — تولىمۇ ئازادە، ئاجايىب ئەركىن:
زىھى ئازاد تەبئ ئېرمىش سەبۇرى دوستلار بەسى،
غەرىبۇ خاكسار ئاشىق پەژمۇردەھال ئەسرو.
— سەبۇرى.

**زىھى دەۋا** — ئاجايىپ داۋا، ياخشى دارا، تولىمۇ شىپالىق:
رىزا، قەزاغە بەلاسىغە سەبرى كەلتۈرگىل،
كى ھەمچۇ يۇنۇسۇ ئەييۇب زىھى دەۋا ئۇچرار.
— شەۋقى.

**زىھى دەۋلەتلى** — نەقەدەر دۆلەتلىك، نېمە دېگەن بەختلىك:
زىھى دەۋلەتلى ئاشىقكىم سېنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت،
نە ئىشرەت، ئىشرەتى جەننەت، نەجەننەت، جەننەتى گەۋھەر.
— سەيفى سەرايى.

**زىھى سائىل** — ئاجايىپ تىلەمچى، بەختلىك سايىل:
ھەق تەرەفدىن ھەرنەكىم ئىزدەپ تاپىق بەخشىش ئەتا،
ئەي زىھى سائىل، زىھى بازىل، زىھى رىفئەت نىھاج.
— شەۋقى.

**زىھى شەفاۋەت** — قانداق بەختسىزلىك؛
**زىھى غافىل** — غاپىل، غەپلەتتە قالغان كىشى؛
**زىھى غەباۋەت** — قانداق ئەخمەقلىق؛
**زىھى لۇتف** — ئاجايىب ياخشىلىق، ئاجايىب مەرھەمەت:
زىھى لۇتفۇڭ نەسىمىدىن ئاچىلمىش بىر گۇلى رەئنا،
تەرەننۇم چەكتىلەركىم ھەر تەرەفدىن بۇلبۇلى شەيدا.
— شەۋقى.

**زىھى ئىشرەت** — نەقەدەر ئىشرەت، قانداق راھەت:
زىھى ئىشرەت سىنىڭ ئۆسرۈك كۆزۈڭگە،
كى گۇلزار ئىچرە خۇش مەجلىس تۈزۈپدۇر.
— ئەتائى.

**زىۋەر** [زيور] (پ) بىزەك، زىننەت:
بۇ زىۋەر بىرلە يۈزمىڭ گەنجى قارۇن،
كىلۇر قانچە كىشىگە ئانچە ئىفلاس.
— ئەرشى.

**زىۋەر بەرمەك** — بىزىمەك؛ بىزەتمەك؛
**زىۋەر تاپماق** — بىزەنمەك، ياسانماق؛
**زىۋەر كۆرگۈزمەك** — چىرايلىق كۆرۈنمەك.

**زىيا** [ضيا] (ئە) نۇر، يورۇقلۇق؛ روشەنلىك؛ پارلاق:
مۇھەببەت پەيزىدىن يەتكۈر دەمادەم تىيرە كۆڭلۈمگە،
كۆڭۈلدىن غەيرى زىكرىن ئەيلەگەي ئول نۇر زىيا پەيدا.
— ئابىد قۇمۇلى.

**زىيا ئەيلەمەك** — نۇرلاندۇرماق، يورۇتماق، روشەن قىلماق:
مىنى بۇ بەلادىن رەھا ئەيلەگىل،
مۇكەددەر دىلىمنى زىيا ئەيلەگىل.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زىيا تۇتماق** — يورۇتماق؛
**زىيايى چەشم** — كۆز روشەنلىكى:
نەھاجەت ھەججى ئەكبەر كاشقەر ئىچرە مەزارىم بار،
زىيايى چەشمىمە خاكى دەرىدىن سۇرمە زارىم بار.
— گۇمنام.

**زىياد** [زباد] (پ) ئارتۇق، كۆپ:
بولۇپ ئول كىشىدىن كۆڭۈل ئانچە شاد،
كى ئىنئام قىلدىم ئەدەددىن زىياد.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زىياد ئەتمەك — ئارتتۇرماق، كۆپەيتتۇرمەك؛
زىياد قىلماق — «زىياد ئەتمەك» كە قاراڭ.

**زىيادە** [زيادە] (ئە) ئارتىش، كۆپىيىش؛ ئارتۇق، كۆپ، ئارتۇقچە، ئارتۇقان:
زىيادە خۇش بولۇپ كەلدى يەقىنراق،
سەلام ئەتتى ئاڭا سۇلتانى ئافاق.
— ناقىس.

زىيادە ئەتمەك — «زىيادە ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
زىيادە ئەيلەمەك — كۆپەيتمەك، ئارتتۇرماق.

**زىيادەت** [زيادت] (ئە) «زىيادە» گە قاراڭ:
بولغان سارى زىيادە زىيادەت تەلەپ قىلۇر،
تويماس مۇرادى ھەر نەچە بولسا مۇيەسسەرى.
— سەبۇرى.

زىيادەت بولماق — ئارتماق، كۆپەيمەك.

**زىيارەت** [زيارت] (ئە) بىرەر شەخس ياكى بىرەر مەشھۇر جاينى بېرىپ كۆرۈش، زىيارەت:
زىيارەتكە سەبەبدۇر نېئمەتى كۇبراغە شۇكر ئەتمەك،
بەسەندەست «ئۇممەتۇن مۇزنىبەتۇن رەببۇن» غە فۇرمەزكۇر.
— شەۋقى.

**زىيارەتگاھ** [زيارتگاه] (ئە + پ) زىيارەت جايى، تاۋاپ قىلىنىدىغان مەشھۇر ئورۇن، زىيارەتگاھ:
قويۇپ تۇغ — ئەلەملەر مەزارەتگاھ،
بولۇپ ئىشق ئېلىگە زىيارەتگاھ.
— ئا. نىزارى.

**زىيارىز** [ضياريز] (ئە + پ) روشەنلىك؛ نۇر چاچقۇچى، يورۇتقۇچى:
گەھ يەسرىب ئۆزە بۇ بەرق ئىنىب تېز،
زۇلمەتقە ئەشىئەسى زىيارىز.
— نەۋائى.

**زىيافەت** [ضيافت] (ئە) مېھماندارچىلىق، مېھمان كۈتۈش، زىياپەت:
بۇ بىچارەلەرغە ئېھسانىت كېرەك،
بۇ ئەۋۋارەلەرگە زىيافەت كېرەك.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**زىيان** [زيان] (پ) زەرەر؛ چىقىم، زىيان:
بۇ تەدبىر بىرلە تاپارسەن ئەمان،
سېنى كۆرسە ھەركىم يەتۇرمەس زىيان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

زىيان قىلماق — زەرەر، زىيان كەلتۈرمەك.

**زىيان - بۇد** [زيان بود] (پ) زىيان — زەرەر:
نە نەۋۇ ئىش بىرلە تاپتى دىن ئىشى سۇد،

لە ئشدىن ئاخىرەت تاپتى زىيان ـ بۇد.
— نەۋائى.

زىيانزەدە [زيان زده] (پ) زىيان كۆرگەن، زىيان تارتقان:
فاسىق ۋە خەممار زىيانزەدە ۋە زىيانكار.
— نەۋائى.

زىيانكار [زيانكار] (پ) زىيان يەتكۈزگۈچى، بۇزغۇنچى.

زىيائ [ضياغ] (ئە) 1› يوقىتىش؛ يوقىلىش، نابۇت بولۇش:
قەرقەق ئاتەشىن بىلە ساقى نەۋبەھار ئىشق،
دەۋرى تەسەلسۇل ئەيلەمەك يەتكۈچە سىنماسۇن زىيائ.
— زەلىلى.

2› مۇلۇكلەر؛ تېرىلغۇ يەرلەر، «زەيئە» گە قاراڭ:
ۋە ئول خەلىلغە دېدىكىم، گۇۋاھ بولۇڭكىم،
ھەر نېمە مەندىن باردۇر زىيائ ۋە ئەملاكدىن،
بارىن ۋەقف قىلدىم.
— نەۋائى.

زىيب [زيب] (پ) 1› بېزەك، زىننەت:
بۇ ئالەم زىيبىدىن بولغىل مۇجەررەد،
فەنا ئەھلى قىلىپدۇرلار ئانى رەد.
— ئەرشى.

2› كۆرك، ھۆسن، چىراي؛ 3› پەرداز بېرىش؛ ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىش؛ 4› گۆزەل؛ گۆزەللىك:
ۋەرەق ھۆسن ئەھلى زىيبىغە تازۇتقان گۈلئۇزارىمدۇر،
ئەمەس كىرپىك كۆزۈم ئەترافى ئۆزرە رەشكى خارىمدۇر.
— گۇمنام.

زىيب ئەنگىز ـ گۆزەللىكى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان. گۆزەللىكى ئاپئاشكارا:
زىيب ئەنگىز شۇخى تۇركىيلەرنى،
كۆرۈپ رەشك ئەيلەگەي خۇبانى كابۇل.
— زەلىلى.

زىيب ئەملى ـ گۆزەللەر؛
زىيب بەرمەك ـ زىننەتلەمەك، بېزىنەمەك، گۆزەللەشتۇرمەك:
زىيب بېرىپ باشىدە مولۇن تۇماغ،
چېھرە مۇنەۋۋەر گەۋھەرى شەب چەراغ.
— زەلىلى.

زىيب تاپماق ـ بېزەلمەك، زىننەتلەنمەك؛
زىيب تۇتماق ـ «زىيب تاپماق» قا قاراڭ؛
زىيبۇ ئارايىش ـ «زىيبۇزەين» گە قاراڭ؛
زىيبۇ زەيىن ـ زىبۇ زىننەت ۋە پەرداز؛
زىيبۇ زىۋەر ـ «زىيبۇ زەين» گە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەن لەتافەت سۈيى بىرلە يۇغرۇلۇپدۇر سەن تەمام،
ئۆزگەلەرنىڭ ھۆسنى بولسا زىيبۇ زىۋەردىن لەتىف.
— ئاتايى.

زىيبۇ زىينەت — «زىيبۇ زەين» گە قاراڭ:

..............

زىيبۇ زىينەت، خەتتى خالىڭدىن تاپىپ سەھنى چەمەن،
— ئەرشى.

زىيبۇ فەر — بىزەك ۋە ھەشەم، بىزەك - ھەشەم:

فىراق ئۆتتى مەگەر بۇدۇر تىنىمدىن ھىچ ئەسەر قىلماس،
يۈزىن كۆرگەندە خۇرشىدى جەھانغە زىيبۇفەر قىلماس.
— قەلەندەر.

زىيبى ئالەم — ئالەم بىزەكى، ھۆسنى؛
زىيبى ئەلفاز — سۆزلەر بىزەكى؛
زىيبى پەر — زىبۇ زىننەت، ھەشەمەت، سۆلەت:
گەرد پەيما ھەم بولالماي سۇرئەتىڭ چاغى قەمەر،
مىزبان مىھمانلىغىڭگە بەردى چەندان زىيبى فەر.
— ئەرشى.

زىيبى تاجۇتەخت — تاجۇ تەخت بىزەكى
زىيبى تارەك — سەللە، كۇلاھ (باش كىيىم) بىزىكى؛
زىيبى دىۋانى مەلاھەت — گۈزەللىك دىۋانىنىڭ زىننىتى، بىزىكى:
مۇكەررەر مىسرەئىكىم، زىيبى دىۋانى مەلاھەتدۇر،
ئىكى فەرخۇندە بىسمىللاھ قاشىڭدىن ئىبارەتدۇر.
— مەشھۇرى.

زىيبى ئۇزار — چىرايىنى، يۈزنى بىزەش، پەرداز.

زىيبا [زیبا] (پ) 1) بىزەكلىك، زىننەتلىك، قىممەت باھا:
تەرىقى نەقشبەندى ئاڭلادىم زىيبا رەۋىشلىكدۇر،
كۆڭۈل مەستى ئىلاھى ئەل كۆزىدە پارسا بولماق.
— زەلىلى.
ئەي جەھانى ھۆسن زىيبالىق نىقابىڭ ئاستىدە،
دىلرەبائى ئاتى دەۋلەتلىق رىكابىڭ ئاستىدە.
— لۇتفى.

2) گۈزەل، چىرايلىق؛ مەشۇقە، مەھبۇبە:
باغ ئارا سەرۋى سەنەۋبەر قەددى گەر مەۋزۇن ئىرۇرە
نەۋ نىھالى قامەتىڭ يەڭلىغ ۋەلې زىيبا ئەمەس.
— ئەرشى.
جانىمە ئوت سالدى ئول رۇخسارەئى زىيبا يەنە،
كۆڭلىمە ئول زۇلفى بولدى مايەئى سەۋدا يەنە.
— بابىر.

زىيبا ئەرۋىش — گۈزەل كىيىن، كىيىنىچەك:

چۇن سەرامەد كەلدى ئەرلىكدە خۇرۇس،
هەق ئاڭا بەردى نەچە زىيبا ئەرۇس.
— نەۋائى.

**زىيبا بولماق** — گۈزەل، چىرايلىق بولماق؛ ياراشماق؛

**زىيبا جەبىن** — گۈزەل چېھرىلىك، چىرايى گۈزەل:
كىمكى كۆردى ئاي يۈزۈڭنى، ئەي مەھى زىيبا جەبىن،
تىشلەدى بارماقلارىنى قىلدى يۈزىڭ ئافەرىن.
— قەلەندەر.

**زىيبا چېھر** — خۇش چىراي، خۇشرۇي، گۈزەل، قاملاشقان؛

**زىيبا خۇي** — خۇش ئەخلاق، خۇي - مىجەزى ياخشى:
دەر ئىردى: ئەي رەفىقى زىيبا خۇي،
بولما مەندىن بۇ سۆزگە پاسۇخجۇي.
— نەۋائى.

**زىيبا سىرىشت** — گۈزەل تەبىئەتلىك، ياخشى خۇلقلۇق؛

**زىيبا گۇي** — ناتىق، سۆزمەن، سۆزگە ئۇستا؛

**زىيبالار** — 1) گۈزەللەر؛ گۈزەللىكلەر؛ ئاجايىباتلار:
مەخلۇقات زىيبالارى يوقلۇق خىلۋەتىدىن بارلىق
سەھراسىدە ئەربەدە ئاغاز قىلمايدۇر ئىردىلەر.
— ئەرشى.

2) يۇلتۇزلار:
شام زىيبالەرى قىلىپ زاھىر،
تۈن شەبىستانىدە بولۇپ سايىر.
— نەۋائى.

**زىيبايى تەخت** — تەختكە ياراشقان، شاھ بولۇشقا مۇناسىپ.

**زىيبال** [زيبال] (پ) ئىززەتلىك، شەرەپلىك؛ مۇبارەك:
بۇ ئىشغە ھەدىس ھەم ئىرۇر شاھى ھال،
كىم سابىت ئىرۇر كۇللى ئەمرىن زىيبال.
— نەۋائى.

**زىيبەندە** [زيبنده] (پ) لايىق، مۇناسىپ، ياراشقان؛ كېلىشكەن:
دەۋرى يۈزۈڭ ئۆزرە ئەنبەرىن خەت،
زىيبەندە نە قۇدرەتى خۇدادۇر.
— زەلىلى.

**زىيبەندەئى تاجۇ ئەۋرەڭ** — تاجۇ تەختكە ياراشقان.

**زىينەت** [زينت] (ئە) زىننەت، بېزەك:
خالكىم مەھبۇبلارنىڭ ھۇسنىگە زىينەت ئىرۇر،
بولماسا رەڭگى قارا ئول ھۇسن ئاچىلماس بەھار.
— تەجەللى.

**زىينەت ئەفزا** — بېزەك بەرگۈچى، زىننەت قىلغۇچى؛

www.uyghurkitap.com



زىننەت ئەفزاي — «زىننەت ئەفزا» غا قاراڭ:
... ئەرز قىلۇركىم، ئول چاغكى، خۇراسانى جەننەت
نىشان تەختى كۇراگانلىق رەۋاجى بىرلە زىننەت ئەفزاي
ۋە گوراگان فەرقى جەھانبانلىق تاجى بىرلە فەلەك فەرساي
ئېردى.
— قىدىرخان يەركەندى.

زىننەت ئەيلەمەك — «زىننەت بەرمەك» كە قاراڭ؛

زىننەت بەرمەك — بېزىمەك، زىننەتلىمەك:
ھۇسنىغە زىننەت بېرىپ قىلدى يۈرەكنى لەختە قان،
تۆكتى قانىم ساھىبى لۇئلۇئى مەرجانىمغە ئايت.
— خۇشھال غەرىبى.

زىننەت تاپماق — بېزەلمەك، زىننەتلەنمەك؛

زىننەت فىزاي — بېزىتىلگەن، زىننەتلەنگەن؛

زىننەتى باغ — باغنىڭ زىننىتى، باغنىڭ گۈزەلى؛ قىزىل گۈل:
سەبا ئايدى ئاڭا، ئەي زىننەتى باغ،
ساڭا قۇل تاپقالى جاندا ئىدى داغ.
— خىرقەتى.

زىننەتى دۇنيايى دۇن — مەككار دۇنيانىڭ زىننىتى، ھىيلىگەر جاھان-
نىڭ پەردازلىرى:
بولماغاي ھەرگىز گەدالەر ئەل ئالىندا ئېتىبار،
زىننەتى دۇنيايى دۇننى، ئەي قەلەندەر، زەر كېلىپ.
— قەلەندەر.

زىننەتى گۈلشەن — گۈلشەننىڭ گۈزەللىكى، گۈلشەننىڭ كۆركى؛
دامەنى سەھرا دېمەسلەر لالەزارى بولماسا،
زىننەتى گۈلشەن بېرۇرمۇ سەبزەزارى بولماسا.
— زەلىلى.

زىننەتى ھۇرى پەرى — ھۇر - پەرىلەرنىڭ زىننىتى:
تىشلەپ ئىلكىڭنى تەماشا قىلغۇچە رەسۋالىغىم،
زىننەتى ھۇرى پەرى ئول ھۇسنى گۇلزارىمغە باق.
— گۇمنام.

* *

# ژ

[زاله] (پ) 1) ھۆللۈك، شەبنەم؛ يامغۇر، مۆلدۈر، يامغۇرسىمان اله
مۇز پارچىلىرى:
تەۋەھھۇمدا باغرىم بولۇپ لالەدەك،
ئاقار ئېردى كۆزدىن ياشىم ژالەدەك.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
نەۋائىدەك نىشانە ئورنىغە باشىن تۇتار ئەرشى،

ئەگەر ئىشقىڭ ھەۋاسىدىن ياغار ھەر ژالە تاش ئولسۇن.
— ئەرشى.

ژالە ھىجران — ئايرىلىش ئازابى، جۇدالىق مۆلدۈرى:
ھەۋايى ئىشقىدىن باشىمغە ياققان ژالە ھىجراندۇر،
كى بۇ بارانغا ئاھىم گەردى بادى چۇنكى قالقاندۇر.
— ئا. نىزارى.

2 › ياش، كۆز يېشى، ياش تامچىلىرى؛ ياش ئۈنچىلىرى:
دېدى: كۆزدىن تۆكەرسەن دۇررى ژالە،
دېدى: ئىشقىڭ تېگىمپدۇر ئاھۇ نالە.
— خىرقەتى.

ژالەئى ناب — يالتىراق مۆلدۈر، مۇز پارچىلىرى.

ژەرف [زرف] (پ) چوڭقۇر، تېرەن؛ ئۇزۇن، ئۇزاق، بىپايان:
قايۇ قەترە سۇۋ بەلكى دەريايى ژەرف،
كى قىلمىش ئاڭا ھەق دەۋاتىمنى زەرف.
— ئەرشى.

دەريايى ژەرف — چوڭقۇر ۋە بىپايان دەريا؛ دېڭىز:
يانە بەردىلەر جىلۋە جامى شىگەرف،
تولا مەيدىن ئانداقكى دەريايى ژەرف.
— نەۋائى.

ژەندە [زنده] (پ) «جەندە» گە قاراڭ:
قامەتىڭ سەۋداسىدىن بولغاچ قەلەندەر سەۋركىم،
باشىدا شەكلى كۇلەھ، بەرگىدىن ئولدى ژەندەسى.
— ئەرشى.

ژەيان [زيان] (پ) غەزەپلىك، قەھرلىك، دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق؛
قەھرىدىن ئەر شىرى ژەيان كۆردى بىيم،
ئۇردى باشىن ئۇي سۇتى ئىچگەن يەتىم.
— نەۋائى.

شىرە ژەيان — قەھرلىك شىر، قورقۇنچلۇق مەخلۇق:
ئىشق كويىدە ئەگەر شىرى ژەياندۇر ئىتدۇر،
تاڭ يوق ئەر فەخرۇ مۇباھات ئىلە بۇ نۇقتە سۇرەي.
— نەۋائى.

قىلىپ ۋەھمە ئاندىن ھەمە مەردەمان،
قاچىبان دەۋۇدام، شىرى ژەيان.
— ئا. نىزارى.

ژولىدە [زوليده] (پ) پەرىشان، غەش؛ چۇۋۇق، چۇۋۇلغان، چېچىلغان، يېيىلغان؛

ژولىدە مو — چېچى يېيىق، چۇۋۇق، پاخماق چاچ:
ھويى بۇ ژولىدە مولاردىن چۇ دىلگىر ئولماغىمز،
زاھىر ئولماس زىينەتى شەھرى، قەلەندەر بولماسا.
— زەلىلى.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

## نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقى خاتىرلەندى

«بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ۋە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە 1991 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ زالىدا شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئاجايىپ گۈلتاجلىرىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر مەۋلانا ئەلىشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقىنى داغدۇغىلىق بىلەن خاتىرىلىدى. بۇ يىغىنغا ئۇرۇمچىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى - شائىر ۋە سەنئەتكارلار قاتناشتى. يىغىندا رەخمىتۇللا جارى، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق يولداشلار نەۋائى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مەمتىمىن يۈسۈپ، رەخىم قاسىم، بوغدا ئابدۇللا قاتارلىق يولداشلار نەۋائى غەزەللىرىنى ۋە نەۋائىغا بېغىشلانغان شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت ئورگىنى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن 1991 - يىلىنى «دۇنيا نەۋائى يىلى» قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەلىشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقى تۈرلۈك شەكىللەردە خاتىرىلەندى.

نەۋائى شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدىكى ئۇلۇغ نامايەندە ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى نەۋائىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ 15 - ئەسىردىن بۇيانقى مەشھۇر ئەدىب - شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

يىغىندا قەييۇم تۇردى، شۈكۈر يالقىن، ئىبراھىم مۇتىئى، مۇھەممەت تۇرسۇن — باھاۋىدىن قاتارلىق يولداشلار ئىختىيارى سۆز قىلىپ، نەۋائىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنى داۋاملىق نەشر قىلىپ، نەۋائى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاخىرىدا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى يېقىندا نەشر قىلغان نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىنى يىغىنغا سوۋغا قىلدى. نەۋائى غەزەللىرى سىيلىنغان «12 مۇقام» دىن پارچىلار ئورۇنلاندى. بۇ يىغىنغا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مائاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مۇھەممەت شاۋۇدۇن رىياسەتچىلىك قىلدى.

جۇرئەت كامىل

بسم الله الرحمن الرحیم

| | | | |
|---|---|---|---|
| الحمد لواهب العطایا عظیم | والشکر لمفضل البرایا کریم | رحمتی سیدین جاری قیلیب رحیم | گر گوزدی جهانی لطفیدین نعیم |
| ول نبی عرشگه صلوات وسلام | چون بولدی احمد قاییدا اول ماه تمام | گلمیش و اصحاب فرقانی کلام | چار یارلاریدور اول آخر تمام |
| بوبکر عمر عادل عثمان علی | هر برلاریدور صفا جیلبرار ... | کیم یاکی مانا حسن برله حسین | اول شیر خدا فاطمه نینک ایکی گل |

اما بعد ... جوهر شناس لاری لسان الماسی نوکی برله لقیلات جواهرین سفته ایلاب تقریر رشته
... دور ... عیان قیلیا قدا الحمد دیوانینه ترتیب برا ... واقعه معلومی ... خادم
... ادر ... بار ساوش و تقوای اندیش و عابد ... ملک ... دیانت ... فضل و دانش
عالم حکمت ... اینک ... دولت ... شادلیق ولایت کا ... آبادلیق ... اول درویش
... مقبل روشن دل ... شاه خاوران ... روشنالیق ... جهان

نظم

| | | | |
|---|---|---|---|
| ... الله ... | ... الکریم ... | ... | ... |
| ... اول ... | ... | ... | ... |
| ... عالم ... | ... اهل حکمت ... | ... | ... |

... اول پارسا عالم پناه ... اول ایردیم همیشه ...
... اتفاق و سایر خلق ... رفه ... خواندین ... شادلیق فخر الارفه ...

uyghurkitap.com







